ئەلفەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي

# بوستانۇل ئارىفىن

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئەلفەقىھ
ئەبۇللەيس
سەمەرقەندىي

بوستانۇل ئارىفىن

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

www.uyghurkitap.com

ئەلفەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي

# بستان العارفين

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەلفەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي

# بوستانۇل ئارىفىن

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئەلفەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي

# بوستانۇلئارىفىين

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ئابدۇلجېلىل تۇران

تەھرىرى : ئەتتار


تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

2016 – يىلى 11 – ئاي | ئىستانبۇل

ئالاقىلىشىش :

0090 - 5324144055

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تور ئادرىسى

# مۇندەرىجە

تەرجىماندىن ........ 13
بىرىنچى باب: ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەققىدە ........ 15
ئىككىنچى باب: ئىلىمنى يېزىپ تۇرۇش ھەققىدە ........ 19
ئۈچىنچى باب: پەتۋا ھەققىدە ........ 23
تۆتىنچى باب: پەتۋا بېرىشكە ھەقلىق كىشى ھەققىدە ........ 26
بەشىنچى باب: ئىختىلاپلار ھەققىدە ........ 29
ئالتىنچى باب: ھەدىسنىڭ مەنىسىنى رىۋايەت قىلىش ھەققىدە ........ 32
يەتتىنچى باب: ھەدىسنى رىۋايەت قىلىش ۋە بۇ ئىشقا ئىجازەت بېرىش ھەققىدە ........ 34
سەككىزىنچى باب: ئىلىمنى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئېلىش ھەققىدە ........ 37
توققۇزىنچى باب: مەۋئىزە مەجلىسلىرىنىڭ مۇباھلىقى توغرىسىدا ........ 39
ئونىنچى باب: ۋەزخاننىڭ ئەخلاقى ھەققىدە ........ 43
ئون بىرىنچى باب: ئاڭلىغۇچىنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە ........ 46
ئون ئىككىنچى باب: ئىلىم تەلەپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە فىقھىنى باشقا ئىلىملەردىن ئەۋزەل كۆرۈش ھەققىدە ........ 47
ئون ئۈچىنچى باب: ئىلىمدە مۇنازىرە قىلىش ھەققىدە ........ 50
ئون تۆتىنچى باب: تەلىم ئالغۇچىنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا ........ 53
ئون بەشىنچى باب: قازىلىقنى قوبۇل قىلىش ۋە قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا ........ 59
ئون ئالتىنچى باب: قازىنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا ........ 62
ئون يەتتىنچى باب: قۇرئاننى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش توغرىسىدا ........ 64
ئون سەككىزىنچى باب: «سەبئۇلمەسانىي» تەپسىرى ........ 70

ئون توققۇزىنچى باب: مەككە ۋە مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ھەققىدە ..................... 72
يىگىرمىنچى باب: بارائەت سۈرىسى ھەققىدە ............................................. 73
يىگىرمە بىرىنچى باب: رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاننى ئۇبەيي ئىبنى كەئبگە ئوقۇپ بەرگەنلىكى
ھەققىدە ........................................................................................ 75
يىگىرمە ئىككىنچى باب: شېئىر ۋە شېئىر ئوقۇش توغرىسىدا .................................. 77
يىگىرمە ئۈچىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە ئېيتىلغان
رىۋايەتلەر......................................................................................... 80
يىگىرمە تۆتىنچى باب: چۈش تەبىرى ھەققىدە ............................................... 83
يىگىرمە بەشىنچى باب: سالىھ چۈش ۋە چىرايلىق تەبىر توغرىسىدا ............................ 85
يىگىرمە ئالتىنچى باب: تىبابەت ۋە دەم سېلىش ھەققىدە..................................... 89
يىگىرمە يەتتىنچى باب: شىفا بەخش ئوزۇقلۇقلار ھەققىدە .................................... 93
يىگىرمە سەككىزىنچى باب: ئەرەب تىلىنى باشقا تىللاردىن ئەۋزەل كۆرۈش ھەققىدە........ 95
يىگىرمە توققۇزىنچى باپ: قۇرئاننىڭ يەتتە خىل ئوقۇلۇشى ھەققىدە ............................ 99
ئوتتۇزىنچى باب: قۇرئاننى تەپسىر قىلىش ھەققىدە........................................... 102
ئوتتۇز بىرىنچى باب: ياخشى مۇئامىلە ۋە ھەقلەرنى بىلىش ھەققىدە ............................ 105
ئوتتۇز ئىككىنچى باب: بۇرادەرلەرنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە................................. 107
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب: سالاملىشىش ھەققىدە .............................................. 110
ئوتتۇز تۆتىنچى باب: بالىلارغا سالام بېرىش ھەققىدە........................................ 114
ئوتتۇز بەشىنچى باب: زىممىيلەرگە سالام بېرىش ھەققىدە .................................. 116
ئوتتۇز ئالتىنچى باب: ئۆيگە كىرگەندە سالام بېرىش ھەققىدە.................................. 118
ئوتتۇز يەتتىنچى باب: مۇستەھەب بولىدىغان كىيىملەر ھەققىدە .............................. 120
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب: چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈش ھەققىدە ................................ 122
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب: كىيىش دۇرۇست بولغان ۋە دۇرۇست بولمىغان لىباسلار ھەققىدە ...... 125
قىرىقىنچى باب: كىيىمگە بەلگە قويۇش ھەققىدە.............................................. 128
قىرىق بىرىنچى باب: زىننەتلەردىن پايدىلىنىش ھەققىدە....................................... 130
قىرىق ئىككىنچى باب: قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيىش ھەققىدە................................. 132

ئۇيغۇر كىتاب يېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىرىق ئۈچىنچى باب: يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ھەققىدە ........ 134
قىرىق تۆتىنچى باب: گۆش يېيىش ھەققىدە ........ 136
قىرىق بەشىنچى باب: مۇرابىبا يېيىش ھەققىدە ........ 138
قىرىق ئالتىنچى باب: تائاملار ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەر ........ 140
قىرىق يەتتىنچى باب: سامساق يېيىش ھەققىدە ........ 142
قىرىق سەككىزىنچى باب: مۇرۇۋۋەت ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەر ........ 144
قىرىق توققۇزىنچى باب: ئەقىل ھەققىدىكى سۆزلەر ........ 148
ئەللىكىنچى باب: ئەدەب ھەققىدە ........ 150
ئەللىك بىرىنچى باب: تاھارەت ۋە ناماز ئەدەبلىرى ........ 152
ئەللىك ئىككىنچى باب: ئۇخلاشنىڭ ئەدەبلىرى ھەققىدە ........ 157
ئەللىك ئۈچىنچى باب: غىزالىنىش ئەدەبلىرى ھەققىدە ........ 159
ئەللىك تۆتىنچى باب: چاقىرىققا جاۋاب قىلىش ........ 165
ئەللىك بەشىنچى باب: زىياپەت ئەدەبلىرى ھەققىدە ........ 168
ئەللىك ئالتىنچى باب: چىش كولاش ھەققىدە ........ 172
ئەللىك يەتتىنچى باب: ئىچىش ئەدەبلىرى ........ 174
ئەللىك سەككىزىنچى باب: ئوڭ تەرەپنى چەپ تەرەپتىن ئەۋزەل بىلىش ھەققىدە ........ 176
ئەللىك توققۇزىنچى باب: مەنزىلدىن چىقىش ۋە ھەمراھلىق قىلىش ھەققىدە ........ 178
ئاتمىشىنچى باب: ئىلىم ـ سىتىم ھەققىدە ........ 180
ئاتمىش بىرىنچى باب: ۋالىيلارغا ئىتائەت قىلىش ھەققىدە ........ 184
ئاتمىش ئىككىنچى باب: ئەمىرلەردىن ( ھەدىيە ) ئېلىش ھەققىدە ........ 187
ئاتمىش ئۈچىنچى باب: باشقىلارنىڭ ئۆيىي ئىچىگە قاراشتىن چەكلەش ھەققىدە ........ 190
ئاتمىش تۆتىنچى باب: تۆھمەتكە قېلىشتىن چەكلەش ھەققىدە ........ 192
ئاتمىش بەشىنچى باب: مۇلايىم بولۇش ھەققىدە ........ 194
ئاتمىش ئالتىنچى باب: ھاسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ........ 197
ئاتمىش يەتتىنچى باب: مۇئمىن كىشىدىن دۇنيانىڭ كېتىشى ھەققىدە ........ 198
ئاتمىش سەككىزىنچى باب: قىيامەت ئالامەتلىرى ........ 200

ئاتمىش توققۇزىنچى باب: ئۆلچەملىك گەپ قىلىش ھەققىدە ........................................ 202
يەتمىشىنچى باب: رەسىم سىزىشتىن چەكلەش ھەققىدە ........................................ 205
يەتمىش بىرىنچى باب: زىناكار ئايالغا ئۆيلىنىش ھەققىدە ........................................ 207
يەتمىش ئىككىنچى باب: كەمبەغەللىنىش بايى كىشىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ...... 209
يەتمىش ئۈچىنچى باب: قەرز سوراش ھەققىدە ........................................ 214
يەتمىش تۆتىنچى باب: ئەزلى ھەققىدە ........................................ 216
يەتمىش بەشىنچى باب: ئۆلۈك يىغىنلىرىنىڭ يىغىسى تۈپەيلى ئازابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ...... 218
يەتمىش ئالتىنچى باب: مېيىت ئۈچۈن يىغلاش ھەققىدە ........................................ 220
يەتمىش يەتتىنچى باب: پەزىلەت ۋە شەرەپ ئەھلىنى ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە ............ 222
يەتمىش سەككىزىنچى باب: رەشىك ھەققىدە ........................................ 225
يەتمىش توققۇزىنچى باب: سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ھەققىدە ........................................ 227
سەكسىنىنچى باب: شاپائەت ( ياردەم ) ھەققىدە ........................................ 230
سەكسەن بىرىنچى باب: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ........................................ 232
سەكسەن ئىككىنچى باب: كىچىك بالىنى سۆيۈش ھەققىدە ........................................ 235
سەكسەن ئۈچىنچى باب: داپ چېلىش ( ناغرا چېلىش ) ھەققىدە ........................................ 237
سەكسەن تۆتىنچى باب: ياخشىلىققا بۇيرۇش ھەققىدە ........................................ 240
سەكسەن بەشىنچى باب: نىكاھ ھەققىدە ........................................ 243
سەكسەن ئالتىنچى باب: كەسىپ - كار توغرىسىدا ........................................ 245
سەكسەن يەتتىنچى باب: تېبابەت ھەققىدە ........................................ 248
سەكسەن سەككىزىنچى باب: ئورۇقلۇقلاردىن بەدەنگە زەرەر بېرىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش ھەققىدە ........................................ 251
سەكسەن توققۇزىنچى باب: جىما ھەققىدە ........................................ 256
توقسىنىنچى باب: ھاماماغا كىرىش ھەققىدە ........................................ 259
توقسان بىرىنچى باب: قان ئالدۇرۇش ھەققىدە ........................................ 261
توقسان ئىككىنچى باب: ھاجەت قىلىش ئەدەبلىرى ھەققىدە ........................................ 264
توقسان ئۈچىنچى باب: يالغۇزلۇقنىڭ مەكرۇھلىقى ھەققىدە ........................................ 266

توقسان تۆتىنچى باب: كىرامەن، كاتىبىن ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەر........ 268

توقسان بەشىنچى باب: چېكەتكىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە........ 271

توقسان ئالتىنچى باب: مەسجىدنى بېزەش ھەققىدە........ 273

توقسان يەتتىنچى باب: مەسجىدكە تۈكۈرۈشنىڭ مەكرۇھلىقى ھەققىدە........ 276

توقسان سەككىزىنچى باب: مۇگدەك باسقان كىشىنىڭ نامىزىنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا........ 278

توقسان توققۇزىنچى باب: ئىلمۇ ئەدەب ھەققىدە........ 279

يۈزىنچى باب: ئۈزۈك تاقاش ھەققىدە........ 282

بىر يۈز بىرىنچى باب: ئۈزۈككە نەقىش قويۇش ۋە ئۇنىڭغا خەت يېزىش ھەققىدە........ 285

بىر يۈز ئىككىنچى باب: دارىتما گەپ قىلىش ھەققىدە........ 287

بىر يۈز ئۈچىنچى باب: سالام خەت يېزىش ھەققىدە........ 289

بىر يۈز تۆتىنچى باب: ھەزىل ـ چاخچاق ھەققىدە ئېيتىلغان گەپلەر........ 292

بىر يۈز بەشىنچى باب: پايدىلار ھەققىدە........ 294

بىر يۈز ئالتىنچى باب: دۇنيادا ئىككى قېتىم ئەرگە تەگكەن ئايال ھەققىدە........ 298

بىر يۈز يەتتىنچى باب: مۇشرىكلارنىڭ باللىرى ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەر توغرىسىدا........ 300

بىر يۈز سەككىزىنچى باب: پەيغەمبەرلەر زىكرى ھەققىدە........ 302

بىر يۈز توققۇزىنچى باب: ئاللاھ تەئالا ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە........ 313

بىر يۈز ئونىنچى باب: ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە........ 315

بىر يۈز ئون بىرىنچى باب: جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ئىسملىرى ھەققىدە........ 319

بىر يۈز ئون ئىككىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى، پەرزەنتلىرى ۋە ئاياللىرى ھەققىدە........ 324

بىر يۈز ئون ئۈچىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرىنىڭ ناملىرى ھەققىدە........ 328

بىر يۈز ئون تۆتىنچى باب: مۇستەھەب بولغان ئىسملار ھەققىدە........ 331

بىر يۈز ئون بەشىنچى باب: كۈنلەر ۋە ئايلارنىڭ زىكرى ھەققىدە........ 335

بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب: ئىنسان تەبىئىتى ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدە........ 339

بىر يۈز ئون يەتتىچى باب: سۇ ئۈزۈش، چەۋەندازلىق ۋە مەرگەنلىك ھەققىدە........ 342

بىر يۈز ئون سەككىزىنچى باب: ئىت بېقىشتىن چەكلەش ھەققىدە........ 343




www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر يۈز ئون توققۇزىنچى باب: يوق بولۇپ كەتكەن ھايۋانلار ھەققىدە ........................ 345
بىر يۈز يىگىرمىنچى باب: ئىمان ھەققىدە .................................. 348
بىر يۈز يىگىرمە بىرىنچى باب: ئىماننىڭ زىيادە بولۇشى ياكى بولماسلىقى ھەققىدە .......... 351
بىر يۈز يىگىرمە ئىككىنچى باب: ئىمان ئەمەلمۇ ياكى ئىقرارمۇ ......................... 354
بىر يۈز يىگىرمە ئۈچىنچى باب: ئىمان مەخلۇقمۇ، مەخلۇق ئەمەسمۇ؟ ...................... 357
بىر يۈز يىگىرمە تۆتىنچى باب: قۇرئان ھەققىدىكى سۆزلەر ........................... 359
بىر يۈز يىگىرمە بەشىنچى باب: ئاللاھنى كۆرۈش ھەققىدە ............................ 362
بىر يۈز يىگىرمە ئالتىنچى باب: ساھابىلەر ھەققىدە قانداق گەپ قىلىش لازىم؟ .............. 364
بىر يۈز يىگىرمە يەتتىنچى باب: تەقدىر ھەققىدە ................................... 367
بىر يۈز يىگىرمە سەككىزىنچى باب: راپىزىيلار ھەققىدە ............................. 369
بىر يۈز يىگىرمە توققۇزىنچى باب: ناماز ۋاقتىدا تاماق ھازىر بولۇشى ھەققىدە .............. 370
بىر يۈز ئوتتۇزىنچى باب: سەپەردىن كېچىسى قايتىشنىڭ مەكرۇھلىقى ھەققىدە ................ 371
بىر يۈز ئوتتۇز بىرىنچى باب: يامغۇر ياغقاندا ئۆلاغنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش ھەققىدە ......... 372
بىر يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى باب: قوڭغۇراقنىڭ مەكروھلىقى ھەققىدە ...................... 374
بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى باب: تەزىيە بىلدۈرۈش ھەققىدە .............................. 375
بىر يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى باب: مۇسابىقىلىشىش ھەققىدە ............................... 376
بىر يۈز ئوتتۇز بەشىنچى باب: شېرىنلىك چېچىش ھەققىدە ............................. 378
بىر يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى باب: ھەدىيە ئېلىش ۋە بېرىش ھەققىدە ........................ 380
بىر يۈز ئوتتۇز يەتتىنچى باب: چۈشكۈرگۈچىگە تەشمىت ئېيتىش توغرىسىدا .................. 383
بىر يۈز ئوتتۇز سەككىزىنچى باب: ئىنسانلار بىلەن مۇرەسسە قىلىش ھەققىدە ................ 385
بىر يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى باب: ھېكمەتلىك سۆزلەر ھەققىدە .......................... 387
بىر يۈز قىرىقىنچى باب: ئىمارەتلەر، بىنالار ھەققىدە ................................ 392
بىر يۈز قىرىق بىرىنچى باب: كۇفر ئەھلى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە ................. 394
بىر يۈز قىرىق ئىككىنچى باب: ناشتىنى ئەتكەن قىلىش ھەققىدە ......................... 396
بىر يۈز قىرىق ئۈچىنچى باب: ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە .......................... 398
بىر يۈز قىرىق تۆتىنچى باب: ئۆرە تۇرۇپ سىيىش ھەققىدە ............................. 402

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى

بىر يۈز قىرىق بەشىنچى باب: ھايۋانلارنى پىچىش ھەققىدە ............ 404
بىر يۈز قىرىق ئالتىنچى باب: خۇپتەندىن كېيىن سۆھبەت قىلىش ھەققىدە ............ 406
بىر يۈز قىرىق يەتتىنچى باب: قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ سانى ھەققىدە ............ 408
بىر يۈز قىرىق سەككىزىنچى باب: قۇرئان ئايەتلىرى ۋە كەلىمىلىرىنىڭ ئەددىدى ھەققىدە ............ 409
بىر يۈز قىرىق توققۇزىنچى باب: قۇرئان ھەرپلىرىنىڭ سانى ھەققىدە ............ 410
بىر يۈز ئەللىكىنچى باب: مۇئەللىملەرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ............ 411
بىر يۈز ئەللىك ئىككىنچى باب: ئاز يېيىش ھەققىدە ............ 415
بىر يۈز ئەللىك ئۈچىنچى باب: تەھىييە __ سالاملىشىش ھەققىدە ............ 418
بىر يۈز ئەللىك تۆتىنچى باب: نىكاھ ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەر ............ 420
بىر يۈز ئەللىك بەشىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىينىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ............ 424
بىر يۈز ئەللىك ئالتىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى ھەققىدە ............ 428
بىر يۈز ئەللىك يەتتىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى ھەققىدە ............ 431
بىر يۈز ئەللىك سەككىزىنچى باب: مەكرۇھ نەرسىلەر ھەققىدە ............ 447
بىر يۈز ئەللىك توققۇزىنچى باب: دۇئالار ھەققىدە ............ 449

www.uyghurkitap.com

# تەرجىماندىن

بوستانۇلئارىفىن ناملىق مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇر قاراخانىيلار زامانىدا ياشىغان سەمەرقەندلىك ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان دىداكتىك ئەسەر بولۇپ، ئەسەر ئەدەپ – ئەخلاق، ئىبادەت ۋە پىقھىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان.

مەزكۇر كىتاب ئەينى زامانىنىڭ ئىلمىي تىلى ھېسابلانغان ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ داڭلىق كۇتۇپخانىلىرىدا ھەرخىل قول يازما نۇسخىلىرى ساقلانغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىدە خىلمۇ خىل باسما نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە كەڭ تارقالغان.

مەزكۇر كىتاب 156 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، كىتابنىڭ ھەر بىر بابىغا مۇناسىۋەتلىك قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى دەلىل كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ سىرتىدا، قەدىمكى مۇسۇلمان ھەكىم ۋە ئالىملارنىڭ پەندى – نەسىھەتلىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە سەھىھ ھەدىسلەر بولغىنىدەك، سەھىھلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن زەئىپ ھەدىسلەرمۇ بار.

كىتاب ئىنسانلارنى ئىلىم – مەرىپەتكە، ئېسىل ئەخلاققا، ئالىي پەزىلەتكە، رىياكارلىقتىن خالىي بولۇشقا، ھالال ياشاشقا، ئىخلاسمەنلىككە، راستچىللىققا، سەممىيلىككە، تەقۋادارلىققا، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئاللاھقا يېقىن قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ.

كىتاب مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تەسەۋۋۇپ، ئەخلاق، ۋەز – نەسىھەت بابىدا كىتاب يازماقچى بولغان مۇئەللىپلەر ئۈچۈن بىرىنچى قول پايدىلىنىش مەنبەئى بولۇپ كەلمەكتە.

كىتابنى بۇ قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇشتا قاھىرەدە «مەنار» نەشرىياتى تەرىپىدىن يىلنامىسىز بېسىلغان ئەرەبچە نۇسخىسى بىلەن 2010 – يىلى بەيرۇتتا بېسىلغان ئەرەبچە نۇسخىسى ۋە تۈركچە، ئۆزبېكچە تەرجىمىلىرى كۆز ئالدىمىزدا بولدى.

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب: ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: بىلگىنكى، ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايالغا دىن ئىشلىرىدا موھتاج بولىدىغان تاھارەت، ناماز ۋە شەرىئەتنىڭ باشقا ھۆكۈملىرىدە ھاياتىي ئىشلىرىدا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى بىلىدىغان مىقداردا ئىلىم ئۆگىنىشى پەرزدۇر. ئۇندىن ئارتۇقى پەرزى ئەيىن (ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆگىنىشى شەرت) ئەمەس، بەلكى پەزىلەتتۇر، ئۇنى تەرك قىلسىمۇ، زىيىنى يوق. يىغىپ ئېيتقاندا، كىشى ئۆزى موھتاج بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىلمىنى تەھسىل قىلىشى پەرز. چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«ئەگەر بىلمەيدىغان بولساڭلار، ئەھلى ئىلىملەردىن سوراڭلار.» (نەھل سۈرىسى 43 - ئايەت)، دەيدۇ. يەنە بىر ئايەتتە:

«ئۇلار يەنە: ‹ئەگەر ئاڭلاپ، ئەقىل يۈرگۈزگۈچى بولغىنىمىزدا، دوزاخ ئىگىلىرى قاتارىدا بولماس ئىدۇق›، دەيدۇ.» (مۈلك سۈرىسى 10 - ئايەت)، دېگەن. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك دوزاخ ئەھلىدىن بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

مەكھۇل ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر

مۇسـۇلمان ئـەر ۋە ئايالغـا پـەرز»، دېگـەن. يەنــە بــر ھەدىســتە: «ئىلمنــى، گەرچــە چىنــدا بولســمۇ، تەلــەپ قىلىــڭلار»، دېيىلــدۇ.

ئابدۇلــلاھ ئىبنــى مەسـئۇد رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ: «ئىلــم يوقلىشــدىن بــۇرۇن ئۇنــى مەھكــەم تۇتــۇڭلار، ئىلمنــڭ يوقلىشــى ئىلــم ساھبلرىنىڭ دۇنيادىــن كېتىشــدۇر. ئىلمنــى مەھكــەم تۇتــۇڭلار، چۈنكــى ھېــچ كىــم قاچــان ئۇنىڭغــا موھتــاج بولۇشــىنى بىلمەيــدۇ»، دېگــەن. كېيىنكــى كىشــلەر ئادەتتىــن تاشـقىرى ئىلــم ئېلىــش ھەققــدە گــەپ قىلىشــدۇ. بەزىلــەر: «ئەگــەر كىشــى ئــۆزى موھتــاج بولىدىغــان مىقــداردا ئىلــم ئالســا، ئۇنىڭغــا ئەمــەل قىلىــش بىلــەن مەشـغۇل بولۇشــى ۋە ئىلــم ئېلىشــنى تــەرك قىلىشــى لازىــم»، دېــدى. يەنــە بەزىلــەر: «كىشــنىڭ ئارتۇقچــە ئىلــم بىلــەن مەشـغۇل بولۇشــى ئۇنــڭ پــەرز ئەمەللىرىگــە نۇقســان يەتمىســە ئەۋزەلــدۇر»، دېيىشــتى. شــۇ ســۆز توغــرا ســۆز. ئاۋۋالقــى تائىپەنــڭ ھۆججتــى جەئفــەر ئىبنــى بۇرھــان مەيمــۇن ئىبنــى مىھراندىــن، ئــۇ ئەبــۇ دەردادىــن قىلغــان رىۋايەتتــە ئــۇ زات ئېيتىدۇكــى: «بىلمەيدىغــان كىشــگە بــر قېتــم ۋەيــل بولســۇن، بىلىــپ تــۇرۇپ ئەمــەل قىلمىغانىغـا يەتتــە قېتــم ۋەيــل بولســۇن.»

فۇزەيــل ئىبنــى ئىيــاز ئېيتىــدۇ: «كىــم بىلگــەن نەرســىگە ئەمــەل قىلسـا، ئالــلاھ ئۇنىڭغــا بىلمەيدىغــان نەرسـىلىرنىمۇ ئۆگىتىــپ قويىــدۇ، چۈنكــى ئەمــەل ئــۆزى ئۈچــۈن، ئىلمدىــن ئارتــۇق ئىلــم تەلــەپ قىلىــش باشـقىلار ئۈچۈنــدۇر، نەفسـىنىڭ ئىشـلىرى بىلــەن مەشـغۇل بولــۇش مۇھىمراقتــۇر، چۈنكــى بــۇ ئۇنــڭ بوينىدىكــى ۋەزىپىــدۇر.»

ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

«ئېيتـىڭ: ‹بىلىدىغانـلار بىلـەن بىلمەيدىغانـلار بـاراۋەر بولامـدۇ؟!›» (زۇمـەر سۈرىسـى 9 - ئايـەت). مۇپەسسـىرلەر بـۇ ئايەتنـى «ئۆلىمالارنىڭ فۇقەھالـىرى بولۇشلار»، دەپ تەپسـىر قىلىشـىدۇ. سـەۋبان پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامدىن رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ئىلىمنىـڭ پەزىلىتـى ئەمەلدىـن ياخشـىراقتۇر. سـىلەرنىڭ دىنىڭلارنىڭ ئىگىسـى تەقـۋادۇر.»

ھەسـەن بەسـرىي (رەھىمەھۇلـلاھ): «بىـر كىشـى ئىلـىم ئۆگىنىـپ، كېيىـن ئۇنـى باشـقىلارغا ئۆگىتىشـىمۇ ئەمـەل ھېسـابلىنىدۇ»، دېگـەن.

ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ: «كېچىسـى بىـر سـائەت ئىلـىم ئۆگىنىـش كېچىسـى ئىبـادەت قىلىـپ چىقىشـتىن ئاللاھقـا تېخىمـۇ سـۆيۈملۈكتۇر»، دېگەنلىكـى رىۋايـەت قىلىنغـان.

ئـەۋف ئىبنـى ئابدۇلـلاھ ئېيتىـدۇ: «بىـر كىشـى ئەبـۇ زەر غىفارىيغـا كېلىـپ: ‹مـەن ئىلـىم ئېلىشـنى خاھلايمـەن، لېكـىن ئۇنـى زايـا قىلىۋېتىشـتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمـەل قىلماسـلىقتىن قورقىمـەن›، دېـدى.» ئەبـۇ زەر غىفارىـي: «بېشـىڭغا ئىلىمنـى قويۇشـۇڭ (بويىنۇڭغـا ئېلىشـىڭ) جاھىللىقنـى قويۇشـىڭدىن تېخىمـۇ ياخشـىدۇر»، دېـدى. كېيىـن ئـۇ كىشـى ئەبـۇ دەردائنـىڭ ھۇزۇرىغـا بېرىـپ، ئـۇ زاتتىنمـۇ شـۇ نەرسـىنى سـورىدى. ئەبـۇ دەردا: «ئىنسـانلار قەبرىلىرىدىـن ئۆلگـەن ھالىتىگـە كـۆرە تىرىلدۈرۈلـىدۇ، ئالـىم ئالـىم بولـۇپ، جاھـىل جاھـىل بولـۇپ تىرىلدۈرۈلـىدۇ»، دېـدى. كېيىـن ئەبـۇ ھۇرەيرەگـە بېرىـپ، ئـۇ زاتتىنمـۇ شـۇ ھەققتـە سـورىدى. ئەبـۇ ھۇرەيـرە ئۇنىڭغـا: «ئىلىمنـى ئۆگەنمەسـلىكنىڭ ئـۆزى ئۇنـى زايـا قىلىشـتۇر»، دەپ جـاۋاب بـەردى.

ئەلـى ئىبنـى ئەبـۇ تالىـپ رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «ئىنسـانلار ئىككـى

تائىپــەدۇر: بىرسـى ئالىمـى رەببانىـي ۋە نىجـات تېپىــش ئۈچـۈن ئىلىــم ئالىدىغان تالىــپ. يەنــە بىرسـى، ئــاۋام خەلــق بولـۇپ، هــەر قانـداق دەۋەتچىگە ئەگىشـىپ، هــەر قانــداق شـامالغا ئەگىشىۋېرىــدۇ.»

ئۆلىمــالار دۇنيــا فانىــي بولغۇچــە تۇرىــدۇ، گەرچــە ئۆزلــىرى بولمىســىمۇ، قەلبلىــەردە ســيمالىرى ياشــاۋىرىدۇ. چۈنكــى ئەمەلنىــڭ پايدىســى پەقــەت كىشــىنىڭ ئۆزىگــە، ئىلىمنىــڭ مەنپەئىتــى بولســا، ئۆزىگــە ۋە باشــقىلارغا. دېمــەك، ئىلىــم ئەمەلدىــن ئــەۋزەل ئىكــەن، چۈنكى پەيغەمبــەر ئەلەيهىسســالام: «ئىنســانلارنىڭ ئــەڭ ياخشىســى ئىنســانلارغا كۆپــرەك مەنپەئىتــى تېگىدىغــان كىشــىدۇر»، دېگــەن.

رىۋايــەت قىلىنىشــىچە، بىــر كىشــى رەســۇلۇللاھ ئەلەيهىسســالامدىن: «ئەمەللەرنىــڭ قايىســى بىــرى ئەۋزەلرەك؟» دەپ ســورىدى. رەسـۇلۇللاھ: «ئىلىم»، دېــدى. ئــۇ كىشــى ئىككىنچــى، ئۈچىنچــى قېتىــم ســورىدى. رەسـۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئاۋۋالقىــدەك جــاۋاب بــەردى. شــۇ چاغــدا ئــۇ كىشــى: «ئــى رەســۇلۇللاھ، ســىزگە ســالاملار بولســۇن، مــەن ئەمــەل هەققىــدە ســوراۋاتىمەن»، دېــدى. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيهىسســالام: «ئاللــاھ ئەمەللەرنــى ئىلىمســىز قوبــۇل قىلامــدۇ؟» دېــدى.

يەنــە رىۋايــەت قىلىنىدۇكــى، رەســۇلۇللاھ ئەلەيهىسســالام: «بەنــدە ســەدىقە قىلىدىغــان نەرســىنىڭ ئــەڭ ئەۋزىلــى ئىلىــم ئۆگىنىشــى، كېيىــن ئۇنــى ئۆزىدىــن باشــقىلارغا ئۆگىتىشــىدۇر»، دېــدى. بــۇ هەقتــە هەدىســلەر كــۆپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# ئىككىنچى باب: ئىلىمنى يېزىپ تۇرۇش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس (رەھمەھۇللاھ) ئېيتىدۇ: بەزى ئىنسانلار ئىلىمنى يېزىشنى مەكرۇھ كۆرىدۇ. ئەمما ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى مۇباھ دېيىشىدۇ. مەكرۇھ دېگەن كىشىلەرنىڭ ھۆججىتى ھەسەن بەسرىي رىۋايەت قىلغان ئۇشبۇ ھەدىستۇر: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، يەھۇدىي ۋە ناسارالار بەزى رىۋايەتلەرنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى يېزىۋالايلىمۇ؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ زاتقا شۇنداق قارىدى، يۈزىدە غەزەپ بىلىنىپ تۇراتتى، كېيىن: ‹يەھۇدىي ۋە نەسرانىيلار خالتا كوچىغا كىرىپ قالغاندەك، سىلەرمۇ قېيىن ئەھۋالغا چۈشمەكچىمۇ؟ مەن سىلەرگە پارلاق يولنى كەلتۈردۇم. ئەگەر مۇسا تىرىك بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى›، دېدى.»

ئەتا ئىبنى يەسار ئەبۇ سەئىد خۇدرىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئىلىمنى يېزىش ھەققىدە ئىزنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئىزنى بەرمىگەن.

ئىبنى مۇسلىم ئېيتىدۇ: ئىبنى ئابباس يېزىشتىن چەكلەپ: «سىلەردىن ئالدىنقى قەۋملەر كىتابەت سەۋەبلىك ئاداشقان»، دەيدۇ.

ئىبنى ئەبۇ داۋۇد ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى

مەسئۇدنىڭ شاگىرتلىرى ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: ‹سىزدىن ئىلىم يېزىۋالغان ئىدۇق، كۆرستەيلىمۇ؟ ›، دېيىشتى. ئابدۇللاھ: ‹بولىدۇ›، دېدى. كېيىن كىتابنى كۆرسەتكەندە، كىتابنى ئالدى ۋە ئۇنى سۇ بىلەن يۇيۇپ، قايتۇرۇپ بەردى.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا سەۋەب ئۇلار ئەگەر كىتاب يېزىشسا، يېزىشقا بېرىلىپ قېلىپ، يادلاشنى تاشلاپ قويىدۇ. چۈشەنمىگەن ئادەم كىتابقا مۇراجىئەت قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئىلمى يوقىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى كىتابتا ئارتۇقچە نەرسىلەر ھەمدە كەمچىلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كىتابقا قوشۇش ۋە ئۇنىڭدىن چىقىرىپ تاشلاش مۇمكىن. ياد ئېلىنغان نەرسىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ياد ئالغان كىشى بىلگىنىنى سۆزلەيدۇ. كىتابتىن ئۆگەنگەن كىشى ياد ئالماستىن، گۇمان بىلەن خەۋەر بېرىدۇ.

كىتابەت ـــ يېزىش جائىز دېگەن كىشىلەرنىڭ ھۆججىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە مەندىنمۇ كۆپ ھەدىس بىلىدىغانلار يوق، ئەگەر بولسا ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردۇر. چۈنكى ئۇ يېزىپ ئالاتتى، مەن يازماس ئىدىم.» دەيدۇ.

ئىبنى جۇرەيج ئىبنى مەرۇر ئېيتىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، بىز سىزدىن ھەدىسلەرنى ئاڭلايمىز، ئۇنى يېزىپ تورايلىمۇ؟› دەپ سورىغان. رەسۇلۇللاھ ‹بولىدۇ›، دېگەن. مەن: ‹خۇرسەن بولغان ۋە غەزەپلەنگەن چېغىڭىزدىمۇ شۇنداق قىلامدۇق؟› دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹ھەئە،

www.uyghurkitap.com

چۈنكى مەن ئىككىلا ھالەتتە پەقەت ھەقنى سۆزلەيمەن›، دېگەن.»

مۇئاۋىيە ئىبنى ھۇررا: «كىمكى ئىلىمنى يازمىسا، ئۇنىڭ ئىلمىنى ئىلىم ھېسابلىمايمەن»، دەيدۇ.

ئاللاھ تەئالا مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە خەۋەر بېرىپ ئېيتىدۇكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاۋۋالقى قەبىلىلەر ھەققىدە سوراشقاندا، شۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «(مۇسا) ئېيتتى: ‹ئۇلار ھەققىدىكى بىلىم پەرۋەردىگارىم ھۇزۇرىدىكى كىتابتا ــــ لەۋھۇلمەھفۇزدىدۇر. پەرۋەردىگارىم ئاداشماس ۋە ئۇنۇتماس›.» تاھا سۈرىسى 52 - ئايەت.

رەبىي ئىبنى ئەبۇ ئەنەس ئاتىسى زەيد ۋە زىيادلاردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇلار ئىككىلىسى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئۆيىگە كىرىشى كېلىشتى. ئۇ بىر كىرچە ھەدىس سۆزلىدى، ئىككىلىسى يېزىپ ماڭدى.»

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «سىلەردىن بىرىڭلار بۇ ئىلىمنى يېزىشتىن ئاجىز قالمىسۇن. چۈنكى يازماسلىقتا زەرەر بار. ئەگەر يازمىسا، ئىلىم ئۇنىڭدىن كېتىدۇ. ئەگەر يېزىۋالسا، ئېسىدىن چىققاندا، مۇراجىئەت قىلىدۇ»، دېگەن. بۇ گەپ تۆۋەندىكى ھېكايىگە ئوخشايدۇ: ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ئىمام مۇھەممەدنى ئىلىمنى يېزىشتا ئەيىبلىدى. ئىمام مۇھەممەد: «مەن ئىلىمنىڭ كېتىشىدىن قورقتۇم، چۈنكى ئايالار ئەبۇ يۇسۇفنى قايتا تۇغمايدۇ»، دېدى. دەرھەقىقەت، مۇسۇلمانلار ئىلىمنى كىتابەت قىلىشنى بىر - بىرىدىن مىراس قىلىۋالدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ بىلگەن نەرسە ئاللاھ ھۇزۇرىدا ياخشىدۇر. مۇسۇلمانلار يامان دەپ بىلگەن نەرسە ئاللاھ

نەزىرىدىمۇ يامانـدۇر»، دەيـدۇ. يەنـە ئېيتىدۇكـى: «مېنىـڭ ئۇممىتىـم زالالـەت ئۈسـتىدە جەملەنمەيـدۇ.» چۈنكـى مۇسـۇلمانلار ئىلىمنـى بىر - بىرىدىـن مىراس قىلىـپ ئالغانلىقـى سـەۋەبلىك، تۇتىدىغـان يـول دەلىللـەر بىلـەن تەسـتىقلىنىدۇ.

رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام ئېيتىـدۇ: «سـاھابىلىرىم يارقىـن يۇلتۇزلارغـا ئوخشـايدۇ، قايسـى بىرىگـە ئەگەشسـەڭلار، ھىدايـەت تاپىسـىلەر.»

نافىـئ ئىبنـى ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن رىۋايـەت قىلىـدۇ: «رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام: ‹بـۇ ئىلىمنـى ھـەر بىـر بـاي - كەمبەغەلدىـن، چـوڭ - كىچىكتىـن يېزىـپ ئېلىڭلار، كىـم ئىلىمنـى ئىلىـم ساھىبىنىڭ كەمبەغەللىكـى ياكـى يېشـى ئۆزىدىـن كىچىكلىكـى سـەۋەبلىك تـەرك قىلسـا، جايىنـى دوزاختىن تەييـارلاپ قويسـۇن›، دېـدى.»

# ئۈچىنچى باب: پەتىۋا ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: بەزى ئىنسانلار پەتىۋا بېرىشنى مەكرۇھ سانايدۇ. ئىلىم ئەھلىنىڭ ھەممىسى، ئەگەر پەتىۋا بەرگۈچى پەتىۋا بېرىشكە سالاھىيەتلىك بولسا، جائىز دېيىشىدۇ. ئاۋۋالقى تائىپەنىڭ ھۆججىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ ھەدىستۇر: «سىلەرنىڭ دوزاخقا جۈرئەتلىكلىرىڭلار پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەتلىكلىرىڭلاردۇر.»

سەلمان فارىسىيدىن ئادەملەر پەتىۋا سوراشقاندا: «بۇ سىلەرگە ياخشى، ماڭا يامان» دېگەن.

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن يۈز يىگىرمىسىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ مۇھەددىسىمۇ، مۇفتىسىمۇ ئۆزىدىن بەكرەك بۇرادىرىنىڭ ھەدىس ئېيتىپ، پەتىۋا بېرىشىنى خاھلايتتى.»

ئىبنى سىيرىن ئېيتىدۇ: «ھۇزەيفە ئىبىن يەمان: ‹ئۈچ كىشى ئىنسانلارغا پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئاننىڭ ناسىخ بولغان ئايەتلىرىنى بىلىدىغان كىشى، ياكى چارىسىز قالغان ئەمىر، ياكى پەتىۋا سورالغان ئەخمەق›، دېدى.»

ئىبنى سىيرىندىن بىرەر نەرسە ھەققىدە سورالسا: «مەن (بۇ) ئاۋۋالقى

ئىككىسى ئەمەسمەن، ئۈچىنچى بولۇشىنىمۇ يامان كۆرىمەن»، دەپ قوياتتى.

فەتۋا بېرىشنى مۇباھ دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى ئەبۇ ھۇرەيرە، زەيد ئىبنى مەئبەد ئېيتقان ئۇشبۇ ھەدىستۇر: ئۇلغا ئېيتىدۇكى: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق. بىر كىشى تۇرۇپ: ‹ئاللاھ سىزدىن رازى بولسۇن، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىڭ›، دېدى. ئۇنىڭ خۇسۇمەتچىسى (ئاداۋەتچىسى) تۇرۇپ ــــ ئۇ ئۇنىڭدىن فەقىھراق ئىدى: ‹ئۇ راست گەپ قىلدى، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىڭ، ماڭا ئىزنى بەرسىڭىز، ئېيتىمەن›، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئۇ كىشى ئېيتتى: ‹مېنىڭ ئوغلۇم بۇ كىشىگە خىزمەتچى ئىدى. ئوغلۇم ئۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىپتۇ. ئۇنىڭغا يۈز قوي ۋە بىر خىزمەتچىنى فىديە بەردىم. كېيىن ئىلىم ئەھلىدىن بۇ ھەقتە سورىغىنىمدا، ئوغلۇم زىممىسىگە يۈز دەررە ۋە بىر يىل سۈرگۈن، ئۇنىڭ ئايالى زىممىسىدە رەجمى (چالما ـ كېسەك قىلىنىش) بارلىقىنى ئېيتىشتى›، دېدى.»... بۇ ھەدىستە پەتۋا بېرىشنىڭ جائىزلىقىغا دەلىل بار. چۈنكى ئۇ كىشى: «ئىلىم ئەھلىدىن سورىدىم، ئۇلار ماڭا خەۋەر بەردى»، دېگەندە رەسۇلۇللاھ ئىنكار قىلمىدى. يەنە ئويلاپ كۆرسەك، بۇ خەۋەردە پەتۋا بېرىشنىڭ جائىزلىقىغا باشقا بىر دەلىلمۇ بار. گەرچە باشقا بىلىملىكرەكى بولسىمۇ، ئۇلار پەتۋا بېرىۋاتىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانىدا پەتۋا بېرەتتى. تۆۋەندىكى ھەدىس ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان: ئۇ كىشىدىن تۆگە قۇشىنىڭ تۇخۇمىنى سۇندۇرۇپ قويغان ئىھرامدىكى كىشى ھەققىدە سوراشقاندا، ھەر بىر تۇخۇمغا تۆگىنىڭ بالىسىنى قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرىدى. سورىغان كىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ، بۇنى خەۋەر بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «ئەلىدىن ئاڭلىغىنىڭ توغرا. لېكىن ئالدىرا. ھەر بىر تۇخۇم ئۇچۇن بىر مىسكىنگە تائام بېرىشىڭ ۋاجىپ»، دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن دېڭىز ھايۋىنىنى ئۇۋلاپ ئۆلتۈرسە، ئېھراملىق كىشى ئۇنى يېسە، ھالالمۇ، دەپ سوراشقاندا، جائىز، دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۆمەرگە بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەندە، ئۇ زات: «ئەگەر بۇنىڭدىن باشقىسىنى ئېيتقىنىڭدا، سېنى ئۇنداق - مۇنداق قىلاتتىم»، دېگەن. چۈنكى ساھابىلەر ۋەقەلەرگە ھەدىسلەر بىلەن پەتىۋا بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، پەتىۋا بېرىشنى مۇسۇلمانلار مىراس قىلىپ ئالغان. چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«بەس، ئەگەر ئۆزلىرىڭلار بىلمەيدىغان بولساڭلار، ئەھلى ئىلىملەردىن سوراڭلار!» (ئەنبىيا سۈرىسى 7 - ئايەت)، دېگەن.

ئاللاھ تەئالا جاھىل (بىلمەيدىغان) كىشىلەرگە ئۆلىمالاردىن سوراشقا بۇيرىغان بولسا، ئۆلىمالارغىمۇ سورالغان نەرسىلەرنىڭ جاۋابىنى بېرىشنى ئەمر قىلغان.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر توپ ئادەم ئۈچ ئاقىلنىڭ قايسى ئەقىللىقراق ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇشتى. خۇلاسە شۇ بولدىكى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى بىلگەن نەرسىسىنى سۆزلەيدىغان كىشى ئىكەن.

# تۆتىنچى باب: پەتىۋا بېرىشكە ھەقلىق كىشى ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇ زاتنىڭ ئىككى ساھىبىنىڭ (ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەد) سۆزلىرىنى، ئۇلارنىڭ نەدىن گەپ قىلغانلىقىنى بىلگەن ۋە ئىنسانلارنىڭ مۇئامىلىلىرىنى ئۆگەنگەن كىشىلا پەتىۋا بەرسە، دۇرۇست بولىدۇ. ئەگەر كىشى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگەنگەنۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇئامىلىلىرى ۋە مەزھەبلىرىنى ئۆگەنمىگەن بولسا، بىر مەسىلە ھەققىدە سورالغاندا، ئادەملەرنىڭ مەزھەبلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن ئۆلىمالارنىڭ بۇ مەسىلىگە ئىتتىپاق قىلغانلىقىنى بىلسە، بۇ بولىدۇ، بۇ بولمايدۇ، دېسە، ئۇنىڭ سۆزى ھېكايە تەرىقىسىدە بولۇپ، زىيىنى يوق. ئەگەر ئۆلىمالار ئىختىلاپ قىلغان مەسىلە بولسا، بۇ پاالانچىنىڭ پىكرىچە جائىز، دېيىشىدىمۇ زىيان يوق. لېكىن ئۇ ئۆزىچە بىر سۆزنى ئىختىيار قىلىشى توغرا ئەمەس. ئۆلىمالارنىڭ ھۆججەتلىرىنى بىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەتىۋالىرى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

ئىسام ئىبنى يۇسۇف ئېيتىدۇ: «مەن مۇتەم شەھرىدە بولغىنىمدا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەسھابىدىن تۆتى ـــ زۇفەر ئىبنى ھۇزەيل، ئەبۇ يۇسۇف، ئافىيە ئىبنى يەزىد ۋە ھەسەن ئىبنى زىياد توپلاندى. ئۇلار: ‹بىرەر كىشى، بىز نەدىن گەپ قىلغانلىقىمىزنى بىلمەستىن، بىزنىڭ سۆزىمىز بىلەن پەتىۋا

بېرىشى ھالال (دۇرۇست) ئەمەس›، دېگەن قارارغا كېلىشتى.»

ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف ئەبۇ يۇسۇفتىن، ئۇ ئەبۇ ھەنىفەدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇ ھەنىفە: ‹بىر كىشى بىزنىڭ نەدىن گەپ قىلغانلىقىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ، بىزنىڭ سۆزىمىز بىلەن پەتىۋا بېرىشى دۇرۇست بولمايدۇ›، دېدى.»

ئىسام ئىبنى يۇسۇفتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا: «سىز ئەبۇ ھەنىفىگە كۆپ خىلاپ قىلىۋاتىسىز. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭغا بىزگە بېرىلمىگەن ئىقتىدار ئاتا قىلىنغان. ئۇ ئىقتىدار بىلەن بىز ئىدراك قىلالمىغان نەرسىلەرنى ئىدراك قىلالايدۇ. بىزنىڭ پەممىز ئۆزىمىزگە يارىشا، بىزگە ئۇنىڭ سۆزى بىلەن پەتىۋا بېرىشىمىز دۇرۇست بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ نەدىن گەپ قىلغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز»، دېيىشتى.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئۆزىنى مۇفتى بىلگەن ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىدىن بىر نەرسىگە ۋەلىي بولغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ھاجىتى ئۇنىڭغا قارىتىلغان كىشى ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى ئۆزرىسىز ئادا قىلماسلىقتىن ساقلىنىشى لازىم. ئۇلارنى مەنئى قىلماسلىقى لازىم. بەلكى مۇلايىملىق ۋە ھەلىملىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لايىق ئىشتۇر. قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ مەريەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ كىشى بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق بار ئىدى. ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹كىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەر نەرسىدە ۋەلىي بولسا، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىق ۋە زۆرۈرىيەت كۈنلىرىدە ئېھتىياجلىرىغا كۆز يۇمسا، ئاللاھ تەئالا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ھاجىتىدىن كۆز يۇمىدۇ›،

دېگەن.»

مۇفتى تەۋازۇلۇق، مۇلايىم بولۇشى، زالىم، تاش يۈرەك، قوپال بولماسلىقى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«(ئى مۇھەممەد)، ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان بىر مەرھەمەت سەۋەبلىك ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى تاش دىل بولغىنىڭدا، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كەتكەن بولاتتى.» ئال ئىمران سۈرىسى 159 – ئايەت.

ئۇيغۇر كىتابخۇر بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىي ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب: ئىختىلاپلار ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر ئۆلىمالار ئىختىلاپ قىلغان مەسىلىلەر ھەققىدە گەپ قىلىشتى. بەزىلىرى، ھەر ئىككىسى توغرا، دېيىشتى، بۇ مۆئتەزىلىلەرنىڭ سۆزى. بەزىلىرى، بىرسى توغرا، يەنە بىرسى خاتا، لېكىن خاتا پەتىۋا بەرگۈچىگە گۇناھ بولمايدۇ، دېيىشتى، بۇ سۆز ئەڭ توغرا سۆزدۇر.

ئاۋۋالقى تائىپەنىڭ ھۆججىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىستۇر: رەسۇلۇللاھ بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ خورمىلىرىنى كېسىشنى بۇيرىدى. ئەبۇ لەيلا مازەنىي ئەجۋا خورمىسىنى، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، پەقەت لۇز خورمىسىنى كەستى. ئەبۇ لەيلاغا، نېمە ئۈچۈن ئەجۋا خورمىسىنى كەستىڭ، دېيىشكەندە، چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا دۈشمەننى زەئىپلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدىن، نېمە ئۈچۈن سەن لۇز خورمىسىنى كەستىڭ، دەپ سوراشقاندا، مەن بىلىمەنكى، بۇ خورمىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زاتقا ئەجۋا دەرىخى قېلىشىنى خاھلىدىم، دېدى. نەتىجىدە ئاللاھ تەئالانىڭ:

«(ئى مۆئمىنلەر)، سىلەر (بەنۇ نەزىر خورمىزارلىرىدىن) بىرەر خورما دەرىخىنى كېسىشڭلار ياكى ئۇنى ئۆز پېتى قالدۇردۇڭلار، (سىلەر قىلغان ھەر

بىر ئىش) ئاللاھنىڭ ئىزنى - ئىرادىسى بىلەن ۋە ئۇ پاسىق - ئىتائەتسىز كىشىلەرنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن (بولدى)» (ھەشر سۈرىسى 5 – ئايەت.)، دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. دەرھەقىقەت، ئاللاھ تەئالا ھەر ئىككى پىرقىنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولدى.

ئىككىنچى تائىپەنىڭ ھۆججىتى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ ھەدىستۇر: رەسۇلۇللاھ ئەمىر ئىبنى ئاسقا: «بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىل»، دەپ بۇيرىدى. ئۇ: «سىز ھازىر بولۇپ تۇرۇپ، مەن ھۆكۈم قىلىمەنمۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ھەئە»، دېدى. ئۇ زات: «نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىمەن؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «شۇنىڭغا بىنائەنكى، ئەگەر توغرا ھۆكۈم قىلساڭ، ساڭا ئون ساۋاب بولىدۇ، ئەگەر خاتا قىلساڭ، بىر ساۋاب»، دېدى. دەرھەقىقەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇجتەھىد ئىجتىھاتىدا بەزەن خاتا قىلىشىنى، بەزەن توغرا تېپىشىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«داۋۇد ۋە سۇلايماننىڭ ئېكىنزارلىق ھەققىدە ھۆكۈم قىلىۋاتقان ۋاقتىنى (ئەسلىگىن). شۇ چاغدا ئېكىنزارلىققا بىر قەۋمنىڭ قويلىرى بېسىپ كىرىپ (ئۇنى پايىمال قىلىۋەتكەن) ئىدى. بىز ئۇلار (چىقارغان) ھۆكۈمگە شاھىد ئىدۇق. كېيىن قانداق ھۆكۈم قىلىشنى سۇلايمانغا ئاڭلاتتۇق.» (ئەنبىيا سۈرىسى 78-79 – ئايەتلەر)، دېيىش ئارقىلىق، داۋۇد ئىدراك قىلالمىغان نەرسىنى پەھمى بىلەن ئىدراك قىلغىنى ئۈچۈن سۇلايماننى مەدھى قىلدى. ھەر ئىككىسىگە سالاملار بولسۇن. ئەگەر ھەر ئىككى ھۆكۈم توغرا بولسا ئىدى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىنى مەدھى قىلىش لازىم بولماس ئىدى.

ئەگەر ھۆكۈم خاتا بولسا، مۇجتەھىدقا ئىجتىھاد قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. مۇسا جۇھەنىي تەلھە ئىبنى مۇتەررىپتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئىختىلاپ زىكر قىلىنسا، ئىختىلاپ دېمەڭلار، بەلكى كەڭچىلىك دەڭلار»، دەيتتى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ئىختىلاپلىرى ماڭا قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراق»، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. چۈنكى ئۇلار ئىختىلاپ قىلمىغان بولسا، ئۇلاردىن كېيىن باشقىلارغا ئىختىلاپ جائىز بولماس ئىدى ۋە ئىنسانلارغا قىيىنچىلىق بولۇپ قالاتتى. قاسىم ئىبنى مۇھەممەد: «ساھابىلەرنىڭ ئىختىلاپى مۇسۇلمانلارغا رەھمەت بولدى.» دېگەن.

# ئالتىنچى باب: ھەدىسنىڭ مەنىسىنى رىۋايەت قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئالىملار ھەدىسنىڭ مەنىسىنى رىۋايەت قىلىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر، پەقەت مەتنىنى بىلەن جائىز، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر، پەقەت مەنىسىنىڭ ئۆزىنى رىۋايەت قىلىش جائىز، دېيىشكەن، كېيىنكىسى توغرا سۆزدۇر.

بىرىنچى تائىپەنىڭ ھۆججىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەندىن بىر ھەدىسنى ئاڭلاپ، كېيىن ئۇنى ئاڭلىغىنىدەك قىلىپ يەتكۈزگەن كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن»، دېگەن سۆزىدۇر.

بەرا ئىبنى ئازىب ئېيتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە دۇئا ئۆگەتتى. ئۇ كىشى دۇئانىڭ ئاخىرىدىكى: ‹نازىل قىلغان كىتابىڭ ۋە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭ›، دېگەن جايىنى ‹ئەۋەتكەن رەسۇلىڭ›، دەپ ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ‹ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭ›، دەپ توغرىلىدى ۋە ئۇنى ھەدىس مەتنىنى ئۆزگەرتىپ ئوقۇشتىن مەنئى قىلدى.»

مەنىسىنى رىۋايەت قىلىش جائىز، دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاگاھ بولۇڭلار، شاھىد بولغانلار بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن»، دېگەن سۆزىدۇر. دەرھەقىقەت، نەبىيمىز بىزگە يەتكۈزۈشنى

بۇيرىــدى.

ۋاسىلە ئىبنى ئەسقانىڭ: «ئەگــەر بىــز ھەدىســنىڭ مەنىســىنى ئېيتساق، شــۇ ســىلەرگە كۇپايىــدۇر»، دېگەنلىكــى رىۋايــەت قىلىنىــدۇ. ھالبۇكــى، ئــۇ زات ســاھابىلەردىن ئىــدى.

ئىبنىــى ئــەۋف: «ئىبراھىــم نەخەئىــي، شــەئبىي، ھەســەن بەســرىيلەر ھەدىســـنىڭ مەنىســـىنى يەتكۈزەتتــى»، دېگــەن.

ۋۇكــىئ: «ئەگــەر رىۋايــەت كــەڭ مەنىــدە بولمىســا ئىــدى، ئىنســانلار، ئەلۋەتتــە، ھــالاك بولاتتــى»، دەيــدۇ. ســۇفيان ســەۋرىي: «مــەن ســىلەرگە ئاڭلىغىنىمــدەك دەپ بېرىمــەن، دېســەم، مېنــى تەســتىقلىماڭلار، چۈنكــى ئاللاھ تەئــالا:

«ئاخىــر ئۇلاردىــن ھــەر بىــر گۇرۇھتىــن بىــر تائىپــە ئــادەم (جــەڭ ئۇچــۈن) چىقمامــدۇ؟! (قالغانلىــرى بولســا مەدىنىدە) دىنىــى ئۆگىنىپ، (جەڭگــە كەتكەن) قەۋملىــرى ئۇلارنىــڭ ئالدىغــا قايتقــان ۋاقتىــدا، ئــۇ قەۋملەرنىــڭ ئاللاھنىــڭ ئازابىدىــن ساقلىنىشــى ئۈچــۈن ئۇلارنــى ئاگاھلاندۇرغىلــى (قالمامــدۇ)؟!» (تەۋبــە، 122 - ئايــەت) دەپ ئەرەبچــە لەفزىــدە ئېيتتــى، ئەگــەر ئۇلارنىــڭ قەۋمــى ئەرەبــي لەفزىنــى بىلمىســە، بايــان ۋە تەپســىر بىلــەن چۈشەندۈرۈشــى شــەرت بولىــدۇ.» دېمــەك، رىۋايــەت قىلىشــتا لەفزىگە ئەمــەس، مەنىگــە ئېتىۋار قىلىــش كېرەكلىكى ئىســپاتلاندى.

# يەتتىنچى باب: ھەدىسنى رىۋايەت قىلىش ۋە بۇ ئىشقا ئىجازەت بېرىش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى، ئەگەر «بىزگە ھەدىس ئېيتتى» دېگەننىڭ ئورنىغا «بىزگە خەۋەر بەردى» ياكى ئەكسىچە «خەۋەر بەردى»نىڭ ئورنىغا «بىزگە ھەدىس ئېيتتى»، دېسە، جائىزمۇ، جائىز ئەمەسمۇ ، دەپ ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزى ھەدىس ئەھلىلىرى: «ئەگەر سەن ھەدىسنى مۇھەددىسكە ئېيتماقچى ياكى ھەدىسنى ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلماقچى بولساڭ، ‹پالانچى بىزگە خەۋەر بەردى›، دېيىشىڭ لازىم بولىدۇ. ئەگەر ساڭا مۇھەددىس ئوقۇپ بەرسە، ‹پالانچى بىزگە دەپ بەرگەن (ھەدىس ئېيتقان)، دەيسەن»، دېيىشىدۇ. ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ھەر ئىككىسىنى ئوخشاش بىلگەن. بىز شۇنى ئاساس قىلىمىز. يۇسۇف قازىي رەھمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ كىشى: «سەن ھەدىسنى فەقىھكە ئوقۇپ بېرەمسەن ياكى ئۇ ساڭا ئوقۇپ بېرەمدۇ، خاھلىساڭ، ھەدىس ئېيتتى، دەيسەن، خاھلىساڭ خەۋەر بەردى ياكى پالانچىدىن ئاڭلىدىم، دەيسەن.» دېگەن.

ئەبۇ مۇتىئ ئېيتىدۇ: «مەن ئەبۇ ھەنىفەدىن: ‹بىزگە خەۋەر بەردى،

دەيمۇ ياكى بىزگە ھەدىس ئېيتتى، دەيمۇ؟› دەپ سورىدىم. ئۇ زات خاھلىساڭ، خەۋەر بەردى، دە، خاھلىساڭ، ھەدىس ئېيتتى، دە»، دېدى.

شۇئبە ئىبنى ھەججاج ئېيتىدۇ: «خاھلىساڭ، خەۋەر بەردى، دە، خاھلىساڭ، ھەدىس ئېيتتى، دە، خاھلىساڭ، بىزگە بىلدۈردى، دېگىن. ئەگەر مۇھەددىس، مەندىن رىۋايەت قىلىشىڭغا ئىجازەت بېرىمەن، دېسە، خەۋەر بەردى ياكى ھەدىس ئېيتتى، دېيىشىڭ جائىز ئەمەس، بەلكى پالانچى ماڭا ئىجازەت بەردى، دەيسەن.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: خەلىل ئىبنى ئەھمەد قازى ئەبۇ تاھىر ئەھمەد ئىبنى سەفىن دايامىنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇھەددىس، مەن ساڭا ئىجازەت بەردىم، دېسە، ئۇ، مەن ساڭا مېنىڭ زىيىنىمغا يالغان گەپ قىلماسلىقىڭ شەرتى بىلەن ئىجازەت بەردىم، دېگەن بولىدۇ»، دېگەن.

فەقىھ رەھمەھۇللاھ يەنە ئېيتىدۇ: ئەگەر مۇھەددىس ساڭا بىر ھەدىسنى يازسا ياكى كىتابىنى بېرىپ، ماڭا پالانچى بۇ كىتابتىكى ھەممە ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بەردى، دېسە، سەن، پالانچى ماڭا خەۋەر بەردى، دېيىشىڭ لازىم، لېكىن ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەردى، دېيىشىڭ جائىز ئەمەس. چۈنكى كىتابەت خەۋەردۇر ۋە ھەدىس سۆزلەپ بېرىش پەقەتلا ئۆز ئارا سۆزلىشىش بىلەن بولىدۇ. ئويلاپ كۆر، ئەگەر بىر كىشى، پالانچىغا مانا شۇنى خەۋەر قىلمايمەن، دەپ قەسەم ئىچسە ۋە ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ھەققىدە يازسا، قەسىمنى بۇزغان بولىدۇ. ئەگەر، ئېيتمايمەن، دەپ قەسەم ئىچسە ۋە ئۇنى يېزىپ بەرسە، قەسىمى بۇزۇلمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن

سۆزلەشمىسـسـلا.

ئەبـۇ زۇمـرە ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئۆمەردىـن رىۋايـەت قىلـىپ ئېيتـىدۇ: «مـەن ئابدۇلـلاھ ئىبنـى شـىھابنىڭ بىـر كىتابنـى ئېلـىپ كەلگەنلىكىنـى كـۆردۈم. ئۇنىڭغـا، بـۇ كىتابىڭنـى بىلەمسـەن، دېيىلگەنـدە، ئـۇ ھەئـە، دېـدى. ئـۇلار ئۆزلىرىگـە ئوقـۇپ بېرىلىدىغـان ۋە ئۇنىڭغـا ئوقـۇپ بېرىلگـەن نەرسـىگە رازى بولۇشـتى. نەتىجـىدە، ئـۇلار ئۇنـى كۆچۈرۈشـتى ۋە ئۇنىڭدىـن خـەۋەر ئېلىشـتى.»

ئابدۇلئەزىـز ئىبنـى ئۇبەيـدۇللاھ ئىبنـى ئۇببـان شـۇبىدىن رىۋايـەت قىلـىپ ئېيتـىدۇ: «مـاڭا مەنسـۇر ئىبنـى مۇئتـەمىر بىـر ھەدىسـنى يېزىـپ ئەۋەتتـى. مـەن ئۇنىڭغـا ئۇچـراپ شـۇ ھەدىـس ھەققـىدە سـورىدىم. ئـۇ: «مـەن ساڭا خـەت يېزىـپ ئەۋەتكـەن ئىدىمغـۇ؟» دېـدى. مـەن: «ئەگـەر خـەت يازغـان بولسـاڭ، مـاڭا ئۇنـى ئېيتقـان بولامسـەن؟» دېدىـم. ئـۇ: «ھەئـە»، دېـدى. مانـا شـۇنى ئەييـۇب سـۇختىيانىيغا زىكـر قىلدىـم. ئـۇ: «ئەگـەر سـاڭا خـەت يازغـان بولسـا، راسـت ئېيتىپتـۇ. دەرھەقىقـەت، ئـۇ سـاڭا دېگـەن بولىدۇ»، دېـدى. مۇھەممـەد ئىبنى ھەسـەننىڭ (رەھمەھۇلـلاھ) مۇنـداق دېگەنلىكـى رىۋايـەت قىلىنغـان: «ئىلىمنـى سـاڭا يېزىلىشـى بىلـەن سـەن ئۇنـى ئاڭلىشـىڭ ئوخشاشـتۇر، ئەگـەر سـاڭا يېزىلغـان بولسـا، ئـۇ ھەقتـە رىۋايـەت قىلىشـىڭ خـۇددى ئاڭلىغىنىڭـدا جائىـز بولغانـدەك جائىـزدۇر، لېكىـن ھـەر ئىككـى رىۋايەتنىـڭ لەفزىـدە پـەرق بولىـدۇ.»

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەككىزىنچى باب: ئىلىمنى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئېلىش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئىلىمنى ئىشەنچلىك زاتلاردىن ئېلىش لازىم، چۈنكى دىنىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئىلىم بىلەندۇر. كىشى ئۆزىنىڭ جېنىنى ئىشەنگەن كىشىگە تاپشۇرغاندەك، دىنىنىمۇ ئىشەنچلىك زاتقا تاپشۇرۇشى لايىق بولىدۇ.

ئىباد ئىبنى كەسىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: «گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان كىشىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلماڭلار.»

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن ئېيتىدۇ: «بۇ ئىلىم دىندۇر. دىنىڭلارنى كىمدىن ئېلىۋاتقانلىقىڭلارغا قاراڭلار.»

مۇھسىن ئېيتىدۇ: «كىم چىرايلىق گەپ قىلسا، ئەمما يامان ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئالماڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلانماڭلار.»

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىلىم مۇئمىنىنىڭ يوقاتقان نەرسىسى، ئۇنى نەدىن تاپسا، ئالىدۇ»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

«ئۇنى نەدىن تاپسا، ئالىدۇ»، دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى ئەگەر ئۇنىڭغا خەۋەر بەرگەن كىشى ئىشەنچلىك ۋە سۆزى پايدىلىق بولسا، ئالىدۇ، ئەمما خەۋەر بەرگەن كىشى ئىشەنچسىز بولسا، ئالمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى بىر ھەدىسنى ياكى بىر مەسىلىنى ئاڭلىسا ياكى سۆزلىگۈچى ئىشەنچسىز بولسا، ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىش دۇرۇست ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭ سۆزى ئەسلى مەنبەلەرگە مۇۋاپىق كەلسە، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش جائىز بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىلىم سانالمايدۇ. شۇنىڭدەك، يېزىلغان ھەدىس ياكى مەسىلىنى تاپسا ۋە ئۇ ئەسلى مەنبەلىرىگە مۇۋاپىق بولسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش جائىز، ئەسلى مەنبەلىرىگە مۇۋاپىق بولمىسا، جائىز ئەمەس.

ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹كىمكى بىر ھەدىسنى ئېيتقان كىشىنى يالغان گەپ قىلدى، دەپ ئويلىسا، ئۆزى يالغانچىلارنىڭ بىرسى بولىدۇ›، دېدى.»

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئې ئادرېسى

# توققۇزىنچى باب: مەۋئىزە مەجلىسلىرىنىڭ مۇباھلىقى توغرىسىدا

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: بەزى ئىنسانلار مەۋئىزە ئۈچۈن يىغىلىپ ئولتۇرۇشنى يامان كۆرۈشتى. بەزىلەر، ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى خاھلىغان بولسا، زىيىنى يوق، دېيىشتى. شۇ سۆز سەھىھتۇر. چۈنكى بۇ ئىش شەرىئەتنى ئۆگىنىشتۇر. مەۋئىزەنى يامان كۆرگەن كىشىلەر ئەمر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارغا بىرەر نەرسىنى پەقەت ئەمىر ياكى مەمۇر ياكى رىياكار كىشىلا قىسسە قىلىپ بېرىدۇ»، دېگەن.

تەمىم دارىينىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن ئىنسانلارغا ھەر شەنبە كۈنى قىسسە ئېيتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىزنىن سورىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەندە، «ئىنسانلارغا ئەسلەتمە بولسۇن ئۈچۈن»، دېدى. ئۆمەر: «خاھلىساڭ، ئەسلەت، ئەمما بىلگىنكى، بۇ ئىش سۆيۈشتۇر»، دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى قىسسەخونلۇق قىلسا، دەرھەققەت، ئۇ پىچاقسىز ئۆلتۈرۈلگەن بولىدۇ»، دېگەن ھەدىسىگە مۇۋاپىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «قىسسە سۆزلىگۈچى غەزەپنى،

ئاڭلىغۇچى رەھمەتنى كۈتىدۇ.»

ئەبۇ قۇلابىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ نامازدىن قايتقاندا بىر كىشى كېلىپ، ۋارقىراپ قىسسە ئېيتىشقا باشلىدى. ئەبۇ قۇلابە ئۇنىڭغا: «سەن بىر ھاكىرىغۇچى ئېشەكسەن، ئەگەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلسەڭ، ساڭا ئەدەب بېرىپ قويىمىز»، دېدى.

ئىبراھىم نەخەئىي (رەھىمەھۇللاھ): «مەن ئۈچ ئايەت سەۋەبلىك قىسسە ئېيتىشنى يامان كۆرىمەن.» ئۇ ئايەتلەر:

«ئادەملەرنى ياخشىلىققا چاقىرىپ، ئۆزەڭلار ئۇنۇتامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۆزەڭلار كىتاب (تەۋرات) تىلاۋەت قىلىسىلەر. ئەقلىڭلەرنى ئىشلەتمەمسىلەر؟!» بەقەرە، 44 – ئايەت.

«ئى مۇئمىنلەر، سىلەر نېمىشقا ئۆزلىرىڭلار قىلمايدىغان نەرسىنى (قىلىمىز دەپ) ئېيتىسىلەر؟!» سەف، 2 – ئايەت.

«شۇئەيب ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىم، خەۋەر بېرىڭلارچۇ، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ئېنىق ھۆججەتكە ئىگە بولسام ۋە ئۇ زات مېنى ئۆز تەرىپىدىن مول ۋە ھالال رىزىق بىلەن رىزىقلاندۇرغان تۇرسا (شۇ ھالال رىزقنى ھارامغا ئارىلاشتۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟!) مەن سىلەرگە خىلاپ ھالدا، سىلەرنى چەكلەۋاتقان نەرسىنى (ھالالنى ھارامغا ئارىلاشتۇرۇشنى) ئۆزەم قىلىشنى خاھلىمايمەن. مەن پەقەت ئىمكانىم بېرىچە ئىسلاھ قىلىشنى خاھلايمەن، (بۇنىڭغا) پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا مۇۋەپپەق بولىمەن. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلىمەن ۋە ئۆزىگە ئىلتىجا قىلىمەن.» (ھۇد سۈرىسى 88 - ئايەت)، دېگەن ئايەتلەردۇر، دېگەن.

ھەدىستە كېلىدۇكى، ئاللاھ تەئالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىپ ئېيتتى: «ئاۋۋال نەپسىڭگە نەسىھەت قىل. ئەگەر شۇ نەسىھەتنى ئالساڭ، ئارقىدىن ئىنسانلارغا نەسىھەت قىل. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەندىن ھايا قىل.»

ۋەز - نەسىھەت قىلىشنىڭ زىيىنى يوق، دېگەن كىشىلەرنىڭ ھۆججىتى ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ۋە (قۇرئان بىلەن) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن! چۈنكى، ئۇ ۋەز - نەسىھەت مۇئمىنلەرگە نەپ يەتكۈزىدۇ.» (زارىيات سۈرىسى 55 - ئايەت)، دېگەن سۆزىدۇر. يەنە بىر ئايەتتىكى:

بارچە مۇئمىنلەرنىڭ (جىھادقا) چىقىشى لايىق ئەمەس. ئۇلاردىن ھەر بىر گۇرۇھتىن بىر تائىپە ئادەم (جەڭ ئۈچۈن) چىقمامدۇ؟! (قالغانلىرى بولسا مەدىنىدە) دىننى ئۆگىنىپ، (جەڭگە كەتكەن) قەۋملىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قايتقان ۋاقتىدا، ئۇ قەۋمنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىلى (قالمامدۇ)؟!» (تەۋبە سۈرىسى 122 - ئايەت)، دېگەن سۆزىمۇ دەلىلدۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى قىسسە ئېيتقۇچىلار، قىسسە ئېيتماڭلار، چۈنكى ئىنسانلار فەقىھ بولدى»، دېدى. بۇ خەۋەردە، ئەگەر قەۋم ئىلىمسىز بولسا، قىسسە ئېيتىشنىڭ زىيىنى يوقلۇقىغا دەلىل بار.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنسانلارغا ھەر پەيشەنبە ئاقشىمى ئۆرە تۇرۇپ ۋەز - نەسىھەت قىلاتتى.



www.uyghurkitap.com

ئەتا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇ: «كىم ئۆزى بىلىدىغان ئىلىمنى ئىنسانلاردىن يوشۇرسا، قىيامەت كۈنىدە ئوتتىن بولغان يۈگەن بىلەن يۈگەنلىنىدۇ.» بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەدىسى بار.

ئەبۇ ھۇرەيرە: «ئەگەر بىر ئايەت بولمىسا ئىدى، ئىنسانلار ئۈچۈن مەجلىس قىلىپ ئولتۇرماس ئىدىم»، دېدى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ:

«بىز نازىل قىلغان كىتابتا توغرا يولنى ئادەملەرگە روشەن قىلىپ بەرگىنىمىزدىن كېيىن روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرغان كىشىلەرگە، شۈبھىسىز، ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ ۋە لەنەت قىلغۇچىلار (پەرىشتىلەر ۋە مۆئمىنلەر) مۇ لەنەت قىلىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 159 - ئايەت)، دېگەن سۆزىنى ئوقۇدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ، يەتكۈزۈڭلار ۋە بەنى ئىسرائىل ھەققىدە گەپ قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئىچىدە ئاجايىپ ۋەقەلەر باردۇر. بۇ قىيىن ئىش ئەمەس. كىمكى مېنىڭ ھەققىمدە قەستەن يالغان گەپ قىلسا، جايىنى دوزاختىن تەييارلىسۇن»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

ھەسەن بەسرىي ئېيتىدۇ: «ئەگەر ئۆلىمالار بولمىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالاتتى.»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# ئونىنچى باب: ۋەزخاننىڭ ئەخلاقى ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ۋەزخاندا بولۇشى شەرت بولغان بىرىنچى خىسلەت سالىھلىقتۇر، چۈنكى سالىھ بولمىسا، ئەقىللىق كىشىلەر ئۇنىڭدىن قېچىپ، پەقەت نادانلار ئەگىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئالەم پاساد بولىدۇ. سالىھ بولمىسا، سۆزى قەلبلەرگە پايدا بەرمەيدۇ. ۋەزخان يەنە تەقۋادار بولۇشى، سەھىھ بولمىغان ھەدىسنى رىۋايەت قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئېيتىلىدۇكى: «كىم بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلسا ۋە ئۇنى يالغان دەپ ئويلىسا، ئۇ يالغانچىلارنىڭ بىرىسىدۇر.» شۇنىڭدەك، دەۋەتچى مەجلىسنى ئۇزۇن قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۇزۇن قىلىۋەتسە، ئىنسانلار مالال بولۇپ قالىدۇ ۋە بۇ ھال ئىلىمنىڭ بەرىكىتىنى كەتكۈزىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «قەلبلەردە پائاللىق ۋە يۈزلىنىش، ئۇلارنىڭ كېلىشى ۋە قايتىپ كېتىشى بار. قەۋم سەندىن ئىلىمنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن يۈزلەنگەندە گەپ قىل.»

زۇھرىي رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹قەلبلەرگە بىر سائەت - بىر سائەت ئارام بېرىڭلار›، دېدى.»

زەيد ئىبنى ئەسلەم ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بەنى ئىسرائىلدىكى بىر قازى قەۋمىگە ئۇزۇن - ئۇزۇن مەۋئىزە قىلاتتى. شۇڭلاشقا بىلەن ئۇلارنى مالال قىلىپ قويدى، نەتىجىدە ئۆزىمۇ لەنەتكەردى بولدى، ئۇلارمۇ لەنەتكە قالدى.»

ۋەزخان (دەۋەتچى) مۇلايىم، كەمتەر بولۇشى، مۇتەكەببىر، قاتتىق، قوپال بولماسلىقى لازىم. چۈنكى تەۋازۇ ۋە مۇلايىملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقلىرىدىندۇر. ئاللاھ تەئالا:

«(ئى مۇھەممەد)، ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان بىر مەرھەمەت سەۋەبلىك ئۇلارغا يۇمشاق سۆزلۈك بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، قاتتىق دىل بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كەتكەن بولاتتى.» (ئال ئىمران سۈرىسى 159 - ئايەت)، دېگەن.

ئەگەر ئۇ ئىنسانلارغا ناماز، روزا، سەدىقىنىڭ پەزىلەتلىرىدىن بىرەر نەرسىنى خەۋەر بەرمەكچى بولسا، ئاۋۋال ئۆزى دېگىنىگە ئەمەل قىلىشى لازىم. تاكى تۆۋەندىكى ئايەت ئەھلىدىن بولۇپ قالمىسۇن:

«ئادەملەرنى ياخشىلىققا چاقىرىپ، ئۆزەڭلار ئۇنۇتامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۆزەڭلار كىتاب (تەۋرات) تىلاۋەت قىلىسىلەر. ئەقلىڭلەرنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» بەقەرە سۈرىسى 44 - ئايەت.

ئىبراھىم نەخەئىي ئېيتىدۇ: «مەن ئۈچ ئايەت سەۋەبلىك قىسسە ئېيتىشنى يامان كۆردۈم» دەرھەقىقەت، ئۇ ئايەتلەرنى يۇقىرىدا زىكر قىلىپ ئۆتتۇق.

ۋەزخان قۇرئان تەپسىرلىرىنى، خەۋەر - ھەدىسلەرنى، فۇقەھالارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگەنگەن بولۇشى كېرەك. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ئىنسانلارغا

ھېكايە ئېيتىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ: «ناسىخ ۋە مەنسۇخنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ياق»، دېدى. ئەلى ئۇنىڭغا: «ھالاك بولۇپسەن ۋە ھالاك قىلىپسەن»، دېدى.

ۋەزخان سۆزلەۋاتقاندا بىر كىشىگە ئەمەس، ئومۇمغا يۈزلىنىشى لازىم. ھەببىب ئىبنى ئەبۇ سابىت: «سۆزلەۋاتقاندا پەقەت بىر كىشىگە قارىماستىن، پۈتۈن جامائەتكە قاراپ گەپ قىلىش سۈننەتتۇر.» دەيدۇ.

ۋەزخانىنىڭ تەمەگەر بولۇشى ئەسلا لايىق ئەمەس. چۈنكى تەمەگەر ئىنسانىنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرىدۇ، يۈزىنى چۈشۈرىدۇ ۋە ئىلمىنىڭ قەدرىنى كەتكۈزىدۇ. ئەمما بىر ئىنسان مەسىلە سورىماستىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ھەدىيە بەرسە، ئۇنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلىشنىڭ زىيىنى يوق.

ۋەزخانىنىڭ مەجلىسىدە خەۋپ ۋە ئۈمىد بولۇشى لازىم. مەجلىسنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي خەۋپ ياكى پەقەت ئۈمىد قاپلىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇنىڭدىن مەنئى قىلىنغان. ئەگەر ۋەزخان مەجلىسنى ئۇزۇن قىلىشنى خاھلىسا، ئۇنىڭغا مەجلىسنىڭ ئارىسىدا ئىنسانلارغا ياقىدىغان ۋە تەبەسسۇم قىلىندىغان سۆزلەرنى قوشىشى مۇستەھەب. چۈنكى بۇ ئىش ئاڭلاشقا قىزىقىش ۋە ئىقبالنى زىيادە قىلىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەگەر ئۇ كىشى مەجلىسكە ئولتۇرسا، ئىنسانلارنى ئاخىرەتكە رىغبەتلەندۈرۈپ، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشتىن چەكلەيتتى. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ھورۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، دەرەخ تىكىش، بىنا تىكلەش، تام سېلىش ھەققىدە گەپ قىلاتتى. ئەگەر ئىنسانلارنى غەيرەتلىك، شىجائەتلىك ھالەتتە كۆرسە، ئاخىرەت زىكرىگە قايتۇراتتى.

## ئون بىرىنچى باب: ئاڭلىغۇچىنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئاڭلىغۇچى ۋەزخانغا يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشى، ئۇنى توغرا قەلب بىلەن ئاڭلىشى ۋە باشقا بىرەر نەرسە بىلەن شۇغۇللانماسلىقى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىر مەسىلىنى ياكى ھەدىسنى ئاڭلىسا، مانا شۇنىڭغا ئەمەل قىلسۇن، چۈنكى ئۇ تىرىك ۋە نىجات تاپقۇچىدۇر. كىمكى بىر ھەدىسنى ئاڭلىسا، ئەمما ئەمەل قىلمىسا، ھالاك بولىدۇ» دېگەن. ۋەزخاننى ھەدىس ئېيتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاڭلىغۇچىغا ھەر بىر ھەدىسنىڭ ئارىسىدا «راست ئېيتتىڭىز» ياكى «چىرايلىق گەپ قىلدىڭىز» دەپ تۇرۇشى مۇستەھەپ.

ئاڭلاۋاتقان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغاندا سالاۋات ئېيتىشى، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى قەلبىدىن چىقىرىپ تاشلىشى، مەجلىس ۋاقتىدا ئۇخلىماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئېيتىلىدۇ: «كىمكى مەجلىس ۋاقتىدا ئۇخلىسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولغان ۋە شەيتاننى دوست تۇتقان بولىدۇ.»

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى يىغلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغلىكى تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى باب: ئىلىم تەلەپ قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە فىقھنى باشقا ئىلىملەردىن ئەۋزەل كۆرۈش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئىنسان ئىلىم ئۆگىنىشى، بىلگىنىگە قانائەتلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تەئالا دەيدۇ:

«ئېيتقىنكى: بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار ئوخشاش بولامدۇ؟!»

زۇمەر سۈرىسى 9 - ئايەت.

ئىلىم ئەھلى باشقا ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئەۋزەلدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئالىم بولمىغان ياكى ئىلىم ئۆگەنگۈچى بولمىغان كىشىدە ياخشىلىق يوقتۇر»، دېگەن.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «نېمە بولدىكى، ئۆلىمالىرىڭلارنى ئۆلۈۋاتقان، جاھىللىرىڭلارنى ئىلىم ئۆگەنمەيۋاتقان ھالدا كۆرۈۋاتىمەن. ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن تەلىم ئېلىڭلار. چۈنكى بىر قەۋمنىڭ ئەڭ كىچىكى بولساڭلار، باشقا قەۋمنىڭ كاتتىسى بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ماڭا ئىلىمسىز شەيختىن خۇنۇكرەك مەخلۇق يوقتۇر.»

شەئبىي ئېيتىدۇ: «ئەگەر بىر كىشى شامنىڭ بۇ تەرىپىدىن يەمەننىڭ

ئـۇ تەرىپىگـە سـەپەر قىلسـا، كەلگۈسـى ھاياتـىدا پايدىسـى بولىدىغـان بىـر كەلىمـە يادلىسـا، ئۇنىـڭ ماڭغـان يولـى زايـا كەتمەيـدۇ دەپ ئويلايمـەن.»

ئەمـدى بىلگىنكـى، ئىلىـم بىـر نەچچـە تۈرلۈكتـۇر، ھەممىسـى ئالـلاھ نەزىرىـدە ياخشـى، لېكىـن فىقھىغـا تـەڭ ئەمەسـتۇر. كىشـىگە فىقھنـى ئۆگىنىـش ئۇنىڭغـا باشـقا ئىلىمنـى ئۆگىنىشـتىن مۇھىمـراق بولۇشـى كېـرەك، چۈنكـى فىقھنـى بىلگـەن كىشـىگە باشـقا ئىلىملـەر ئاسـان بولـىدۇ. فىقھـى دىنىنىـڭ يۈكسـەك چوققىسـىدۇر. ئەبـۇ ھۈرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىۋايـەت قىلـىدۇ: «رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام ئېيتـىدۇ: ‹ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسـىدا دىنـىدا فەقىـھ بولغاندىـن ئەۋزەلـى يـوق›.» يەنـە ئېيتـىدۇ: «بىـر فەقىـھ شـەيتان ئۈچـۈن مىـڭ جاھىـل ئابىدتىـن يامانراقتـۇر.»

ئەبـۇ ھۈرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئېيتـىدۇ: «بىـر سائەت ئولتـۇرۇپ فىقھـى ئۆگىنىشـىم ئاللاھقـا بىـر كېچە فىقھىسـىز ئىبادەت قىلىشـىمدىن ياخشـىراقتۇر.»

ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ رىۋايـەت قىلـىدۇ: «رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام: ‹ئالـلاھ كىمگـە ياخشـىلىقنى خاھلىسـا، ئۇنـى دىنـىدا فەقىـھ قىلىـپ قويىـدۇ›، دېـدى.»

ئۆمـەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «رەھبـەر بولۇشـىڭلاردىن بۇرۇن فىقھنـى ئۆگىنىـڭلار.» دېگەن.

ئەگـەر ئىنسـان فىقھىدىـن نېسىۋىسـىنى تولـۇق ئالسـا، ئۇنىڭغـا سـەل قارىماسـلىقى ھەمـدە زاھىدلىـق ۋە ھېكمـەت ئىلمـىدە، ئاخىـرەت كالامـىدا، سـالىھلارنىڭ ئەخلاقـى ھەققـىدە پىكىـر قىلىشـى لازىـم. چۈنكـى ئىنسـان فىقھنـى ئۆگەنسـە، ئەممـا زاھىدلىـق ۋە ھېكمـەت ئىلمـى ھەققـىدە پىكىـر

قىلمىسا، قەلبى قاتتىقلىشىدۇ. قاتتىق قەلب ئاللاھ تەئالادىن ئۇزاقتۇر. ئەگەر نۇجۇم بىلەن ھېكمەت ئىلمىنى تەلىم ئالسا، قەلبى قاتتىقلىشىدۇ، قاتتىق قەلب ئاللاھ تەئالادىن ئۇزاقتۇر. ئەگەر نۇجۇم ۋە ھېكمەت ئىلمىدىن ھېساب - كىتابنى بىلىدىغان مىقداردا ئۆگەنسە، بۇنىڭ زىيىنى يوق. ئەگەر قىبلىنى بىلىش ۋە ھېساب - كىتابقا يول تاپالايدىغان مىقدارچە ئۆگەنسە، ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. ئاللاھ تەئالا:

«ۋە (ئۇ يوللارغا) بەلگىلەر (قىلىپ قويدى. كېچىلەردە بولسا كىشىلەر) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ.» (نەھل سۈرىسى 16 - ئايەت)، دەيدۇ. يەنە بىر ئايەتتە:

«ئۇ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز زۇلمەتلىرىدە يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ قويغان زاتتۇر. بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى تەپسىلى بايان قىلدۇق.» (ئەنئام سۈرىسى 97 - ئايەت)، دەيدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئېيتىدۇ: «ئىلمى نۇجۇمدىن قىبلىلىرىڭلارنى تاپالايدىغان مىقداردا ئۆگىنىڭلار. قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن ئالاقە قىلغۇدەك مىقداردا نەسەب ئىلمىدىن تەلىم ئېلىڭلار.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇلتۇزلار ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشتىن مەنئى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەيمۇن ئىبنى مىھرانغا: «نۇجۇم ئىلمىگە ئەگەشمەڭلار، چۈنكى سېھىر ۋە پالچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ»، دېگەن.

www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى باب: ئىلىمدە مۇنازىرە قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: بەزى ئادەملەر ئىلىم ھەققىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشنى يامان كۆرۈشتى. بۇنىڭغا ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئۇلار: بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىراقمۇ ياكى ئۇمۇ (ئىيسامۇ؟!) دېدى. ئۇلار (بۇ مىسالنى) پەقەت تالاش - تارتىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى. ئۇلار خۇسۇمەتچى - ئۇرۇشقاق قەۋمدۇر!» زۇخرۇف سۈرىسى 58 - ئايەت.

«بىز بۇ قۇرئاندا ئادەملەرگە (پەند - نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن) تۈرلۈك مىساللارنى بايان قىلدۇق. دەرھەقىقەت، ئىنسان بەك كۆپ جاڭجال - بەھس قىلغۇچىدۇر.» (كەھف سۈرىسى 54 - ئايەت)، دېگەن سۆزلىرىنى ھۆججەت قىلىشتى .

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھقا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغىنى خۇسۇمەتتە بولىدىغان كىشىدۇر.»

ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر قەۋم تالاش - تارتىش سەۋەبىدىنلا ھىدايەتتىن ئاداشتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «شۈبھىنى تەرك قىل، گەرچە ھەق

بولساڭمۇ.» بۇ ھەدىس باشقا لەفز بىلەنمۇ رىۋايەت قىلىنغان: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىمانىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆزى ھەق بولغان ھالىتىدە شۈبھىنى تەرك قىلمىغۇچە تاپالمايدۇ.»

چۈنكى شۈبھە ئاداۋەتكە ئېلىپ بارىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەت ھارامدۇر. ئىلىم ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەئالانىڭ:

«(ئى مۇھەممەد)، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولى ــ دىنىغا دانالىق، ھېكمەت ۋە چىرايلىق پەند ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن!» نەھل سۈرىسى 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«ئۇلار (زامانداش ئەھلى كىتابلار بىلەن ئەسھابۇلكەھف) خۇسۇسىدا (ئۆزەڭلارغا نازىل بولغان ۋەھيي ۋاستىسىدە) ئوچۇق مۇجادىلە ــ مۇنازىرە قىلغىن ۋە (ئەسھابۇلكەھف) ھەققىدە ئۇلارنىڭ بىرسىدىن سوئال سورىمىغىن!» كەھف، 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«ئاللاھ پادىشاھلىق بەرگەندىن كۆرەڭلەپ ئىبراھىم بىلەن پەرۋەردىگارى ھەققىدە تالاشقان كىشىنىڭ (نەمرۇدنىڭ) ھال ـ ئەھۋالىنى بىلمىدىڭلارمۇ؟ قاچانكى ئىبراھىم: ‹پەرۋەردىگارىم تىرىلدۈرۈپ، ئۆلتۈرۈدىغان زاتتۇر»، دېگەندە، ئۇ: «مەن (ھەم) تىرىلدۈرىمەن ۋە ئۆلتۈرىمەن»، دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «ئەلۋەتتە ئاللاھ قۇياشنى مەشرىقتىن چىقىرىدۇ. سەن ئۇنى مەغرىبتىن چىقارغىن قېنى؟› شۇ چاغدا بۇ ئىنكار قىلغۇچى گەپ قىلالماي قالدى. ئاللاھ زالىم كىشىلەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» (بەقەرە، 258)، دېگەن سۆزلىرىگە بىنائەن، ئەگەر بەس – مۇنازىرە بىلەن ھەقىقەتنى زاھىر قىلىشنى مەقسەت قىلسا، زىيىنى يوق، دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئېيتىدۇ: «ئىھرامدىكى كىشى يەيدىغان ئۇۋنىڭ گۆشى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى. ۋەھالەنكى، ئۇ ئۇۋنى ھالال كىشى سويۇغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاۋاتقان ئىدى. بىزنىڭ ئاۋازىمىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاۋقۇندىن ئويغىنىپ: «نېمە ھەقتە تالاش - تارتىش قىلىۋاتىسىلەر؟» دېدى. بىز مەسىلىنى خەۋەر بەردۇق، ئۇ زات بىزگە ئۇنى يېيىشنى بۇيرىدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى ئىنكار قىلمىدى، چۈنكى مۇنازىرە ھەقنى باتىلدىن ئايرىيدۇ. ھەق خۇسۇسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش مۇباھتۇر.

بەس - مۇنازىرىنى ئىنكار قىلىش توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ مەنىسى شۇكى، ئورۇنسىز مۇنازىرە قىلسا ۋە بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشنى، مەغرۇرلۇقنى خاھلىسا، مۇنازىرە مەكرۇھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغاندەك: «كىمكى ئىلىمنى ئۈچ نەرسە ئۈچۈن تەلەپ قىلسا، ئۇ دوزاختىدۇر: ئىلىم بىلەن ئالىملارغا ماختانماقچى بولسا؛ ئەخمەقلەر بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى بولسا؛ ئادەملەرنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولسا.»

ئۇيغۇر كىتابخانا تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئون تۆتىنچى باب: تەلىم ئالغۇچىنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: تەلىم ئالغۇچى موھتاج بولىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى - ئالغان ئىلمىدىن پايدىلىنىشى ۋە ئۆزىدىن ئۆگىنىۋاتقان كىشىگە پايدا بېرىشى ئۈچۈن نىيىتىنى توغرىلاپ ئېلىشتۇر. ئەگەر نىيىتىنى توغرىلىماقچى بولسا، تۆت نەرسىنى مەقسەت قىلىشى لازىم.

1. ئىلىم ئېلىش بىلەن جاھىللىقتىن چىقىشنى نىيەت قىلىش. چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«ئېيتقىن: ‹بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ›؟!» (زۇمەر سۈرىسى 9 - ئايەت)، دېگەن.

2. ئىلمى بىلەن خەلققە پايدا كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلىش. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىنسانلارغا پايدىسى كۆپرەك تېگىدىغان كىشىدۇر»، دېگەن.

3. تەلىم ئېلىش بىلەن ئىلىمنى تىرىلدۈرۈشنى نىيەت قىلىش. چۈنكى ئىنسانلار تەلىم ئېلىشنى تاشلاپ قويسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئىلىمنى ئۆگىنىڭلار»، دېگەندەك، ئىلىم كېتىپ قالىدۇ.

ئىلمىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى كېتىپ قېلىشىدۇر.

4. تەلىم ئېلىش بىلەن بىرگە ئىلمىگە ئەمەل قىلىشنى نىيەت قىلىش، چۈنكى ئىلىم ئەمەل قىلىش ئۈچۈندۇر ۋە ئەمەلسىز ئىلىمنى تەلەپ قىلىش بىھۇدە ئىشتۇر، خۇددى ئىلىمسىز ئەمەل بىھۇدە بولغاندەك.

ئېيتىدۇكى، ئەمەلسىز ئىلىم ئۇۋالدۇر، ئىلىمسىز ئەمەل زالالەتتۇر. تەلىم ئالغۇچى ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى، ئاخىرەتلىكنى تەلەپ قىلىشى، دۇنيانى تىلىمەسلىكى لازىم. ئەگەر ئىلىم بىلەن ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى ۋە ئاخىرەتلىكنى تەلەپ قىلسا، ھەر ئىككىسىگە باراۋەر يېتىدۇ، خۇددى ئاللاھ تەئالا:

«كىم (ئۆز ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەت ئېكىنىنى (ساۋابىنى) تىلىسە، بىز ئۇنىڭغا ئېكىنىنىڭ (ھوسۇلىنى) مول ـ زىيادە قىلىمىز. كىم دۇنيا ئېكىنىنى تىلىسە، بىز ئۇنىڭغا شۇنىڭدىن (دۇنيا ماتالىرىدىن) بېرىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە بەرەر نېسىۋە بولمايدۇ!» (شۇرا سۈرىسى 20 - ئايەت) دېگىنىدەك.

زەيد ئىبنى سابىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمنىڭ نىيىتى دۇنيا بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئىشىنى ئايرىيدۇ ۋە پېقىرلىقنى ئىككى كۆزى ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ، دۇنيادا ئۇنىڭغا ئاللاھ تەئالا تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقىسى كەلمەيدۇ. كىمنىڭ نىيىتى ئاخىرەت بولسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى جەملەپ قويىدۇ، بايلىقنى قەلبىدە قىلىدۇ، دۇنيا ئۇنىڭغا پاسكىنا ۋە خار بولۇپ كۆرۈنىدۇ.»

ئەگەر كىشى نىيىتىنى توغرىلاشقا قادىر بولمىسىمۇ، ئىلىمنى تاشلاپ قويمىسۇن، شۇ ئەۋزەل ئىش، چۈنكى تەلىم ئېلىۋەرسە، ئىلىم ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

نىيىتنى توغرىلاپ قويۇشى مۇمكىن.

ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغانكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم ئىلىمنى ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا نەرسە ئۈچۈن تەلەپ قىلسا، ئىلىم ئۇنىڭدا ھاسىل بولىدۇ لېكىن نىيىتى ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن بولغانغا قەدەر دۇنيادىن كەتمەيدۇ»، دېگەن.

مۇجاھىد: «بىز ئىلىمنى تەلەپ قىلدۇق، لېكىن، بىزنىڭ نىيىتىمىز كەم ئىدى. كېيىن ئاللاھ تەئالا بىزگە نىيەتنى رىزىق قىلىپ بەردى»، دەيدۇ.

ئەگەر ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشنى خاھلىسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن چىقىشى ئەۋزەل بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى رۇخسەت بەرمىسىمۇ، چىقىپ كېتىۋەرسە، ئەگەر ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ خىزمىتىدىن بىھاجەت بولسا پەرزەنتكە گۇناھ بولمايدۇ.

تەلىم ئالغۇچىنىڭ بىر ەر پەرزنى تەرك قىلىشى ياكى ئۇنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈشى دۇرۇست ئەمەس. ئىلىم ئېلىش سەۋەبلىك باشقىلارغا ئازار بېرىشىمۇ لايىق بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئىلىمنىڭ بەرىكىتى كېتىدۇ. ئىلىم ئالغۇچى ئىلىمدە بېخىللىق قىلىشى دۇرۇست ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقىلار كىتابىنى ياكى مەسىلىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىشنى سورىسا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا ئىلىم ئۆگەنگۈچى بېخىللىق قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇ تەلىم ئېلىش بىلەن كەلگۈسىدە خەلققە پايدا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالەتتە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن يالتىيىشى ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئېيتىدۇ: «ئىلىمگە بېخىللىق قىلغان كىشى

تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرسى بىلەن بالاغا ئۇچرايدۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىدۇ: ئىلمى بىھۇدە كېتىدۇ ياكى پادىشاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ ياكى ياد ئالغان ئىلمىنى ئېسىدىن چىقىرىدۇ.»

تەلىم ئالغۇچى ئىلىمنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، كىتابنى يەرگە قويۇشى، پاسكىنا قول بىلەن تۇتۇشى لايىق ئەمەس، بەلكى تاھارەت بىلەن تۇتۇشى لازىم. تەلىم ئالغۇچى يېيىش، ئىچىش، ئۇخلاشتىن بولغان نېسىۋىسىنى تاشلىۋەتمەسلىكى، شۇنىڭدەك، ھەشەمەتلىك ھاياتنى ئارزۇ قىلماسلىقى كېرەك. ئۇ ئىنسانلار بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلار بىلەن ئارىلىششى، ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقى لازىم. ماقالىدا ئېيتىلىدۇكى: «كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىدىن كېرەكلىك نەرسىلىرى كېتىدۇ.»

لوقمان ھەكىمگە: «ئۇشبۇ مەرتىۋىگىزگە قانداق يېتىشتىڭىز؟» دېيىلگەندە، «توغرا سۆز، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئۆزەمگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى تەرك قىلىش بىلەن يەتتىم»، دېگەن ئىكەن.

تەلىم ئالغۇچى داۋاملىق دەرس قىلىشى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ياكى يالغۇز ئۆزى مەسىلىلەرنى تەكرارلاپ تۇرۇشى لازىم. يەزىد رەققاشى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزگە بىر ھەدىسنى ئېيتىپ، ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. بىز ئۆز ئارا تەكرارلايتتۇق، ئۇ خۇددى قەلبىمىزگە قۇيۇلغاندەك بولاتتى.» بۇ ئەھۋال ئاللاھ تەئالانىڭ:

«(بىز ئۇنىڭغا): «ئى يەھيا، كىتابنى (تەۋراتنى) مەھكەم تۇتقىن»،

(دېـدۇق) ۋە ئۇنىڭغـا گۆدەكلىـك چېغىدىـلا ھېكمـەت ـ مەرىپـەت ئاتـا قىلدۇق.»

(مەريـەم سۈرىسـى 12 ـ ئايـەت)، دېگـەن سـۆزىدىمۇ زىكـر قىلىنغانـدۇر. يەنـى، دەرسـنى تىرىشـچانلىق ۋە داۋاملىـق ئىـلىشـقا ئۈندەيـدۇ. بىر مىسـالدا، دەرسـنى مەھكەم تـۇت، چۈنكـى دەرس زىرائـەت تېرىشـتۇر، دېيىلگـەن ئىـدى. ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىـن: «بـۇ ئىلىمگـە نېمـە بىلـەن يەتتىڭىـز؟» دەپ سوراشـقاندا، «سـورىغۇچى تىـل، ئەقىللىـق قەلـب، مـالال بولمايدىغـان دىـل ۋە مېھنەتكـەش قـول بىلـەن»، دېگـەن. بـەزى رىۋايەتلـەردە: «قىينىچىلىقتىمـۇ، خۇشـاللىقتىمۇ سـەبر قىلغۇچـى بـەدەن بىلـەن»، دېگەنلىكـى زىكـر قىلىنـىدۇ.

شـەئبىي: «كىمنىـڭ يـۈزى يۇمشـىسـا، ئىلمى يۇمشـايدۇ»، دەيـدۇ. بۈزرۈگ مېھرىدىـن ئۇشـبۇ دەرىجىسـىگە قانـداق يەتكەنلىكـى سـورالغاندا، «قارىغـۇدەك ھەمىشـە جىـم تـۇرۇش بىلـەن، ئىتنىـڭ سۆيكىلىشـىدەك سـۆيكىلىش بىلـەن، مۈشـۈكنىڭ تەزەررۇسـىدەك تـەزەررۇ بىلـەن، چوشـقىنىڭ ئاچكۆزلۈكـىدەك ئاچكۆزلـۈك بىلـەن ۋە ئېشـەكنىڭ سـەبرىدەك سـەبر قىلىـش بىلـەن»، دېگـەن ئىكـەن.

تەلىـم ئالغۇچـى، ئەگـەر ئۇنىـڭ بىلـەن بىـر ئىنسـان ئوتتۇرىسـىدا نىـزا ياكـى خۇسـۇمەت پەيـدا بولـۇپ قالسـا، مۇلايىملىـق ۋە ئىنسـاپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشـى لازىـم. ئۇنىـڭ بىلـەن جاھىـل كىشـىنىڭ ئارىسـىدا پـەرق بولۇشـى كېـرەك. چۈنكـى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: «مۇلايىملىـق قايسـى بىـر نەرسـىنىڭ ئىچىگـە كىرسـە، ئۇنـى چىرايلىـق قىلىـدۇ. نادانلىـق قايسـى بىـر نەرسـىنىڭ ئىچىگـە كىرسـە، ئۇنـى ئابرۇيسـىزلاندۇرىدۇ»، دېگـەن.

تەلىـم ئالغۇچـى ئۇسـتازىنى ھۆرمـەت قىلىشـى لازىـم. ئۇسـتازنى ھۆرمـەت

قىلىش ئىلىمگە بەرىكەت بېرىدۇ ۋە ئەكسىچە، مەنسىتمىسە، ئىلىمدىن بەرىكەت كېتىدۇ.

تەلىم ئالغۇچى ئىنسانلار بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىنسانلار بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلغان، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئىشەنچ ھاسىل قىلمايدىغان كىشىدۇر، دېيىلىدۇ.

ۋە يەنە تەلىم ئالغۇچىدا ئۈچ خىسلەت بولۇشى لازىم، شۇنداق بولغاندا ئالىمنىڭ سۆزىدىن پايدا ئالىدۇ: 1) نەفسىدە كەمتەرلىك؛ 2) ئىلىمگە ھېرىسلىق؛ 3) ئالىملارنى ھۆرمەت قىلىش. كەمتەرلىكى تۈپەيلى ئىلىمنىڭ پايدىسى بولىدۇ، ھېرسى بىلەن ئىلىمنى (ئالىمدىن) چىقىرىپ ئالىدۇ ۋە ئۇستازنى ئۇلۇغلاش بىلەن ئۇلىمالارغا باغلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئون بەشىنچى باب: قازىلىقنى قوبۇل قىلىش ۋە قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: قازىلىقنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىمۇ ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزىلەر قازىلىقنى قوبۇل قىلىش دۇرۇست ئەمەس، دېيىشىدۇ. بەزىلەر، ئۆزى تەلەپ قىلماستىن قازىلىققا تەيىنلەنسە، ئەگەر ئۇ شۇ ئىشقا سالاھىيەتلىك بولسا، قوبۇل قىلسا، زىيىنى يوق، دېيىشتى. بۇ ئىككىنچىسى بىزنىڭ ساھىبلىرىمىزنىڭ سۆزىدۇر.

ئۇنى قوبۇل قىلىش دۇرۇست ئەمەس، دېگەن كىشىلەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ئۇشبۇ ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈشىدۇ: «قىيامەت كۈنىدە ئادىل قازى كەلتۈرۈلىدۇ ۋە قازىلىق قىلىشنى يامان كۆرۈپ قالىدىغان دەرىجىدە قاتتىق ھېسابقا تارتىلىدۇ.» يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «كىم قازىلىققا تەيىنلەنسە، گويا پىچاقسىز سويۇلغان بولىدۇ»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

شۇرەيك ھەسەن بەسرىينىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەنى ئىسرائىلدىن بىر كىشى قازىلىق تەلەپ قىلسا، پەيغەمبەر تەرەپتارلىرى ئۇنىڭدىن نائۇمىد بولاتتى.»

ئەبۇ ئەييۇب ئېيتىدۇ: «ئەبۇ قۇلابە قازىلىققا چاقىرىلغاندا، شامغا قېچىپ كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى شام قازىسىنىڭ ۋەزىپىسىدىن بوشاش ۋاقتىغا توغرا كەلدى. نەتىجىدە يەنە قاچتى ۋە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، يەمامىغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرگىنىمدە: ‹قازى دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان كىشىگە ئوخشايدىكەن، ئەگەر ياخشى ئۈزەلمىسە، غەرق بولۇپ كېتىدىكەن›، دېدى.»

سۇفيان سەۋرىي قازىلىققا چاقىرىلغاندا، بەسرىگە قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇپ ياتقان. ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئارقىسىدىن ئادەم ئەۋەتكەن، لېكىن ئۇنى تاپالمىغان. ئۇ كىشى يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھقا دەررە ئۇرۇشتى، ھەپسىگە ئېلىشتى، لېكىن ئۇ زات قازىلىقنى قوبۇل قىلمىدى.

قازىلىقنى قوبۇل قىلىشنىڭ زىيىنى يوق، دېگەن كىشىلەرنىڭ ھۆججىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «كىم قازىلىقنى ئارزۇ قىلسا ۋە ياردەم سورىسا، ئۆزىگە تاشلاپ قويۇلىدۇ ۋە كىم قازىلىققا مەجبۇرەن تەيىنلەنسە، ئۇنى توغرىلاپ تۇرىدىغان بىر پەرىشتە چۈشىدۇ.»

ھەسەن بەسرىي ئېيتىدۇ: «بىر كۈنلۈك ئادالەتلىك ھۆكۈمنىڭ ئەجرى ئۆيىدە يەتمىش يىل ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرىدىن ئەۋزەلدۇر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇررەھمان ئىبنى سەمۇرەگە: «ئەمىرلىكنى سورىما، چۈنكى ئەگەر ئۆزەڭ سوراپ ئالساڭ، ئۇنىڭغا جاۋابكار بولىسەن، ئۆزەڭگە سورىماستىن بېرىلسە، ياردەم ئالىسەن»، دېگەن.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرىپ: ‹بىزنى بەزى ئىشلىرىڭىزغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىسىڭىز، بىزدە ئامانەتدارلىق ۋە ياخشى خىسلەتلەر بار›، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹بىز ئۆزى خاھلىغان ۋە تەلەپ قىلغان كىشىنى ئىشلىرىمىزغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىمەيمىز›، دېدى.»

www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باب: قازىنىڭ ئەدەبلىرى توغرىسىدا

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: قازى ھەر ئىككى دەۋاگەرنى ئولتۇرغۇزۇشتا، ئۇلارغا قاراشتا ۋە باشقا مۇئامىلىلەردە، ئەسەرلەردە كەلگىنىدەك، باراۋەر بولۇشى كېرەك. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار قازىلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرسا، ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، مەجلىستە، ئىشارەتتە ۋە نەزەردە بىر خىل بولسۇن. دەۋاگەرلەرنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە نىسبەتەن كۆتۈرمىسۇن. قازى ھۆكۈم قىلىۋاتقاندا ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشى لازىم›، دېگەن».

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹قازى پەقەت نەپسى، كۆزى توق ھالدا ھۆكۈم قىلسۇن›، دېگەن.»

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىجىستاندا قازى بولغان ئوغلىغا: «غەزەپلەنگەن ۋاقتىڭدا ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلما، چۈنكى مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹قازى غەزەپلەنگەن ھالدا ئىككى ئادەم ئارىسىدا ھۆكۈم قىلمىسۇن›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن»، دەپ خەت يازغان.

ھەسەن بەسرىي: «ئاللاھ تەئالا ھاكىملارغا ئۈچ نەرسىنى بۇيرۇدى: ھاۋايى نەفسىگە ئەگەشمەسلىكنى، ئاللاھ تەئالادىن قورقۇشنى ۋە ئىنسانلاردىن قورقماسلىقنى، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئاز پۇلغا ساتماسلىقنى»،

دېدى. ئارقىدىن ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇشبۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇدى:

«ئى داۋۇد، دەرھەقىقەت، بىز سېنى يەردە خەلىپە قىلدۇق. سەن (نەپس) خاھىشىڭغا ئەگىشىپ كەتمىگىن! ئۇنداق قىلمىغاندا نەپسىڭ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ. ئەلۋەتتە ئاللاھ يولىدىن ئازغان كىشىلەر ئۈچۈن ھېساب - كىتاب كۈنىنى (قىيامەتنى) ئۇنتۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك قاتتىق ئازاب باردۇر.» ساد سۈرىسى 26 - ئايەت.

«ئەلۋەتتە، بىز تەۋراتنى ھىدايەت ۋە نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل قىلغانمىز. ئاللاھقا بويسۇنغۇچى بولغان پەيغەمبەرلەر، ئىلاھىي بىلىم ئىگىلىرى ۋە دانىشمەنلەر ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ كىتابى ئامانەت قويۇلغىنى سەۋەبلىك يەھۇدىيلارغا ئۇ (تەۋرات ھۆكۈملىرى) بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلار بۇ كىتاب ئۈستىدە گۇۋاھتۇر. (ئى يەھۇدىي ئۆلىمالىرى)، ئادەملەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار ۋە مېنىڭ ئايەتلىرىمنى قىممىتى ئاز نەرسىگە ئالماشتۇرماڭلار! كىمكى ئاللاھ نازىل قىلغان دىن بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، ئۇلار كاپىرلاردۇر.» مائىدە سۈرىسى 44 - ئايەت.

داۋۇد ۋە سۇلايماننىڭ ئىككىنزارلىق ھەققىدە ھۆكۈم قىلىۋاتقان ۋاقتىنى (ئويلىغىن). شۇ چاغدا ئۇنىڭغا قەۋمنىڭ قويلىرى بېسىپ كىرىپ (ئۇنى پايمال قىلىۋەتكەن) ئىدى. بىز ئۇلار (چىقارغان) ھۆكۈمگە شاھىد ئىدۇق.» (ئەنبىيا سۈرىسى 78 - ئايەت). كېيىن: «ئەگەر ئاللاھ تەئالا بۇ ئىككىسىنىڭ (داۋۇد ۋە سۇلايماننىڭ) ئىشىنى زىكىر قىلمىغان بولسا، قازىلار ھالاك بولىدۇ، دەپ ئويلىغان بولاتتىم. لېكىن ئاللاھ بىرىنى (سۇلايماننى) ئىلمى سەۋەبلىك ماختىدى ۋە بىرىنى (داۋۇدنى) ئىجتىھادى سەۋەبلىك ئۆزرىلىك ساندى»، دېدى.

# ئون يەتتىنچى باب: قۇرئاننى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش توغرىسىدا

فەقىھ ئەبۇللەيس سەمەرقەندى رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: قۇرئان ئوقۇيالايدىغان كىشى بەزى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى تاشلاپ قويۇشى دۇرۇست ئەمەس. قانچە كۆپ ئوقۇسا، ئەۋزەلدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قۇرئاننى باشتىن – ئاخىر تەرتىب بىلەن ئوقۇپ تاماملىغان كىشىدۇر. يەنى قۇرئان ئوقۇشقا باشلىغاندا، فاتىھە سۈرىسىدىن باشلاپ، ئاخىرىغىچە ئوقۇپ تۈگەتكەن كىشى. قۇرئان ئوقۇيدىغان كىشى ئاز دېگەندە، ئەگەر كۆپرەك ئوقۇشقا قادىر بولمىسا بىر يىلدا ئىككى قېتىم تامام قىلىشى لازىم»، دېگەن.

ھەسەن ئىبنى زىياد ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر يىلدا ئىككى قېتىم قۇرئاننى خەتمە قىلغان كىشى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلغان يىلى جىبرىل ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەرگەن ئىدى.»

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ئەجىر - ساۋابى كۆرسىتىلدى، ھەتتاكى ئىنسان مەسجىدنى سۈپۈرۈپ چىقىرىپ تاشلىغان خەسنىڭ ساۋابىمۇ كۆرسىتىلدى. لېكىن مەن قۇرئان ئوقۇشتىن ئۇلۇغراق ياخشىلىقنى كۆرمىدىم.

ماڭا ئۈممىتىمنىڭ گۇناھلىرى كۆرسىتىلدى، كىشى ياد ئالغاندىن كېيىن ئېسىدىن چىقارغان ئايەت ياكى سۈرىنىڭ گۇناھىدىن چوڭراق گۇناھنى كۆرمىدىم»، دېدى.

ئەبۇ ئابدۇررەھمان سۇلەمي ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ زات رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتكىنىڭلاردۇر.» ئابدۇررەھمان: «مانا شۇ ھەدىس مېنى مۇشۇ جايغا ئولتۇرغۇزدى»، دېگەن، يەنى، ئىنسانلارغا تەلىم بېرىش ئۈچۈن ئولتۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان. چۈنكى، ئۇ كىشى ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇستازى ئىدى.

زۇننۇن مىسري ئېيتىدۇ: مەن مەسجىدكە كىرگىنىمدە: «ئۇلارنىڭ ئۇستىدە يېشىل يىپەك ۋە شايى لىباسلار بولۇپ، ئۇلار كۈمۈش بىلەزۈكلەر بىلەن بېزەنگەندۇر ۋە پەرۋەردىگارى ئۇلارنى ناھايىتى پاكىز شاراب بىلەن سۇغارغاندۇر.» (ئىنسان سۈرىسى 21 - ئايەت)، دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقان كىشىنى كۆردۈم، ئۇ ئايەتنى قايتا – قايتا ئوقۇيتتى ۋە قولى بىلەن خۇددى بىر نەرسە ئىچىۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا: «سەن بىر نەرسە ئىچىۋاتامسەن ياكى ئوقۇۋاتامسەن؟» دېدىم. ئۇ ماڭا: «مەن ئوقۇشتىن شۇنداق بىر لەززەت ئالىمەنكى، ئوقۇۋېتىپ مەزكۇر (ئايەتتە زىكىر قىلىنغان) شاراپنى ئىچكەندەك بولىمەن»، دېدى.

خەۋەرلەردە كېلىشىچە، ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بولۇپ، ئەگەر ئۇ قۇرئان ئوقۇسا، پەرىشتىلەر ئۇنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىبادىتىنى

توختىتىدىكەن.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايلىق ئاۋازى بار ئىدى. ئەگەر زەبۇرنى ئوقۇسا، سۇ ئېقىشتىن توختاپ قالاتتى. قۇشلار ھاۋادا، ھايۋانلار ۋە يىرتقۇچلار زېمىندا توختاپ قېتىپ قالاتتىكەن. يىرتقۇچلار چارۋا ماللارغا ئارىلىشىپ كېتەتتىكەن.

قىيامەت كۈنى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامغا ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئوقۇش ئەمر قىلىنىدۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «ئى رەببىم، مېنىڭ ئاۋازىم قېنى؟» دەيدۇ. «ساڭا ئاۋازىڭ قايتۇرۇلدى»، دېيىلىدۇ. ئۇ زاتقا ئاۋازى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، كېيىن ھۆجرىلاردىن ھۆرلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئۇ ئاۋازلارنى ھېچ كىم ھېچ قاچان ئاڭلىمىغان. ئاللاھ تەئالا: «يېقىملىق ئاۋازلارنى ئاڭلىمىغانمۇ؟» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پەردە كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئاللاھ ئۇلارغا: «سىلەرگە سالاملار بولسۇن»، دەيدۇ. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ:

«(مۇئمىنلەر ئاللاھقا) روبىرو بولىدىغان كۈندە ئۇلارغا (ئاللاھ تەرىپىدىن يوللىنىدىغان) سالام ـــ تىنچلىق - ئامانلىق تىلەش بولىدۇ. (ئاللاھ) ئۇلار ئۈچۈن ئۇلۇغ مۇكاپات (جەننەت) تەييارلاپ قويغاندۇر.» (ئەھزاب سۈرىسى 44 - ئايەت)، دېگەن سۆزىدۇر.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچ سەۋەبكە كۆرە بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىدىدە، ھەق ئالماستىن؛ ئىككىنچىسى، ئەجرى (مائاش) ھېسابىغا؛ ئۈچىنچىسى، بىرەر شەرتسىز، ئەگەر، ھەدىيە قىلىشسا، قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەلىم بەرگەن مۇئەللىمگە ئەجىر بار ۋە ئۇنىڭ ئەمەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەللىرىدۇر. ئەگەر ھەق بەدىلىگە تەلىم بەرسە، بۇ ھەقتە ئىختىلاپ بار. ئالدىنقىلار: «تەلىم ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ھەق ئېلىش جائىز ئەمەس، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ، يەتكۈزۈڭلار›، دېگەن. ئۇ زاتنىڭ ئۈممەتلىرىگىمۇ ئۇ زاتقا ۋاجىب بولغاندەك ئىلىم يەتكۈزۈش ۋاجىب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەق ئېلىش جائىز بولمىغاندەك، ئۈممەتلەرگىمۇ جائىز ئەمەس»، دېيىشتى. كېيىنكى ئۆلىمالاردىن ئاسىم ئىبنى يۈسۈف، ناسىر ئىبنى يەھيا، ئەبۇ ناسىر ئىبنى سالام ۋە باشقىلار جائىز ھېسابلاشتى. تەلىم ئالغۇچى ئۈچۈن قۇرئان يادلاشقا، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىشكە ھەق بېرىشنى شەرت قىلىپ ئېلىشى ئەۋزەلدۇر. ئۇستاز - شاگىرت قۇرئاننىڭ تەلىمىدە ھەق ئېلىشنى شەرتلىشىپ ئېلىشتا گۇناھ يوق دەپ بىلىمەن، چۈنكى مۇسۇلمانلار شۇنى بىر - بىرلىرىدىن مىراس قىلىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بار. ئۈچىنچى سەۋەبكە كۆرە، ئۇستاز شەرتلەشمەستىن تەلىم بەرسە ۋە ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنسا، ھەدىيەنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىتتىپاق قىلىشقان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ مۇئەللىم بولغان ۋە ھەدىيەنى قوبۇل قىلغان. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى غازاتقا كېتىۋاتقاندا بىر ئەرەب مەھەللىسىدىن بىر كىشى كېلىپ: «ئىچىڭلاردا دەم سالىدىغان ئادەم بارمۇ؟ قەبىلە ئاقساقىلىنى چايان چېقىۋالغان»، دېدى. بىر ساھابە ئۇنىڭغا فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ دەم سالدى، ئۇ ساقايدى. ئۇنىڭغا قويلىرىدىن بىر نەچچىنى ھەدىيە قىلدى. ئۇ ساھابە ئېلىشتىن باش تارتتى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقاندا: «نىمە بىلەن دەم سالدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «فاتىھە بىلەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «فاتىھە سۈرىسى بىلەن دەم سېلىش كېرەكلىكىنى نەدىن بىلدىڭ، قويلارنى ئال ۋە ماڭىمۇ ئۈلۈش

بەر»، دېدى. يەنى، ھەق ئېلىش مۇباھتۇر.

بەزى ئالىملار قۇرئانغا چېكىت ۋە بەلگە قويۇشنى يامان كۆرۈشتى. بۇ ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزلىرىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: «قۇرئاننى ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالىي قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىگە قوشۇپ بىر نەرسە يازماڭلار، ئۇنىڭغا بەلگە قويماڭلار ۋە ئۇنى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن زىننەتلەڭلار، ئۇنى ئەرەبىي قىلىپ ئوقۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئەرەبچەدۇر»، دېگەن. لېكىن بىز ئېيتىمىزكى، ئۇنىڭغا نۇقتا ۋە بەلگە قويسا، زىيىنى يوق، مۇسۇلمانلار بۇ ئىشنى مىراس قىلىپ ئالغان. چۈنكى ئۇنىڭغا موھتاج بولغان، بولۇپمۇ ئەجەملەر. نۇقتا، ئالامەتلەرنى قويۇش كېرەك، چۈنكى ئۇلار مۇكەللەپتۇر.

جۇنۇب كىشى ۋە ھەيز كۆرگەن ئايال قۇرئان ئوقۇسا، قۇرئاننى تۇتسا بولمايدۇ، پەقەت غىلاپلىق بولسا، ئاندىن تۇتسا بولىدۇ. تاھارەتسىز كىشى ئوقۇسا بولىدۇ، لېكىن ئۇمۇ قۇرئاننى پەقەت غىلىپى بىلەن تۇتۇشى كېرەك.

«ئۇنى پەقەت تاھارەتلىك - پاك كىشىلەرلا تۇتىدۇ.» (ۋاقىئە سۈرىسى 79 - ئايەت)، دېگەن مۇھكەم ئايەت سەۋەبلىك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «قۇرئاننى پەقەت پاك كىشىلا تۇتىدۇ»، دېگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇيتتى.»

جىنازىدىن باشقا نەرسە كىشىنى قۇرئان ئوقۇشتىن مەنئى قىلالمايدۇ. قۇرئان ئوقۇغۇچىنىڭ تاھارەتلىك بولۇشى مۇستەھەبتۇر. جۇنۇب ۋە ھەيز

كۆرگـەن ئايـال بـىر ئايەتتـىن ئـاز ئوقۇشـنىڭ زىيىنـى يـوق. ئەگـەر مۇئەللىمـە ئايـال ھەيـز كۆرسـە، قۇرئانـدىـن تەلـىم بېرىشـتە بـىر ئايەتنـىڭ يېرىمنـى تەلقىـن قىلىـپ، قالغـان يېرىمنـى ئېيتـىدۇ. بـىر قېتىمـدا بـىر ئايەتنـى تولـۇق ئۆگەتمەيـدۇ. جۇنـۇب ۋە ھەيـزدار ئاياللـىڭ مەسـجىدگە كىرىشـى جائىـز ئەمەس. تاھارەتسـىز كىشـىنىڭ مەسـجىدگە كىرىشـىنىڭ زىيىنـى يـوق. جۇنـۇب ۋە ھەيـز كۆرگـەن ئايـال تەسـبىھ، تەھلـىل ئېيتىشـى، دۇئـا قىلىشـى جائىـز. پەقـەت قۇرئـان تىلاۋىتـى بىلـەن مەشـغۇل بولۇشـى جائىـز ئەمـەس.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى ئادرېسى

# ئون سەككىزىنچى باب: «سەبئۇلمەسانىي» تەپسىرى

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ زات ئاللاھ تەئالانىڭ: «دەرھەقىقەت، بىز سىزگە يەتتە تەكرارلانغۇچى ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق.» (ھىجر سۈرىسى 87 - ئايەت)، دېگەن سۆزىدىكى يەتتە تەكرارلانغۇچى ھەققىدە: «ئۇلار: بەقەرە، ئال ئىمران، نىسا، مائىدە، ئەنئام ۋە ئەئراف»، دېدى، ئەمما مەن يەتتىنچىسىنى ئۇنۇتتۇم. ئەلۋەتتە، بۇلار مەسانىي، يەنى، ماختالغان دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى ماختىدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى ساقلاپ قويدى.» تابىئىنلارمۇ خۇددى شۇنداق دېيىشكەن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدىن يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىدۇكى: «سەبئۇلمەسانىي (يەتتە تەكرارلانغۇچى) فاتىھە سۈرىسىدۇر.» ئىبنى مەسئۇد سەبئۇلمەسانىينى فاتىھەتۇلكىتاب، دېگەن. ئەبۇلئالىيە ئاللاھ تەئالانىڭ: «سەبئەن مىنەل مەسانىي» سۆزى ھەققىدە: «ئۇ ــ فاتىھەتۇل كىتاب»، دېگەن. ئۇ كىشىگە: «ئۇلار يەتتە ئۇزۇن سۈرىلەر ئەمەسمۇ؟» دېيىشكەندە، «بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ئۇزۇن سۈرىلەردىن بىر سۈرىمۇ نازىل بولمىغان ئىدى»، دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ

فاتىھەتۇل كىتاب›، دېدى.» يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئىرادە قىلغان.

ئېيتىدۇكى، فاتىھاتۇل كىتاب سەبئۇلمەسانىي دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇ يەتتە ئايەتتۇر ۋە ھەر نامازدا ئوقۇلغىنى سەۋەبلىك ماختالغاندۇر. يەنە ئېيتىلىدۇكى، ئۇنىڭ سەبئۇل مەسانىي دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئىككى قېتىم — بىر قېتىم مەككىدە ۋە بىر قېتىم مەدىنىدە نازىل بولغانلىقىدۇر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى باب: مەككە ۋە مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئابدۇررەززاق مەمۇردىن، ئۇ قەتادەدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «مەدىنىدە بەقەرە، ئال ئىمران، نىسا، مائىدە، ئەنئام، ئەنفال، تەۋبە، رەئد، نەھل، ھەج، نۇر، ئەھزاب، «ۋەللەزىينە كەفەرۇ»، فەتھى، ھۇجۇرات، ھەدىد، مۇجادىلە، ھەشر، قىتال (مۇھەممەد)، مۇمتەھىنە، سەف، جۇمئە، مۇنافىقۇن، تەغابۇن، تالاق، تەھرىم، «لەم يەكۇنىللەزىينە كەفەرۇ»، «ئىزا جائە نەسرۇللاھى»، «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد» ۋە ئىككى مۇئەۋۋىزە (ناس ۋە فەلەق) سۈرەلىرى نازىل بولغان. باشقا سۈرىلەر مەككىدە نازىل بولغان.» بەزىلەر ئەنئام سۈرىسىنىڭ ئالتە ئايىتى، نەھل سۈرىسىنىڭ بەزى ئايەتلىرى، «بەنى ئىسرائىل»نىڭ بىر قىسمى، قەسەس، ئىنسان سۈرىلىرىنىڭ بەزى ئايەتلىرى، شۇئەرا سۈرىسىنىڭ ئاخىرى ۋە «ۋەل ئادىيات» سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان، دېيىشىدۇ. مۇجاھىد: «فاتىھەتۇل كىتاب»نى مەدىنىدە نازىل بولغان، دېگەن. ئىبنى ئابباس مەككىدە نازىل بولغان، دېگەن.

ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىگىرمىنچى باب: بارائەت سۈرىسى ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئۆلىمالار بارائەت (تەۋبە) سۈرىسىنىڭ بېشىدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر روھىم»نىڭ چۈشۈپ قېلىشى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. بەزىلەر: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرئان نازىل بولسا، ئۇنى كاتىبلىرىغا يازدۇراتتى. بارائەت سۈرىسىنى يازدۇرغاندا كاتىب «بىسمىللاھىر روھمانىر روھىم»نى ئۇنۇتتى، نەتىجىدە بۇ سۈرە بىسمىللاھسىز بولۇپ قالدى»، دېيىشىدۇ.

باشقىلار: «بارائەت سۈرىسى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان. شۇنىڭغا ‹بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم›، يېزىلمىغان. چۈنكى بىسمىللاھنى يېزىشتا كاپىرلارغا ئامانلىق باردۇر، ئۇلارغا ئامانلىق بولماسلىق ئۈچۈن ئۇ تەرك قىلىندى»، دېگەن پىكىردە. مېنىڭچە ئەڭ توغرا سۆز ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ رىۋايەت: «ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن شۇ ھەقتە سورىدىم. ئۇ: «ئەنفال سۈرىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كېلىشتىن بۇرۇن نازىل بولغان، تەۋبە سۈرىسى قۇرئاننىڭ ئاخىرىدا نازىل بولدى، قىسسىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاش. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۇلارنىڭ بىر ياكى ئايرىم - ئايرىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلمىغان.

نەتىجىدە شۈبھە پەيدا بولغان. بەس، بىز ئۆلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىدۇق ۋە ‹بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم›نى يازمىدۇق›، دېدى.»

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورالغاندا: «بۇ قىلىچ بىلەن (ئەھدنى بىكار قىلىش ئۈچۈن) نازىل بولغان»، دېگەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يىگىرمە بىرىنچى باب: رەسۇلۇللاھنىڭ قۇرئاننى ئۇبەي ئىبنى كەئبكە ئوقۇپ بەرگەنلىكى ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى كەئبكە قۇرئاننى ئوقۇپ بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئۆلىمالارنىڭ بەزىلىرى رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارغا تەۋازۇنى ئۆگىتىش ئۈچۈن قۇرئاننى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى، چۈنكى كىشىلەرنىڭ تەلىم ئېلىش، ئوقۇش بىلەن ئۆزىدىن تۆۋەنرەك كىشىلەرگە كىبىر قىلماسلىقى ئۈچۈن، دېيىشىدۇ. بەزىلەر، بەلكى ئۇبەي ئىبنى كەئب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى تېز ئاڭقىرىپ ئالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرگەن ئىدى، دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىش بىلەن ئۇبەي ئىبنى كەئبنىڭ تەلىملىرىنى ئېلىشىنى ۋە ئۇنى ئۆزىدىن ئاڭلىغىنىدەك ئوقۇپ بېرىشىنى، باشقىلارغا ئۆگىتىشىنى مەقسەت قىلدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇبەي ئىبنى كەئبكە: ‹ئاللاھ تەئالا ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىشىمنى بۇيرىدى›، دېدى. ئۇ: ‹ئاللاھ مېنىڭ نامىمنى ئېيتتىمۇ؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ھەئە›، دېدى. شۇ چاغدا ئۇ يىغلىدى.»

رىۋايەت قىلىنىدۇكى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «‹لەم يەكۇنىللەزىينە كەفەرۇ›نى ئوقۇدى ۋە: ‹ئاللاھ ساڭا ‹لەم يەكۇنىللەزىينە

كەفەرۇ›نــى ئوقــۇپ بېرىشــىمنى بۇيرىــدى›، دېــدى.»

ئۇبــەي رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنــىڭ يىغلىشــى شــۇنداق نىئمەتكــە مۇناســىپ كۆرۈلگەنلىكىگــە خۇشــاللىقىدىن ۋە ئۆزلىرىنــى كىچىــك تۇتقانلىقىدىنــدۇر. ئۇشــبۇ نىئمــەت ئىككــى ۋەجدىــن:

بىرىنچىســى، ئــۇ زاتنىــڭ نامــى ئوچــۇق ئېيتىلىــپ تەيىــن قىلىنىشــى. ئىككىنچىســى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالامنىڭ ئــۇ زاتقــا ئوقۇپ بېرىشــى. بۇ ئىش بۈيــۈك دەرىجــە بولــۇپ، ئىنســانلاردىن بىرســىمۇ ئــۇ زاتقــا شــېرىك بولالمىــدى.

يەنــە ئېيتىلىشــىچە، ئۇبــەي ئىبنــى كەئــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇ بــۇ نىئمەتنىڭ شۇكرانىســىنى ئــادا قىلالماي قېلىشــتىن قورقــۇپ يىغلىغان.

ئۇبــەي ئىبنــى كەئــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغا بۇ ســۈرىنىڭ ئوقۇپ بېرىلىشــىنىڭ ســەۋەبى، ئــۇ قىســقا بولســىمۇ، ھەممــە ئۇســۇل، قائىــدە ۋە مۇھــىم نەرســىلەر ئۇنىڭــدا جەملەنگەنلىكىــدۇر. ئۇنىڭدىكــى ھالــەت قىســقىلىقنى تەقــەززا قىلىــدۇ.

ئاللاھ تەئــالا رەسۇلۇللاھقا بــۇ ســۈرىنى ئۇبــەي ئىبنــى كەئــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا ئوقــۇپ بېرىشــكە بۇيرۇشــتىكى ھېكمــەت، ئۇبــەي ئىبنــى كەئــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا قۇرئــان لەفزلىرىنــى، ئاھاڭلىرىنــى، توختــاش جايلىرىنــى بىلدۈرۈشــتۇر. چۈنكــى قۇرئــان ئاھاڭــى شــەرىئەت تــۈزۈپ قويغــان ئۇســلۇبقا بىنائەنــدۇر. ئاھاڭنىــڭ ھــەر زەربىــدە كۆڭۈللەرگــە تەســىرى بــاردۇر.

ۋە يەنــە ئېيتىلىدۇكــى، قۇرئاننــى ماھىــر، ئۇلــۇغ ھافىزلارغــا ئوقــۇپ بېرىــش، شــەرىئەت ئىلىملىرىنــى ئېلىشــتا كەمتــەر بولــۇش لازىــم، گەرچــە ئۇســتاز نەســەبتە، دىنــدا، پەزىلەتتــە، مەرتىۋىــدە، شــۆھرەتتە ۋە باشــقا نەرســىلەردە ئۆزىدىــن تــۆۋەن بولســىمۇ.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى باب: شېئىر ۋە شېئىر ئوقۇش توغرىسىدا

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر شېئىر ئوقۇش ھەققىدە گەپ قىلىشتى. بەزىلىرى ئۇنى يامان كۆردى، يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. يامان كۆرگەنلەر ئەئمەش ئەبۇ سالىھتىن، ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ھۆججەت قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «قورساقلىرىڭلارنىڭ يىرىڭ ۋە قان بىلەن تولۇپ كېتىشى شېئىر بىلەن تولۇپ كەتكەندىن ياخشىراقتۇر»، دېگەن. ئاللاھ تەئالا:

«شائىرلارغا يولدىن ئازغانلار ئەگىشىدۇ.» (شۇئەرا سۈرىسى 224 - ئايەت)، يەنى، ئاداشقانلار، دېگەن. شەئبىي: «ئۇلار (ئالدىنقىلار) شېئىرنىڭ بېشىغا ‹بىسمىللاھ› دەپ يېزىشنى يامان كۆرەتتى.»، دەيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەسرۇق شېئىردىن بىر بېيتنى مىسال ئېلىۋېتىپ، بىردىنلا ئۇنى يىرتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭغا: «بېيتنى تۈگەتكەن بولسىڭىز» دېيىشكەندە، «مەن نامە - ئەمالىمدا بىرەر بېيت بولۇشنى يامان كۆرىمەن»، دېدى.

ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف كەسىر ئىبنى ھىشامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇلكەرىمدىن ئاللاھ تەئالانىڭ ‹مىنەنناسى مەن يەشتەرى لەھۋەلھەدىسى›، دېگەن سۆزى ھەققىدە سوراشقاندا: ‹بۇ كۈي ۋە شېئىر›، دەپ جاۋاب

بـەردى.»

ئاتـا ئېيتـدۇ: «ئىبلـس: ‹ئـى رەببـم، مېنـى ئـادەم سـەۋەبلك جەننەتتىن چىقاردىـڭ، ئەمـدى مېنىـڭ ئۆيـۈم نـەدە؟› دېـدى. ئاللاھ تەئـالا ئېيتتـى: ‹هاممـام›، ئىبلـس: ‹مەجلىسـم نـەدە؟› دېـدى. ئاللاھ ئېيتتـى: ‹بـازار›، ‹ئوقۇيدىغـان نەرسـەم نېمـە؟› دېـدى. ئاللاھ ئېيتتـى: ‹شـېئىر›، ‹تۇزىقـم نېمـە؟› دېـدى. ئاللاھ ئېيتتـى: ‹ئاياللار›، ‹سـۆزۈم نېمـە؟› دېـدى. ئاللاھ ئېيتتـى: ‹غەيـۋەت ۋە يالغـان›، ‹كىتابـم نېمـە؟› دېـدى. ئاللاھ ئېيتتـى: ‹تېرىگـە نەقـش قىلـش›، دېـدى.»

شـېئىرنى مۇباھ دېگۈچىلەرنىـڭ دەلىلـى هىشـام ئىبنـى ئـۇرۋە ئاتىسـدىن رىۋايـەت قىلغـان هەدىسـتۇر: رەسـۇلۇللاھ ئەلەيهىسسـالام: «ئەلۋەتتـە شـېئىردە هېكمـەت بـار»، دېـدى. يەنـە هىشـام ئاتىسـدىن رىۋايـەت قىلدۇكى، ئاتىسـى: «شـېئىرنى، تېبابەتنـى، لۇغەتنـى، فىقهىنـى ئۇمموْلمۇئمىنىن ئائىشـەدىن بەكرەك بىلىدىغـان ئايالنـى كۆرمىدىـم»، دېگـەن ئىكـەن. سـەمماك ئىبنـى هـەرب جابىـر ئىبنـى سـۇمرەدىن رىۋايـەت قىلىـدۇ: «رەسـۇلۇللاھ ئەلەيهىسسـالامنىڭ ساهابىلىرى شـېئىر ئوقۇيتتـى. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيهىسسـالام ئۇلارنىـڭ ئارىسـدا تەبەسسـۇم قىلىـپ ئولتۇراتتـى.»

ئىكرىمـە ئىبنـى ئابباس رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇنىـڭ: «ئەگەر بىرىـڭلار قۇرئاندىن بىـرەر نەرسـىنى ئوقۇسـا ۋە تەپسـىرىنى ئىـدراك قىلالمىسـا، ئۇنـى شـېئىردىن ئىزلىسـۇن، چۈنكـى شـېئىر ئـەرەب دىۋانىـدۇر»، دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ.

ئەبـۇ دەرداغـا: «سـەندىن باشـقا هەممـە ئەنسـارلار شـېئىر ئېيتىـدۇ»، دېيىلگەنـدە، «مەنمـۇ شـېئىر ئېيتىمـەن»، دېگـەن ۋە شـېئىر ئوقۇغـان.

كەلبي ئەبۇ سالىھتىن، ئۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ھەدىسى يەتكەندە: «ئاللاھ ئەبۇ ھۇرەيرەگە رەھمەت قىلسۇن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قارنىنى قۇسۇق بىلەن تولدۇرۇشى، شېئىر بىلەن تولدۇرغىنىدىن ياخشىراق›، دېدى. بۇنىڭدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام باشقىلارنى ھەجۋى قىلىپ، ئابرۇيىسىزلاندۇرىدىغان شېئىرنى كۆزدە تۇتتى، دەپ جاۋاب بەردى.»

يەنە ئېيتىلىدۇكى، شېئىردىن چەكلەشتىكى مەقسەت ئەگەر كىشى شېئىر بىلەن مەشغۇل بولسا، قۇرئان ئوقۇش ۋە زىكردىن توسۇپ قويۇدۇ. ئەمما توسۇپ قويمىسا، شېئىر ئوقۇشنىڭ زىيىنى يوقتۇر.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە ئېيتىلغان رىۋايەتلەر

ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئۆلىمالار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن شېئىر رىۋايەت قىلىش توغرىسىدا گەپ قىلىشتى. بەزىلىرى، ئۇ زاتتىن شېئىر سابىت بولمىغانلىقىنى ئېيتىشتى ۋە بۇنىڭغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇشبۇ رىۋايەتلىرىنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈرۈشتى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شېئىر ئېيتامدى؟» دەپ سوراشقاندا، ئائىشە ئانىمىز ئېيتتىكى: «ئۇ زات ئۇچۇن سۆزلەرنىڭ ئەڭ يامىنى شېئىر ئىدى، لېكىن بىر قېتىم ئىبنى ھەيس ئىبنى تۇرفەنىڭ بېيتىنى كەلتۈرۈپ، ئاخىرىدىكى مىسرانى بېشىغا قويدى. ئۇ شۇنداق سۆزلەر ئىدى: ‹يېقىندا ساڭا كۈنلەر جاھىل ئەمەسلىكىنى زاھىر قىلىدۇ ۋە ساڭا زادى راھىلە ئالمىغان كىشى خەۋەر كەلتۈرىدۇ.› رەسۇلۇللاھ بۇنى ‹خەۋەرلەردىن زادى راھىلە ئالمىغان كىشى ساڭا خەۋەر كەلتۈرىدۇ›، دەپ ئوقۇدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇنداق ئەمەسقۇ؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹مەن شائىر ئەمەسمەن ۋە شائىرلىق ماڭا مۇناسىپمۇ ئەمەس›، دېدى.»

بۇنىڭ تەستىقى ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابىدا بار:

www.uyghurkitap.com

«(مۇھەممەدكە) شېئىر ئۆگەتمىدۇق ۋە (شائىرلىق) ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇرۇست ئەمەستۇر. (مۇھەممەد تىلاۋەت قىلىۋاتقان نەرسە) پەقەت ئۇ تىرىك بولغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشى ئۈچۈن ۋە كاپىرلار ئۈستىگە سۆز – ئازاب ھەق بولۇشى ئۈچۈن (نازىل قىلىنغان) بىر ئەسلەتمە ۋە ئوچۇق - روشەن قۇرئاندۇر.» ياسىن سۈرىسى 69 - ئايەت.

بەزىلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا شېئىرنى نىسبەت بېرىش، خەۋەرلەردە كەلگەندەك، جائىز دېيىشتى. ئىبنى تاۋۇس ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەندەك كۈندە: «ھايات پەقەت ئاخىرەتتە، ئى پەرۋەردىگار، رەھمەت ئەيلە ئەسھابىم، مۇھاجىرۇ ھەم ئەنسار»، دېگەن.

ئەنسارلارمۇ شېئىر بىلەن جاۋاب قىلىشاتتى: «بىزكى مۇھەممەدكە بەيئەت بەرگەنمىز، ۋاپادارمىز تاكى تىرىك ئىكەنمىز.»

ئەبۇ ئوسمان نەھدىي سەلمان فارسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەندەككە ھەر كەتمەن ئۇرغاندا: ‹ئاللاھ نامى بىلەن، شۇ سەۋەب پەيدا بولدۇق، باشقىغا گەر سەجدە قىلساق، بەختى قارا بولدۇق، قانداق ياخشى رەبتۇر، دىنىنى نۇر باھا كۆردۇق›، دەيتتى»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

بەرا ئىبنى ئازىب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق بېيىت ئېيتقانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مەن نەبىيمەن، يالغىنى يوق، مەن ئابدۇلمۇتتەلىب ئوغلىمەن.»

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يولدا

كېتىۋېتىپ توساتتىن يىقىلىپ كېتىپ، بارماقلىرى تاشقا تېگىپ قانىدى. شۇ
چاغدا:

«بارمىقىم قانىدى، خالاس، ئەمما قان ئاللاھ يولىدا ئاقمىدى!» دېدى.

فەقىھ ئېيتىدۇ: بۇ رىۋايەتلەر توغرىدۇر، لېكىن ئېھتىمال، رەسۇلۇللاھ بۇ خەۋەرلەر بىلەن شېئىرنى مەقسەت قىلمىغان، بەلكى بۇلار شېئىرنى مەقسەت قىلماستىن شېئىرغا مۇۋاپىق چىققان كالامدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ بېيىتلەر رەجەز بەھرىدىدۇر. رەجەز بولسا، شېئىر بولالمايدۇ، بەلكى بۇلار سەجئىگە ئوخشاش سۆزلەردۇر.

ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە تۆتىنچى باب: چۈش تەبىرى ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: دىندا بىلىمدان (فەقىھ) بولغاندىن كېيىن، چۈش ئىلمىنى ئۆگەنسە، زىيىنى يوق. بۇ ياخشى ئىلىم. دەرھەقىقەت، ئاللاھ تەئەلا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامغا چۈش تەبىرى ئىلمىنى ئىنئام قىلدى. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ:

«مانا شۇنداق قىلىپ يۈسۈفنى - ئۇنىڭغا بارچە چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، - شۇ يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويدۇق.» (يۈسۈف، 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن سۆزىدۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «سىلەرگە دىندا فەقىھ بولۇش، ئەرەبچىنى چۈشىنىش ۋە چۈشنىڭ تەبىرىنى ياخشى بىلىش لازىمدۇر»، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئەگەر چۈش تەبىرى ئىلمى ئىلمىدىن مەشغۇل قىلىپ قويسا، ئۇنى تەرك قىلىپ، فىقھى ئىلمىنى ئۆگىنىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى فىقھى بىلەن ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆكۈملىرى بىلىنىدۇ. چۈش تەبىرى ئىلمى بولسا ئالدىدىن ياخشىلىقنى بىلەلىشى مۇمكىن بولغان بىر پال ئورنىدىدۇر.

ئەبۇ يۈسۈفتىن چۈش مەسىلىسىدە سوراشقاندا: «ئويغاقلىقتىكى ئىشتىن پارىغ بولۇپ، ئۇيقۇ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشتۇر»، دېگەن. مۇھەممەد

ئىبنى سىيرىنغا كۆپىنچە چۈش ئېيتىلغاندا: «ئويغانغىنىڭدا ئاللاھتىن قورق، شۇنداق قىلساڭ ساڭا ئۇيقۇڭدا كۆرگەن نەرسىنىڭ زەرەرى بولمايدۇ»، دەيتتى. ئىسمائىل ئىبنى ئالىيە ئەييۇبتىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ: «ماڭا مۇھەممەد ئىبنى سىيرىنىنىڭ پەتىۋا ئەمەس، بەلكى چۈشكە تەبىر بېرىدىغانلىقى ئېيتىلدى. بىر مۇددەت ئۇ تەبىر ئېيتمايدىغان بولدى، كېيىن يەنە باشلىدى. كېيىن: ‹تەبىر مەن گۇمان قىلغان بىر گۇماندۇر. بىر كىشىنىڭ چۈشىنى ياخشى گۇمان قىلسام، ياخشىلىقنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم›، دېدى.»

ئەبۇ قەتادە رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ چۈش تەبىرىدە راستچىللىقىڭلار سۆزدە راستچىللىقىڭلاردۇر»، دېدى.

بۇ ھەدىسلەردە چۈشكە تەبىر ئېيتىشنىڭ زىيىنى يوقلۇقىغا دەلىل بار. گەرچە ئۇ پالغا ئوخشىسىمۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە بەشىنچى باب: سالىھ چۈش ۋە چىرايلىق تەبىر توغرىسىدا

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە ئانىمىز ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا باشلانغان ۋەھىينىڭ ئاۋۋەلى سالىھ چۈش ئىدى. چۈشى تاڭ سەھەرگە ئوخشاش ئېنىق بولاتتى.»

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىرىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە، ئۇ ئاللاھتىندۇر، ئاللاھقا ھەمد ئېيتسۇن ۋە ئۇنى ياخشى كۆرگەن كىشىسىگە دەپ بەرسۇن، ئەگەر يامان چۈش كۆرسە، ئۇ شەيتاندىندۇر، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھتىن پاناھ تىلىسۇن، ئۇنى باشقىلارغا ئېيتمىسۇن. شۇنداق قىلسا ئۇنىڭغا زەرەر يەتمەيدۇ»، دېدى.

ئەبۇ قەتادە رىۋايەت قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سالىھ چۈش ئاللاھ تەئالادىن، يامان چۈش شەيتاندىن. كىم يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن ۋە ئاللاھتىن قوغلاندى قىلىنغان شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن، شۇنداق قىلسا چۈش ئۇنىڭغا زەرەر بەرمەيدۇ»، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «چۈشۈمدە ھۇجرامغا چۈشكەن ئۈچ ئاينى كۆردۈم، بۇنى ئاتامغا (ئەبۇ بەكرگە) ئېيتىپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلىپ، ھۇجرامغا دەپنە قىلىنغاندا، ئەبۇ بەكرى: ‹بۇ قەبرە شۇ ئايلارنىڭ بىرى ۋە ئەڭ ياخشىسى›، دېدى.» ئەبۇ بەكرى ۋاپات قىلىپ، دەپنە قىلىنغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بۇ ئىككىنچى ئاي، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ۋاپات قىلىپ، دەپنە قىلىنغاندا، بۇ ئۈچىنچى ئاي، دېيىلدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن چۈشىدە زەنجىر كۆرۈشنى ياخشى كۆرمەيتتى، كىشەندىن ھەيران بولۇپ: «كىشەن دىنىدا سابىتلىق بەلگىسى»، دېگەن.

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن: «چۈش ئۈچ خىل: نەفسنىڭ سۆزى، شەيتاننىڭ قورقۇتۇشى ۋە رەھماننىڭ خۇش خەۋىرى. كىم يامان چۈش كۆرسە، ئۇنى باشقىلارغا ئېيتمىسۇن. تۇرۇپ ناماز ئوقۇسۇن»، دەيدۇ.

سۇفيان ئەمر ئىبنى دىناردىن، ئۇ ئەتادىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئېرى يوقاپ كەتكەن بىر ئايال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: ‹چۈشۈمدە ئۆيۈمنىڭ لىمى سۇنۇپ كەتتى›، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ خالىسا، ياخشىلىق بولىدۇ. ئاللاھ ساڭا يوقاتقان نەرسەڭنى قايتۇرىدۇ›، دېدى. كېيىن ئۇنىڭ ئېرى قايتىپ كەلدى. كېيىن يەنە غايىب بولدى. ئايال يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش چۈش كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزلەپ كەلگەن ئىدى، ئۇ زاتنى تاپالماستىن، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا چۈشىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇلار: «ئېرىڭ ئۆلىدۇ»، دېيىشتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېپىپ چۈشىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ: ‹بۇنى باشقىلارغا ئېيتتىڭمۇ؟› دەپ سورىدى. ئۇ: ‹ھەئە›، دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ساڭا ئېيتىلغىنى بولىدۇ›، دېدى. ھېچ قانچە ۋاقىت

ئۆتمەستىن، ئۇنىڭغا ئىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى.»

ئەتا ئېيتىدۇ: «چۈش تەبىرىگە كۆرە بولىدۇ، دېيىشىدۇ. يەنە چۈشنى پەقەت ھاكىمغا ياكى ياخشى كۆرگىنىگە ياكى رەھىمدىل كىشىگە ئېيتىلىدۇ، دېيىلىدۇ، يەنە پەقەت ئەقىللىق ياكى ياخشى كۆرگەن كىشىسىگە ئېيتىلىدۇ، دېيىلىدۇ. بەزىلەر مەزكۇر ھەدىسنى «چۈش تەبىرىگە كۆرە»، دېگەن گەپكە ھۆججەت قىلىشىدۇ. تەھقىقچىلەر: «چۈشنىڭ ھۆكمى جاھىلنىڭ تەبىرنى ئۆزگەرتىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ، فىقھى مەسىلىدە جاھىلنىڭ جاۋابى سەۋەبلىك ھۆكۈم قىلغىلى بولمىغىنىدەك»، دېيىشكەن. ئەمما ئايالنىڭ چۈشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرى بىلەن ئۆزگەردى، چۈنكى ئاللاھ تەئالا ئۇ زاتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سۆزىنى راست قىلدى.»

جابىر رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھقا: «چۈشۈمدە گوياكى بېشىم ئۈزۈلۈپ چۈشتى، مەن ئۇنىڭ ئالدىدىن بىرىپ ئالدىم»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بېشىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ۋاقىتدا بۇنى قايسى كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ؟! ئەگەر شەيتان بىرىڭلار بىلەن ئويناشسا، ئۇنى ھېچ كىمگە ئېيتمىسۇن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «چۈشنىڭ ئەڭ راستى تاڭ سەھەردە بولغىنى»، دېگەن. يەنە: «سالىھ چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرق ئالتىدىن بىر بۆلىكى»، دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، ھەقىقەتتە مېنى كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى شەيتان ماڭا ئوخشىيالمايدۇ›، دېدى.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: »كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، يېقىندا ئويغىنىپ ئوڭدا

كۆرىدۇ»، دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بۇرۇن ھېچ كۆرمىگەن چۈشنى كۆرسە، ئىككى ئارپىنى باغلىسۇن، لېكىن ئۇنى قىلالمايدۇ»، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە «باغلىيالمايدۇ»، دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئالتىنچى باب: تېبابەت ۋە دەم سېلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇكى: بەزىلەر دەم سېلىش ۋە داۋالىنىشنى يامان كۆرۈشتى، ئەمما بۇنىڭغا ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى ئىجازەت بەردى.

بۇ ئىشنى يامان كۆرگەنلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ ھەدىسنى ھۆججەت كەلتۈرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىمدىن يەتمىش مىڭى ھېساب - كىتابسىز جەننەتكە كىرىدۇ»، دېدى. ئۇككاشە ئىبنى مۇھسىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھقا مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ، مېنى ئۇلاردىن قىلسۇن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى. يەنە بىر كىشى (تۇرۇپ): «مەن ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىڭ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۇككاشە سەندىن ئۆتۈپ كەتتى»، دېدى. ئېيتىلىشىچە، ئىككىنچى كىشى مۇناپىق ئىدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا دۇئا قىلمىدى ۋە بۇنىڭ بىلەن مۆئمىننى يۇقىرى قويدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئادەملەر جەننەتكە سوئال - سوراقسىز كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپلىشىشكە باشلىدى. بەزىلەر: «ئۇلار ئىسلامدا تۇغۇلۇپ، ئىسلامدا ئۆلگەن ۋە گۇناھ ئىش قىلمىغانلار»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام چىقتى، بۇ ھەقتە ئۇ زاتتىن سوراشتى.. «ئۇلار

دەم سالدۇرمايدۇ، ئەپسۇنغا ئىشەنمەيدۇ، يارىلىرىغا تامغا قىلىپ باسمايدۇ ۋە رەببىلىرىگە تەۋەككۇل قىلىدۇ»، دېدى رەسۇلۇللاھ.

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن: «مەن نۇرنى كۆرەتتىم ۋە مالائىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتىم، دەم سالدۇرغان ئىدىم، بۇ خىسلەت مەندىن يوقالدى»، دەيدۇ.

ئەئمەش ئەبۇ زەبباندىن، ئۇ ھۇزەيفە ئىبنى يەماندىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ زات بايرام قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، قولىنى ئۇنىڭ بىقىنىغا قويدى. «نېمە بۇ؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى: «تۇمار»، دېدى. ئۇنى ئېلىپ تاشلىدى ۋە: «ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەڭ نامىزىڭنى ئوقۇمايمەن»، دېدى.

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئېيتىدۇ: «قولۇمنى چايان چېقىۋالدى، ئانام دەم سالدۇرۇشقا قەسەم ئىچۈردى ۋە مەن دەم سالغۇچىغا چايان چاقمىغان قولۇمنى بەردىم.»

ئابدۇللاھنىڭ ئايالى زەينەب ئېيتىدۇ: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ بويىنۇمدىكى يىپنى كۆرۈپ: ‹بۇ نېمە؟› دېدى. ‹تۇمار›، دېدىم. ئۇنى ئېلىپ تاشلىدى ۋە: ‹ئابدۇللاھنىڭ ئائىلىسى شېرىكتىن بىھاجەت›، دېدى.»

ھەسەن بەسري ئېيتىدۇ: «ئاللاھ ھەللىلە ۋە بەللىلنى بىلمەيدىغان قەۋمگە رەھمەت قىلسۇن. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن گۇمان قىلىنىدۇ، شىفاسى بىلىنمەيدۇ.» ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ سۆزنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇ: «كىسەلنى ئىشتىھاسى تارتقان نەرسىدىن چەكلىمەڭلار، ئېھتىمال، ئاللاھ ئۇنىڭ شىفاسىنى ئىشتىھاسى تارتقان نەرسىسىدە قىلغاندۇر»، دېگەن.

دەم سېلىش ۋە داۋالىنىشنى مۇباھ دېگۈچىلەر ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈرىدۇ: «ئاللاھ تەئالا كىسەللىكلەرنى داۋاسى بىلەن چۈشۈردى. پەقەت قېرىلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ داۋاسى يوق، كالا سۈتىنى كۆپ ئىچىڭلار. چۈنكى ئۇنىڭغا ھەممە ئوتلاردىن ئارىلاشقان.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇ ھەممە ئوتلاردىن بېقىلغان»، دېيىلىدۇ.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە زىياد ئىبنى ئەلەقەدىن، ئۇ ئۇسامە ئىبنى شەرىكتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدە كۆردۈم، ئەرەبلەر: ‹بىز بىر - بىرىمىزنى داۋالىشىمىزدا بىزگە گۇناھ بارمۇ؟› دەپ سورىشاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى داۋالاڭلار، چۈنكى ئاللاھ ھەر قانداق دەرت ئۈچۈن شىفانى ياراتتى›، دېدى.» ھەججاج ئىبنى ئەرتات ئەتادىن دەم سېلىش ھەققىدە سورىدى، ئۇ: ‹ئى ئىراق ئەھلى، بۇ ئىشنىڭ يامانلىقىنى پەقەت سىزدىن ئاڭلىدۇق، چۈنكى ئىبادەت بەدەن بىلەن قايىم بولىدۇ، شۇڭا بىزگە ئىبادەتنى توغرا قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈملەرنى تەلىم ئېلىش ۋاجىب بولغىنىدەك، تىب ئىلمى، بەدەننى داۋالاش ئىلمىمۇ ۋاجىبتۇر. ئىبادەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۇنى تەلىم ئېلىش ياكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ زىيىنى يوق، چۈنكى ھۆكۈملەردىكى سۆز گەرچە ھۆججەت ئىشەنچسىز بولسىمۇ، راي بىلەن جائىز بولىدۇ. شۇنىڭدەك، تېبابەتتىكى سۆزمۇ ئەگەر پىكىر ۋە تەجرىبىلەر بىلەن بولسا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

دەم سېلىشتىن چەكلىگەنلىك ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان خەۋەرلەر مەنسۇختۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغان رىۋايىتىدە ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەم سېلىشتىن چەكلىگەن ئىدى. ئەمر ئىبنى ھەزمنىڭ

ئائىلىسىدە چايانغا قارشى دەم سېلىشاتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ: ‹سىز دەم سېلىشتىن چەكلىگەن ئىدىڭىز›، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹مەن بۇنىڭدا بىرەر زىيانلىق ئىش كۆرمىدىم، بۇ ئىشنى بۇرادىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قادىر بولغان كىشى قىلسۇن›، دېدى.» ئېھتىمال، شىفانى داۋادىن دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن مەنئى قىلغاندۇر. ئەمما شىفا ئاللاھ تەئالادىن، داۋا بولسا بىر سەۋەب دەپ بىلسە، بۇنىڭ زىيىنى يوق.

دەرھەقىقەت، دەم سېلىش ۋە داۋالىنىشنىڭ مۇباھلىقى ھەققىدىمۇ ئەسەرلەر كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇزى ھەم قىلغان، ھەمدە جاراھەتلەنگەندە يارىسىنى داۋالىغان. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنسارلاردىن بىر كىشى پىچاق بىلەن قان ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا داغلاشنى بۇيرىدى. يەنە نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئەۋۋىزەتەين (فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى) بىلەن دەم سالاتتى. بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر بىھېساپتۇر.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب: شىفا بەخش ئوزۇقلۇقلار ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: شەھر ئىبنى ھەۋشەب ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «قىزىل مانتەر مەرھەمەتتىندۇر (ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان مېھرىبانلىقىدۇر). ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىفادۇر. خورما جەننەتتىندۇر، ئۇنىڭدا زەھەرگە شىفالىق بار»، دېدى.

رەبىئ ئىبنى ھەيسەم: «مەندە نىفاس كۆرگەن ئاياللارغا داۋا بولىدىغان پەقەت ھۆل خورما ۋە كېسەللىكلەرگە پەقەت ھەسەل بار»، دېدى.

ئەئمەش ئەبۇ سالىھتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «قىزىتما ئۈچۈن سېرىق ياغدىن ئۈچتىن بىر ھەسسە، ھەسەلدىن ئۈچتىن بىر ھەسسە، سۈتتىن ئۈچتىن بىر ھەسسە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىدۇ.» رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئىسسىتما جەھەننەم ئىسسىقلىقىدىندۇر. ئۇنى سۇ بىلەن سوۋۇتۇڭلار»، دېگەن. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ھەسەلدە بەرىكەت ۋە ئاغرىقلارغا شىفا بار. دەرھەقىقەت، يەتمىش پەيغەمبەر ئۇنى مۇبارەك قىلدى»، دېگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر بىرىڭلار بىرەر نەرسىدىن شىكايەت قىلسا، خوتۇنىنىڭ مېھرىدىن ئۈچ دىرھەم سوراپ

ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھەسەل ۋە سۈت سېتىپ ئالسۇن، ئۇنى يامغۇر سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچسۇن. ئاللاھ ئۇنىڭدا خاتىرجەملىك، شىفا ۋە مۇبارەك سۇنى جەملىگەندۇر.»

مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سۈرمىنى كۆپ ئىشلىتىڭلار، چۈنكى ئۇ كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ ۋە كۆزنى ئۆتكۈر قىلىدۇ» (يەنە بىر رىۋايەتتە: روشەن قىلىدۇ)، دېگەن.

ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب: ئەرەب تىلىنى باشقا تىللاردىن ئەۋزەل كۆرۈش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بىلگىنكى، ئەرەب تىلىنىڭ باشقا تىللارغا نىسبەتەن ئەۋزەللىكى باردۇر. كىم بۇ تىلنى ئۆگەنسە ياكى باشقىلارغا ئۆگەتسە، ساۋاپ تاپىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەئالا قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا چۈشۈردى. بۇ تىلنى ئۆگەنگەن كىشى قۇرئاننىڭ زاھىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى خەۋەرلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئىبنى بۇرەيدە رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىم فارس تىلىنى ئۆگەنسە، ئۇنىڭ مۇرۇۋۋىتى كەتكەن بولىدۇ»، دېگەن.

زۇھرىي: «جەننەت ئەھلىنىڭ تىلى ئەرەب تىلى، دوزاخ ئەھلىنىڭ تىلى ھىند تىلى»، دەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەرەب تىلىنى مەھكەم تۇتۇڭلار»، دېگەن.

ھەسەن بەسرىيدىن ئەرەب تىلىنى چىرايلىق گەپ قىلىش ۋە ئوقۇغىنىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىۋاتقان كىشى ھەققىدە سورالدى. «بۇ تىلنى ئۆگەنسۇن، چۈنكى كىشى ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا مەنىسىنى بۇزۇۋەتسە، ھالاك بولىدۇ»، دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاۋاپ ۋاقتىدا ئىككى كىشىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا: «ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشكە يول ئىزلەڭلار»، دېگەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا گەپ قىلسا بولىدۇ، بۇنىڭدا گۇناھ يوق، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ فارس تىلىدا گەپ قىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بار. بۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ كىشى ئېيتىدۇ: مەن خەندەك كۈنىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تائام تەييارلاپ، ئۇ كىشىگە بىلدۈردۈم. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىگە: «جابىرنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار ئۇ سىلەرگە شورپا تەييارلىدى»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا سەدىقە خورما كەلتۈرۈلدى، يېنىدا ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى خورمىنى ئالدى ۋە ئاغزىغا سالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەرھال بارمىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىپ «قىخ، قىخ» دېدى ۋە خورمىنى چىقاردى.»

ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ قورسىقى ئاغرىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «قورسىقىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟» دېدى ۋە ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. سەلمان فارسىيدىنمۇ شۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. شۇنىسى سەھىھراقتۇر.

سۇفيان: «ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە جەننەتكە كىرىشتىن بۇرۇن سۈريانىي تىلىدا، جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئەرەب تىلىدا گەپ قىلىدىغانلىق خەۋىرى بىزگە يەتتى»، دېگەن.

ئابدۇسسەمەد ئىبنى مۇقال رىۋايەت قىلىدۇ: ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ: «ھەر تىلدىن مۇتلەق قۇرئاندا بىر نەرسە بار»، دېدى. ئۇنىڭغا: ‹نەدە؟›

دېيىلىدى. «قۇرئاندىكى ‹سىججىل› سۆزى فارسىيدىن، يەنى، ‹ساپال تاش› دېگەن مەنىدە،

‹يَا أَرْضُ ابْلَعِي مَاءَكِ› ـــ ‹ئى يەر، سۈيۈڭنى يۇتقىن› (ھۇد سۈرىسى 44 - ئايەت)، سۆزى ھەبەش تىلىدىن،

‹فَصُرْهُنَّ إِلَيْكَ› ـــ ‹ئۇلارنى ئالدىڭغا توپلىغىن› (بەقەرە سۈرىسى 260 - ئايەت)، سۆزى رۇمىي تىلىدىن،

‹وَلَاتَ حِينَ مَنَاصٍ› ـــ ‹قېچىپ قۇتۇلۇش ۋاقتى ئەمەس ئىدى› (ساد سۈرىسى 3 - ئايەت)، سۆزى سۇريانىي تىلىدىن،

‹كِفْلَيْنِ› ـــ ‹ئىككى زەئىف› دېگەن سۆز ھەبەش تىلىدىن»، دەيدۇ.

بەزىلەر قۇرئاندا ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«ئوچۇق - روشەن ئەرەبىي تىل بىلەن نازىل قىلدى.» (شۇئەرا سۈرىسى 195 - ئايەت)، دېگەن دەيدۇ. بۇنىڭدا جاۋاب ئىككى: ھەبەش، رۇم تىللىرىدىن دەپ زىكىر قىلىنغان لەفزىلەر، ھەقىقەتتە ئاشۇ تىللارنىڭ لەفزىلىرى، لېكىن ئەرەبلەر بۇ سۆزلەرنى ئىستېمال قىلىدۇ، ئۇلارنى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئەرەبلەر ئۇلارنى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇلار ئەرەبچە بولۇپ كەتكەن.

ئىككىنچى جاۋاب: ئاللاھ تەئالانىڭ «ئوچۇق - روشەن ئەرەبىي تىل بىلەن» دېگەن سۆزىگە كۆرە، ھەقىقەتتە قۇرئان ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان، گەرچە بەزى سۆزلىرى باشقا تىلدا بولسىمۇ. ئەگەر: «قانداق قىلىپ قۇرئان

ئۇلارغـا ھۆججـەت بولـدۇ، ئۇلارنىڭ تىلـدا بولمىسـا؟»، دەپ سورالسـا، ئەرەبلەر بـۇ سـۆزلەرنى، گەرچـە بـەزى سـۆزلىرى باشـقا تىلـدا بولسـىمۇ، چۈشـىنىدۇ شـۇڭا ئۈچـۈن ئۇلارغـا قۇرئـان ھۆججـەت بولـدۇ، دەپ جـاۋاب بېرىلـدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

## يىگىرمە توققۇزىنچى باپ: قۇرئاننىڭ يەتتە خىل ئوقۇلۇشى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى ئابباس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىل ماڭا قۇرئاننى بىر خىل ئوقۇتتى، مەن تەكرارلاپ، ئۇنى باشقا ئۇسۇلدا ئوقۇشنىمۇ سوراۋەردىم، ھەتتا يەتتە خىل ئوقۇشقا يەتتى.» يەنە بىر خەۋەردە: «جىبرىل ماڭا قۇرئاننى يەتتە قىرائەتتە ئوقۇشۇمنى بۇيرۇدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شىفا ۋە كۇپايە قىلغۇچىدۇر»، دېيىلىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «بۇ قۇرئان يەتتە قىرائەتتە نازىل بولغان. ھەر بىر ئوقۇشنىڭ زاھىرى ۋە باتىنى بار.»

ئەگەر يەتتە خىل ئوقۇشنىڭ مەنىسى نېمە دېيىلسە، بۇ ھەقتە ھەر خىل سۆزلەر بار. بەزىلەر: بۇ ھالەت بەزى ئايەتلەردىلا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«أُفٍّ لَكُمَا» (ئەھقاف، 17 ـ ئايەت)، سۆزى. بۇ سۆز يەتتە ھەرپتە ئوقۇلىدۇ. پەش، زەۋەر ۋە زىر، يەنە بۇلار تەنۋىنلىك ۋە تەنۋىنسىز ئوقۇلىدۇ. شۇ ئالتە خىل ئۇسۇل بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، ساكىن بىلەنمۇ ئوقۇلىدۇ، بۇ يەتتىنچىسىدۇر. مەسىلەن:

«تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَباً جَنِيّاً» (مەريەم، 25 ـ ئايەت) سۆزلىرىگە

ئوخشاشـــلار يەتتـــە ئۇسـلۇبتا ئوقۇلـــدۇ. بـۇ ئۇســۇل ھەممـــە ئايەتلـــەردە ئۇچرىمايـــدۇ، دېيىشـــدۇ.

بەزىلـەر: «يەتتـە خـىل ئۇسـۇل دېگىنـى، ئەمـر، نەھـي، قىسسـە، مىسـال كەلتـۈرۈش، مەۋئىـزە، جەننەتنـى ۋەدە قىلـىش، دوزاختـىن قورقۇتۇشـتۇر»، دېيىشـكەن.

ئەبـۇ ئۇبەيـدە: «يەتتـە ھـەرپ ئـەرەب لۇغەتلىرىدىـن يەتتـە لۇغەتتـۇر. بۇنىـڭ مەنىسـى بىـر ھەرپتـە يەتتـە ئۇسـلۇب بولـدۇ دېگەنلىـك ئەمـەس، چۈنكـى ھېـچ قاچـان بۇنـداق ئوقۇلمىغـان، لېكىـن بـۇ يەتتـە لۇغـەت قۇرئانـدا پـەرق قىلـدۇ، بەزىسـى قۇرەيـش قەبىلىسـىنىڭ لۇغىتـى، بەزىسـى ھاۋازىـن، بەزىسـى ھۇزەيـل لۇغىتـى، بەزىسـى يەمامـە لۇغىتـى»، دەيـدۇ.

بەزىلـەر: «يەتتـە ھـەرپ دېگىنـى ئىماملاردىـن يەتتىسـى ئىختىيـار قىلغـان يەتتـە خـىل ئوقۇشـتۇر ، بىرىنچىسـى، ئاسـىم ئىبنـى نەجـۇاد، ئىككىنچىسـى، ھەمـزە ئىبنـى ھەبىبۇززىياد، ئۈچىنچىسـى، كىسـەئي، بـۇ ئۈچى كۇفـە ئەھلىنىڭ قارىلىـرى، تۆتىنچىسـى، ئابدۇلـلاھ ئىبنـى كەسـىر، ئـۇ مەككىنىـڭ ئىمامـى، بەشىنچىسـى، نافىـئ ئىبنـى ئابدۇررەھمـان، ئـۇ مۇئاۋىيەنىڭ مەۋلاسـى ۋە مەدىنە ئەھلىنىـڭ ئىمامـى، ئالتىنچىسـى، ئەبـۇ ئەمـر، ئىسـمى رەييـان، كۈنيىسـى ئەبـۇ ئەمـر ئىبنـى ئالايـى ۋە ئـۇ بەسـرە ئەھلىنىـڭ ئىمامـى، يەتتىنچىسـى، ئابدۇلـلاھ ئىبنـى ئامـىر ۋە شـام ئەھلىنىـڭ ئىمامـدۇر. بـۇ يەتتىسـىدىن ھـەر بـىرى بىـر قىرائەتنـى ئىختىيـار قىلغـان. ھەممىسـىنىڭ دۇرۇس بولـۇپ، رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالامدىن ئالغـان.

پەقىـھ ئېيتـدۇ: ئۆلىمـالار ئىككـى خـىل ئوقۇلغـان ئايـەت ھەققـدە

ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلىرى: «ئاللاھ تەئالا بىر قىرائەتنى ئىپتىقان، ئىككىسىگە ئىزنى بەرگەن»، دېيىشتى. بەزىلىرى: «ئاللاھ ھەر ئىككىسىنى ئىپتىقان» دېيىشتى. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە دۇرۇست بولغىنى ۋەللاھۇ ئەئلەم: ئەگەر ھەر بىر قىرائەت ئۆچۈن باشقا قىرائەتنىڭ تەپسىرىنىڭ خىلاپىدىكى تەپسىرى بولغاندا (بۇ ئاللاھ ھەر ئىككىسىنى ئىپتىتى دېگەنگە جاۋاب) ئىككى قىرائەت ئىككى ئايەت ئورنىدا بولىدۇ. خۇددى ئاللاھ تەئالانىڭ: ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن چەتتە تۇرۇڭلار ۋە تا پاكلانمىغۇچە ئۇلارغا يېقىنلاشماڭلار!» (بەقەرە 222 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزىگە ئوخشاش. شۇ ئايەتكە ئوخشايدىغان بارچە ئايەتلەر يۇقىرىدىكى ھۆكۈمدىدۇر. ھەر ئىككى قىرائەتنىڭ تەپسىرى بىر بولسا، مەسىلەن، «ئەلبۇيۇتەن»، ياكى «ئەلبۇيۇتى»، «ئەلمۇھسەناتەن» ۋە «ئەلمۇھسەناتى» غا ئوخشاش زەبەر ۋە زىر بىلەن بولىدۇ. ھەر ئىككى قىرائەتنىڭ بىرسىنى ئىپتىپ، ئۇلارنى ھەر بىر قەبىلىگە ئۆزلىرىنىڭ تىلىغا ماس قىلىپ ئىككىنچى قىرائەتكە ئىجازەت بەردى. ئەگەر ئىككى قىرائەتنىڭ بىرىنى ئىپتىدۇ، دېگەن گەپ دۇرۇست بولسا، قۇرەيش لۇغىتىدە ئىپتىشى كېرەك، دېيىلىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشتىن ئىدى ۋە قۇرئان ئۇنىڭ لۇغىتىدە نازىل بولغان. ۋۆكىئ سۇفياندىن، ئۇ مۇجاھىدتىن: «قۇرئان قۇرەيش تىلىدا نازىل بولدى»، دېگەن رىۋايەتنى نەقىل قىلغان.

# ئوتتۇزىنچى باب: قۇرئاننى تەپسىر قىلىش ھەققىدە

فەقىھ رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇكى: سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم قۇرئانغا ئۆز رەيى بىلەن تەپسىر ئېيتسا، جايىنى دوزاختىن تەييارلىسۇن»، دېگەن.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاللاھ تەئالانىڭ: «مېۋە -چېۋە، ئوت- چۆپلەرنى» (ئەبەسە، 31 - ئايەت)، دېگەن سۆزى ھەققىدە سورالغاندا، بىلمەيمەن، دېدى. ئۆز پىكرىڭنى ئېيتىپ باق، دېدى. ئۇ زات: «ئەگەر ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابىدىن بىلمىگەن نەرسىنى ئۆز پىكرىم بىلەن ئېيتسام قايسى يەر مېنى كۆتۈرىدۇ، قايسى ئاسمان ماڭا سايە قىلىدۇ، بىلمەيمەن»، دېدى.

شەئبىي ئەبۇ سالىھنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ: «قۇرئان ئوقۇيالماستىن تۇرۇپ، قانداقمۇ تەپسىر قىلالايسەن؟!» دەيتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ قولىدا قۇرئاننى كۆردى، ھەر بىر ئايەتنىڭ يېنىدا تەپسىرى يېزىلغان ئىدى. ئۆمەر قايچىنى ئېلىپ، ئۇنى قىرقىپ تاشلىدى.

ھاكىم ئېيتىدۇ: شۇرەيھ قۇرئاننىڭ ئۈچ ئايىتىدىن باشقىسىنى تەپسىر

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىلمايتتى. بىرىنچىسى:

«ئەگەر ئۇلار (يېرىم مېھرنى ئېلىشتىن) ۋاز كەچسە ياكى نىكاھ قولىدا بولغان زات (يېرىم مېھردىن) كەچسە» (بەقەرە، 237 ـ ئايەت)، دېگەن ئايەتتىكى «نىكاھ قولىدا بولغان زات ئەردۇر»، دەيتتى. ئىككىنچىسى:

«ئۇنىڭغا ھېكمەت ھەمدە ئېنىق - روشەن خىتاب ئاتا قىلدۇق.» (ساد سۈرىسى 20 ـ ئايەت)، ئايىتىدىكى «ھېكمەت» سۆزى فىقھى، «ئوچۇق - روشەن خىتاب» بولسا ھۆججەت ۋە ئىمان، دەيتتى. ئۈچىنچىسى:

«چۈنكى، سەن يوللىغان ئەڭ ياخشى كىشى كۈچلۈك، ئىشەنچلىك كىشىدۇر.» (قەسەس سۈرىسى 26 ـ ئايەت)، دېگەن ئايەتتىكى كىشى ــ مۇسانىڭ قۇۋۋىتى ــ ئون كىشى كۆتۈرەلەيدىغان تاشنى كۆتۈردىغان قۇۋۋەتتۇر، ئىشەنچلىكلىكى بولسا، جارىيە ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭغاندا، شامال ئېسىپ قامىتىنى ئېچىۋەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئارقىدا ماڭ ۋە ماڭا يول كۆرسەت»، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى تەپسىر قىلمايتتى، پەقەت ئوقۇۋاتقان ئايەتلىرىنى جىبرىل بىلدۈرەتتى»، دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەپسىر قىلمىغان بولسا ، باشقىلارغىمۇ ئۆز رەيى بىلەن تەپسىر قىلىش جائىز بولمىسا، قۇرئاننىڭ مەنە - بايانىنى بىلىشكە قانداق يول بار؟ دېيىلسە، بۇنداق تەپسىردىن مەنئى قىلىش مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە قارىتىلغان، ھەممىسىگە ئەمەس، دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا:

«ئەمدى دىللىرىدا مۇناپىقلىق بولغان كىشىلەر ئادەملەرنى ئالداپ

پتنىگـە سـېلىش ۋە ئـۆز هاۋايـى - هەۋەسـلىرىگە مۇۋاپىـق تەۋىـل - تەپسـىر قىلىـش ئۈچـۈن قۇرئاننىـڭ مۇتەشـابىھ ئايەتلىرىگـە ئەگىشـىدۇ. (ئـال ئىمـران سۈرىسـى 7 - ئايـەت)، دېگـەن. چۈنكـى قۇرئـان خەلققـە هۆججـەت بولـۇپ چۈشـكەن. ئەگـەر تەپسـىر ئېلىـش جائىز بولمىسـا، كامىـل هۆججـەت بولالمايدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئـەرەب تىلىنـى ۋە سـەۋەبى نۇزۇلىنـى بىلگـەن كىشـىگە تەپسـىر قىلىـش جائىـز بولىـدۇ. ئەممـا مۇتەكەللىـپ بولـۇپ، لۇغـەت ئۇسـۇللىرىنى بىلمىسـە، تەپسـىر قىلىشـى جائىـز ئەمـەس. پەقـەت ئاڭلىغىنىنـى تەپسـىر قىلسا بولىـدۇ، بـۇ هېكايـە يولـى بىلـەن بولىـدۇ، تەپسـىر يولـى بىلـەن ئەمـەس. بۇنىـڭ زىيىنـى يـوق. ئەگـەر تەپسـىر ئىلمىنـى ئۆگەنسـە ۋە ئايەتتىـن هۆكـۈم ياكـى دەلىـل چىقارماقچـى بولسـا، زىيىنـى يـوق. ئەگـەر چۈشەنمەسـتىن، بـۇ ئايەتتىـن مەقسـەت ئۇنـداق - مۇنـداق دېسـە، هـالال بولمايـدۇ ۋە بـۇ ئىشـتىن مەنئـى قىلىنغـان. ئەممـا بـەزى ئىماملاردىـن بـىر ئايەتنىڭ شـەنى هەققـىدە بىر نەرسـە ئاڭلىغـان بولسـا، ئۇنـى هېكايـە تەرزىـدە ئېيتسـا، زىيىنـى يـوق. ئىبنـى ئابباس رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇ ئەگـەر بـىرەر ئايەتنىـڭ تەپسـىرىدە قىينىلىپ قالسـا، رەسـۇلۇللاهنىڭ سـاهابىلىرىدىن كەئبۇلئەهبـار ۋە ۋەهـب ئىبنـى مۇنەببىـھ قاتارلىق ئەهلـى كىتابتىـن بولغـان ۋە كىتابلارنـى ئوقۇغـان مۇسـۇلمانلاردىن سـورايتتى.

ئىكرىمـە ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاهـۇ ئەنهۇدىـن رىۋايـەت قىلىـدۇ. ئـۇ: «قۇرئاننىـڭ تـۆت كەلىمىسـىدىن باشـقا هەممـە تەپسـىرىنى ئۆگەندىـم، ئـۇ تۆت كەلىمـە ئـەۋۋاه، رەقىـم، هەنىـان ۋە غىسـلىندۇر»، دېـدى. يەنـە بـىر رىۋايەتتـە ئىبنـى ئاببـاس بـۇ كەلىمىلەرگىمـۇ تەپسـىر قىلغـان: يەنـى، رەقىـم - هەرپلەرگـە چېكىـت، بەلگـە قويـۇش، هەنىـان - رەهمـەت، غىسـلىن - دوزاختـا كاپىرلارنـىڭ بەدەنلىرىدىـن ئېقىـپ چۈشـكەن نەرسـە، دېگـەن.

ئۇيغۇر كىتاپخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوتتۇز بىرىنچى باب: ياخشى مۇئامىلە ۋە ھەقلەرنى بىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشىلەر ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە مۇلايىم سۆز، ئوچۇق يۈزلۈك بولۇشى كېرەك. ياخشىغىمۇ، يامانغىمۇ، بىدئەتچىگىمۇ، سۈننەتكە ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمانغىمۇ بىر خىل خۇش مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تەئالا مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا:

«ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار!» (تاھا سۈرىسى 44 ـ ئايەت)، دېگەن. بىز مۇسا ۋە ھارۇندىن ئەۋزەل ئەمەسمىز ۋە ھەر قانداق فاجىر پىرئەۋندىن ئېپلاس ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئاللاھ تەئالا ئۇ ئىككى زاتقا پىرئەۋنگە مۇلايىم گەپ قىلىشنى بۇيرىدى.

ئىبراھىم ھەمزە ئەمرىيدىن، ئۇ تەلھە ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ: «مەن ئاتاغا: ‹سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ھەر خىل كىشىلەر كېلىدۇ، مەن يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارغا بەزەن قوپال سۆزلەرنى قىلىمەن›، دېدىم. ئۇ: ‹بۇنداق قىلما، چۈنكى ئاللاھ تەئالا ‹ئىنسانلارغا چىرايلىق گەپ قىلىڭلار›، دەپ بۇيرىغان.› ئايەتتىكى ‹ئىنسانلار› تۈركۈمىگە يەھۇدىي ۋە نەسرانىيلارمۇ كىرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى قانداق قىلىپ توغرا يولدىكى كىشى بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىنمىسۇن؟›، دېدى.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئىنسانلارغا ماللىرىڭلار بىلەن كەڭلىك قىلالمىساڭلار، ئوچۇق يۈز ۋە چىرايلىق

خۇلقلىرىڭلار بىلەن كەڭلىك قىلىڭلار»، دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىمكى بۇرادىرى بىلەن دوستلۇقى ساپ بولۇشىنى خاھلىسا، ئۇنى ياخشى كۆرگەن ئىسمى بىلەن چاقىرسۇن، ئۇنىڭغا ئۇچراشقاندا سالام بەرسۇن ۋە مەجلىسنى ئۇنىڭغا كەڭ قىلسۇن (ئولتۇرۇشقا جاي بەرسۇن)»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «قوپال بولما، ئەگەر بىر كىشىدە قوپاللىق بولسا، ئۇ يامان ئادەمدۇر»، دېدى.

ياخشىلىقتىن بۇرۇن ياخشىلىق قىلىش پەزىلەت، ياخشىلىقتىن كېيىن ياخشىلىق قىلىش مۇكاپات، يامانلىقتىن كېيىن ياخشىلىق قىلىش ئۇلۇغلۇق، يامانلىقتىن بۇرۇن يامانلىق قىلىش جەبىر - زۇلۇم، يامانلىقتىن كېيىن يامانلىق قىلىش تەڭلىشىش، ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىق قىلىش مالامەت ۋە شۇملۇقتۇر، دېيىلىدۇ.

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى ئۆزىدىن چوڭ كىشىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىنى بىلىشى ۋە ئۇلۇغلىشى لازىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «قايسى يىگىت قېرى كىشىنى ئۇلۇغلىسا، ئاللاھ ئۇنى قېرىغاندا ھۆرمەت قىلىدىغان يىگىتكە ئۇچراشتۇرۇپ قويىدۇ»، دېگەن. لەيس ئىبنى مۇسلىم: «مەن تەلھە ئىبنى مۇتىرىپ بىلەن بىرگە كېتىۋاتقان ئىدىم. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىپ: «ئەگەر مەندىن بىر كۈنلۈك چوڭ ئىكەنلىكىڭنى بىلسەم، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتمەيتتىم»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم چوڭلىرىمىزنى ئۇلۇغلىمىسا ۋە كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس»، دېگەن.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب: بۇرادەرلەرنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بۇرادەر ۋە دوستلارنى زىيارەت قىلىش ياخشى ۋە ساۋابلىق ئىشتۇر. ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق زىيادە بولىدۇ. ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي: «بىر مىل يول مېڭىپ كېسەلنى زىيارەت قىل، ئىككى مىل يول مېڭىپ ئاللاھ يولىدىكى دوستۇڭنى زىيارەت قىل، ئۈچ مىل يول مېڭىپ ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىل»، دېگەن.

ھۆكۈمالاردىن بەزىسى: «زىيارەتنى تەرك قىلىپ قويما، سېنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ، زىيارەتنى كۆپ قىلما، سەندىن مالال بولۇپ قالىدۇ»، دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ھۇرەيرەگە: «يا ئەبۇ ھۇرەيرە، ئازراق زىيارەت قىلساڭ، مۇھەببىتىڭ ئاشىدۇ»، دېگەن.

بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ مەزەنىي: «ساق ئادەم زىيارەت قىلىنىدۇ، كېسەل بېرىپ كۆرۈلىدۇ»، دەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىيگە: «ئالدىڭغا كەلگەن ئىنسانلارنىڭ يۈزلىرىگە قارا ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىل، چۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدا ھاجەتلىرىنى چىقىرىدىغانلىرى، زىكىر قىلىدىغانلىرى، ئەلۋەتتە، بار»،

دېگەن.

ئەبۇ جەئفەر ئېيتىدۇ: «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كۆرپە سالدىم، ئۇنىڭغا ئولتۇردى- دە: ‹ھۆرمەتتىن پەقەتلا ئېشەك باش تارتىدۇ›، دېدى.»

تارىق ئىبنى ئابدۇررەھمان: «شەبىي ھۇزۇرىدا ئولتۇرغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئالدىغا فالان ئىبنى جەرىر كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭغا ياستۇق تاشلىدى، ئۇ ئولتۇردى - دە: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹سىلەرگە بىرەر قەۋمنىڭ ئۇلۇغى كەلسە، ئۇنى ھۆرمەت قىلىڭلار›، دېگەن» دەپ ھېكايە قىلىدۇ.

سەلما ئىبنى كۇھەيل ئەبۇ جۇھەيفەدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇلۇغلار بىلەن ئولتۇر، ئۆلىمالار بىلەن بىرگە يۈر، ھۆكۈمالار بىلەن دوست بول.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹كىشىلەر مەھشەرگاھقا دوستىنىڭ دىنىدا كېلىدۇ، ھەر بىرىڭلار كىمنى دوست تۇتقانلىقىغا قارىسۇن›، دېگەن.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەزىلەر ئىنسانلارغا ئارىلىششىنى تەرك قىلىپ، زاھىدلىققا چېكىنىدى ۋە: «زاھىدلەقتا سالامەتلىك بار»، دېدى. بۇ ھەقتە بىز ئېيتىدىغان گەپ شۇكى، كىشى دىنىنى ساقلاپ قالالىسا، زاھىدلىق قىلسۇن، ئەمما نەپسى بىلەن بولۇپ قېلىپ، ۋەسۋەسىگە چۈشسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى بېرىپ ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارغا ئارىلىشىپ ئۆتۈشى ئەۋزەلدۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ئەگەر ۋەسۋەسە بولمىغاندا، مەن ئىنسانلار بىلەن گەپلىششىنى خاھلىماستىم.» ھۆكۈمالاردىن بىرى

ئوغلىغا: «ئى ئوغلۇم، بەش تائىپە ئىنسانلاردىن تاشقىرى خاھلىغىنىڭ بىلەن دوست بول، ئەمما بەش كىشى بىلەن دوست بولۇشتىن ساقلان. يالغانچىنى دوست تۇتما، چۈنكى يالغانچىنىڭ سۆزى ئالۋۇن كەبى يېقىنىنى يىراق، يىراقنى يېقىن كۆرسىتىدۇ. ئەخمەقنى دوست تۇتما، چۈنكى ئۇ ساڭا پايدا بېرىمەن دەپ زىيان يەتكۈزىدۇ. تەمەخورنى دوست تۇتما، چۈنكى ئۇ ساڭا يېمەك ۋە ئىچمەكنى ساتىدۇ. بېخىلنى دوست تۇتما، چۈنكى بېخىل ساڭا كېرەك بولغاندا ياردىمىنى بەرمەيدۇ. قوپال بىلەن دوستلاشما، چۈنكى ئۇ سېنىمۇ، ئاتا - ئاناڭنىمۇ سۆكىدۇ. قوپاللىق قىلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ.»

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب: سالاملىشىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر بىرەر قەۋمنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەڭ، ئۇلارغا سالام بەر، شۇنداق قىلساڭ ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىب بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ قايسى بىرى (سالام بېرىشمۇ ياكى ئىلىك ئېلىشمۇ) ئەۋزەل ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر: «سالامغا جاۋاب بېرىشنىڭ ساۋابى كۆپ، چۈنكى ئېلىك ئېلىش پەرز، سالام بېرىش سۈننەت، دېمەك، پەرزنىڭ ساۋابى سۈننەتنىڭ ساۋابىدىن كۆپرەك بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا: ... ئېيتتى ۋە سالامغا جاۋاب بېرىشكە بۇيرىدى، ئاللاھ تەئالانىڭ بۇيرۇقى پەرز»، دېيىشتى. بەزىلەر: «سالام بېرىشنىڭ ساۋابى كۆپ، چۈنكى ئۇ بۇرۇن بەردى، ئالدىدا تۇرۇش پەزىلەت»، دېيىشتى.

ئەئمەش ئەمر ئىبنى مۇررەدىن، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىستىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر كىشى بىر قەۋمگە سالام بەرسە، ئۇنىڭغا بىر دەرىجە پەزىلەت بولىدۇ. ئەگەر قەۋم ئۇنى ئىلىك ئالمىسا مالائىكىلەر ئۇنى ئىلىك ئالىدۇ ۋە ئۇ قەۋمگە لەنەت ئوقۇيدۇ.» رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنى، ئەگەر بۇنى قىلساڭلار، بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان ئىشقا بۇيرۇيمۇ؟» دېدى. ساھابىلەر: «خوش، ئى رەسۇلۇللاھ»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «ئوتتۇراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار»، دېدى.

ئەتا: «مېڭىپ كېتىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە، كىچىك بالا چوڭلارغا، ئۇلاغلىق ئۇلاغسىزغا سالام بېرىدۇ. ئارقىدىن كەلگەن كىشى ساڭا سالام بېرىدۇ، ئەگەر ئىككى كىشى ئۇچرىشىپ قالسا، سالامدىن باشلىشىدۇ»، دەيدۇ. ھەسەن ئېيتىدۇ: «بىر قەۋمنىڭ ئىستىقبالىغا چىققان قەۋم ئاۋۋال سالام بېرىدۇ.» زەيد ئىبنى ۋەھب رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۇلاغلىق ئۇلاغسىزغا، مېڭىپ كېتىۋاتقان ئولتۇرغانغا، ئازچىلىق كۆپچىلىككە سالام بېرىدۇ»، دېگەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر بىر جامائەت بىر قەۋمگە كىرسە ۋە سالامنى تەرك قىلسا، ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ، ئەگەر بىرسى سالام بەرسە، ھەممىسى ساۋاب ئالىدۇ، ئەگەر ھەممىسى سالام بەرسە، ئۇ تېخىمۇ ئەۋزەل. ئەگەر ئىلىك ئالمىسا، ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ، ئەگەر بىرسى ئىلىك ئالسا، ھەممىسىدىن ساقىت بولىدۇ، ئەگەر ھەممىسى جاۋاب قايتۇرسا، ئۇ ئەڭ ئەۋزەلدۇر. بەزىلەر: «ھەممىسىگە جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىب»، دەيدۇ. ئەبۇ يۇسۇف: «جاۋاب پەرز، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلىك ئېلىش ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋاجىب بولىدۇ»، دەيدۇ. بەزىلەر: «ئۇلاردىن بىرسى جاۋاب بەرسە، ھەممىسىدىن ساقىت بولىدۇ»، دېيىشىدۇ. بىز مۇشۇ سۆزنى ئاساس قىلىمىز.

ئەئمەش زەيد ئىبنى ۋەھبدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇئاۋىيە ئىبنى ھۇررا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: ‹ئەگەر سالام بەرسەڭلار، ئاڭلىتىپ ئېيتىڭلار، ئەگەر ئىلىك ئالساڭلارمۇ، ئاڭلىتىڭلار، ئولتۇرساڭلار ئامانەت بىلەن ئولتۇرۇڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سۆزنى ھېچ ئۈستىگە ئالمىسۇن›،» يەنى، بوھتان، غەيۋەت قىلمىسۇن.

كىشى باشقىلارغا سالام بەرسە، كۆپلۈك لەپزى بىلەن سالام بەرسۇن، جاۋابمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، چۈنكى سالام بېرىلگەن كىشى يالغۇز بولمايدۇ. (‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكە›، دېسە، ‹ساڭا سالام بولسۇن›، ‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم›، دېسە، ‹سىلەرگە سالام بولسۇن›، دېگەن بولىدۇ.)

ئەئمەش ئىبراھىم نەخەئىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «باشقىلارغا سالام بەرسەڭ، ‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم›، دېگىن، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن پەرىشتە بىرگە بولىدۇ.»

ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارىي رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا كەلدى ۋە: ‹ئەلەيكەسسالام› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: بۇ سالام ئۆلۈكلەرگە بېرىلىدۇ، ‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم›، دېگىن، دېدى.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: سالامنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى تەئالا ۋە بەرەكاتۇھ» دېيىش، جاۋابمۇ شۇنداق، چۈنكى بۇنىڭدا ساۋاب كۆپرەك، باشقا بىرەر نەرسىنى قوشۇش جائىز بولمايدۇ.

ئەبۇ ئۇمامە سۇھەيل ئىبنى ھەنىفتىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹كىم ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم، دېسە، ئۇنىڭغا ئون ياخشىلىق بار، كىم ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ، دېسە، ئۇنىڭغا يىگىرمە ياخشىلىق بار، كىم ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھ، دېسە، ئۇنىڭغا ئوتتۇز ياخشىلىق بار›، دېگەن.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەر بىر نەرسىنىڭ تۈگەنچىسى بار، سالامنىڭ تۈگەنچىسى –بەرىكەتتۇر»، دېگەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبنى ئابباس بىر كىشىنىڭ ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ ۋە مەغپىرەتۇھ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغىدى ۋە: «مالائىكىلەر سالىھلار ئۆي ئەھلىگە ئېيتقان: ‹رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ ئەلەيكۇم ئەھلەل بەيتى ئىننەھۇ ھەمىدۇن مەجىد› دېگەن سۆز بىلەن توختىغانلار»، دېدى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب: باللارغا سالام بېرىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر باللارغا سالام بېرىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر: «ئۇلارغا سالام بېرىش دۇرۇست ئەمەس»، دېدى. بەزىلەر: «ئۇلارغا سالام بېرىش سالام بەرمەسلىكتىن ئەۋزەلدۇر»، دېدى. بىز مۇشۇ گەپنى ئاساس قىلىمىز.

ئۇلارغا سالام بېرىلمەيدۇ دېگۈچىلەر، سالامنى ئىلىك ئېلىش پەرزدۇر، (بالاغەتكە يەتمىگەن) سەبىي بالىغا پەرز يۈكلەشكە بولمايدۇ، بەس، سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش لازىم بولمىسا، ئۇنىڭغا سالام بېرىشمۇ لازىم ئەمەس، دېيىشتى. ئەشئەس ھەسەن بەسرىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «باللارغا سالام بېرىشنى ئادەت قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن سالام بەرمەستىن ئۆتۈپ كېتىش لازىم.»

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن باللارغا سالام بېرەتتى، لېكىن ئۇلارغا ئاڭلاتمايتتى.

باللارغىمۇ سالام بېرىلىدۇ، دەيدىغانلار تۆۋەندىكى ھەدىسنى ھۆججەت قىلىشىدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خادىمى ئىدى، ئېيتىدۇكى: «باللار بىلەن بىرگە ئىدىم، تۇساتتىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كېلىپ قالدى ۋە بىزگە سالام بەردى،

www.uyghurkitap.com

كېيىن مېنى چاقىرىپ بىر ئىشقا ئەۋەتتى.»

ئەنبەسە ئىبنى ئەممار ئېيتىدۇ: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ، بىزگە سالام بېرەتتى، ھالبۇكى، بىز مەكتەپ باللىرى ئىدۇق.» ھاكىم: «شۇرەيھ چوڭ بولۇپ تۇرۇپ، كىچىكلەرگە سالام بېرەتتى»، دەيدۇ.

# ئوتتۇز بەشنچى باب: زىممىيلەرگە سالام بېرىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر ئەھلى زىممىيگە (مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشاپ يۈرگەن كاپىرلار) سالام بېرىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر، بۇنىڭ زىيىنى يوق دېدى. بەزىلەر، ئۇلارغا سالام بېرىش لازىم ئەمەس، مۇبادا ئۇلار سالام بەرسە، جاۋاب قايتۇرۇش لازىم، دېدى. بىز مۇشۇ گەپنى ئالىمىز.

زىيىنى يوق دېگۈچىلەر ئەبۇ ئۇمامە باھلىينىڭ رىۋايىتىنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ئۇ كىشى يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، ئۇلارغا سالام بېرەتتى ۋە: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزگە ھەر بىر مۇسلىم ۋە زىممىيگە سالامنى يېيىشنى بۇيرىغان.» دەيتتى.

ئەلقەمە ئېيتىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە سالىھىن دېگەن يەرگە باردىم. ئۇ يەرلىكلەرنىڭ توققۇز ئاقساقىلى ئەتىگەندە ئۇ زاتقا سالام بەردى. ئۇلار كۇفىگە قاراپ، باشقا يولدىن كەتتى، ئايرىلغاندا ئۇ زات ئۇلارغا سالام بەردى. مەن: ‹كاپىرلارغىمۇ سالام بېرەمسىز؟› دېدىم. ‹ھەئە، ئەلۋەتتە، بىزگە ھەمراھ بولدى، ھەمراھلىقنىڭ ھەققى بار›، دېدى.»

ئۇلارغا سالام بېرىلمەيدۇ، دېگۈچىلەر، سەھل ئىبنى ئەبۇ سالىھنىڭ

ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى دەلىل قىلدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا بالدۇر سالام بەرمەڭلار، ئەگەر ئۇلار سىلەرگە يولدا ئۇچرىسا، ئۇلارنى يولنىڭ تار تەرىپىدىن مېڭىشقا مەجبۇر قىلىڭلار»، دېگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يەھۇدىي ۋە مەجۇسىيلەرگە سالام بەرمەڭلار»، دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى دىنار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر يەھۇدىيلار سىلەرگە سالام بەرسە، ‹ۋە ئەلەيكۇم› دەڭلار ۋە بۇنىڭدىن زىيادە قىلماڭلار»، دېگەن.

ئەنەس: «بىز (ئەھلى كىتابقا) «ۋەئەلەيكۇم» دېگەندىن ئارتۇق گەپ قىلىشتىن مەنئى قىلىندۇق»، دېگەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر مۇسۇلمانلار ۋە كاپىرلار ئارىلاش بولغان قەۋم ئالدىدىن ئۆتسەڭ، ئىختىيار ئۆزەڭدە، خالىساڭ «ئەسسەلامۇ ئالايكۇم» دېگىن ۋە بۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەرنى ئىرادە قىل، خالىساڭ «ئەسسەلامۇ مەنىتتەبەئەلھۇدا» (ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەرگە سالام بولسۇن) دېگىن.

مۇجاھىد ئېيتىدۇ: «يەھۇدىي ياكى ناساراغا خەت يازساڭ، ‹ئەسسەلامۇ مەنىتتەبەئەلھۇدا› دەپ ياز.»

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب: ئۆيگە كىرگەندە سالام بېرىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر ئۆيۈڭگە كىرسەڭ، ئەھلى بەيتىڭگە سالام بەر، ئۆيدە ھېچ كىم بولمىسا، «ئەسسەلامۇ ئەلەينا ۋە ئەلا ئىبادۇللاھىسسالىھىن»، دە، چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«قاچان ئۆيلەرگە كىرسەڭلار، بىر - بىرلىرىڭلارغا ئاللاھ ھۇزۇرىدىن بولغان مۇبارەك پاكىز سالامنى ئېيتىڭلار (‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم›، دەڭلار).» (نۇر سۈرىسى 61 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.) دەيدۇ. بۇ ئايەت ئىككى ئەمرنى: ئەگەر ئۆيدە بىرەر ئادەم بولسا، ئەھلىگە سالام بېرىشنى، بولمىسا، ئۆزىگە سالام بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

سەئىد ئىبنى جۇبەير قەتادىدىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۆيۈڭگە كىرسەڭ، ئەھلىڭگە سالام بەر، ئۇلار سەن سالام بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ھەقلىقى. ئەگەر بىرەر كىشى بولمىغان ئۆيگە كىرسەڭ، ‹ئەسسەلامۇ ئەلەينا ۋە ئەلا ئىبادۇللاھىسسالىھىن›، دېگىن، چۈنكى شۇنىڭغا بۇيرۇلغانسەن. بىزگە زىكىر قىلىنىشىچە، مالائىكىلەر ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئاتا رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹بىر كىشى ساڭا كىر، دېسە، كىرمە، تا ئاچقۇچ بىلەن كىرگەيسەن›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن: ئاچقۇ ‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم›مۇ؟ دېسەم. ئۇ: ‹ھەئە›، دېدى.»

مۇغىرە ئىبنى شۇبە ئىبراھىمدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر كىشى ئۆيگە كىلىپ سالام بەرسە، شەيتان ماڭا ئولتۇرۇشقا جاي قالمىدى، دەيدۇ. ئەگەر تائامغا كەلسە ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ نامىنى ئېيتسا، شەيتان، دەم ئېلىش ئورنىمۇ، تائاملىنىش ئورنىمۇ قالمىدى، دەيدۇ. ئىچىملىك كەلسە ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ نامىنى ئېيتسا، شەيتان، دەم ئالىدىغان، تائام يەيدىغان، ئىچىملىك ئىچىدىغان ئورۇن قالمىدى، دەيدۇ. نەتىجىدە ئۈمىدسىز بولۇپ، قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ.»

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب: مۇستەھەب بولىدىغان كىيىملەر ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: كىشى كىيىنىشتە يېقىنلىرىغا مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. قىممەت ۋە بەك كۆرۈمسىز لىباسنى كىيمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلسا، نەھيىنى كەسىپ قىلغان ۋە ئىنسانلارنى غەيۋەتكە سالغان بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىككى شۆھرەتتىن - نەرقى بەك يۇقىرى ۋە بەك ئۆزۈن لىباستىن مەنئى قىلغان.

شەئبىي ئېيتىدۇ: «ئەخمەق مەسخىرە قىلمايدىغان ۋە فۇقەھالار ئەيىبلىمەيدىغان كىيىمنى كىي.»

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن: «شۆھرەت بۇرۇن كىيىمنى ئۇزۇن كىيىشتە ئىدى، كېيىن ئۇنى يېڭىلاشقا ئايلاندى»، دەيدۇ.

بەزىلەر لىباسنى كالتا كىيىشنى ئىختىيار قىلىشتى ۋە بۇنىڭغا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتنى ھۆججەت كەلتۈرۈشتى. ئۇ زات قەنبەر بىلەن بىرگە بازارغا چىقتى ۋە ئىككى قوپال كۆڭلەك سېتىۋالدى ۋە قەنبەرگە بىرنى تاللىۋال دېدى. قەنبەر بىرنى تاللىۋالدى، يەنە بىرنى ئۆزى كىيدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر كۆڭلەك ئېلىپ كېلىشكەندە يېڭىدىن ئۈزۈن قىسمىنى كېسىپ تاشلاشنى بۇيرىغان. تابىئىنلاردىن بىرى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خۇتبە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇستىدە يەتتە يەردىن ياماقلىق كۆڭلەك بار ئىدى.»

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ساددا ۋە ئاددىسىنى كىيىڭلار، قىممەت باھالىق كىيىمدىن قېچىڭلار، بىر كىشىلىكنى ئىككى قىلىڭلار.»

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىر كۆڭلەك سېتىۋالدى ۋە ئىككى يېڭىنىڭ بارماقلىرىدىن ئاشقان يېرىنى كېسىپ تاشلاپ، خادىملىرىغا: «يېڭىنى تىكىپ قوي»، دېدى.

ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىش مۇستەھەبتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «ئاللاھ جەننەتنى ئاق رەڭدە ياراتتى. كىيىملەرنىڭ ياخشىسى ئاق رەڭلىك بولغىنى، سىلەر ئۇنى كىيىڭلەر ۋە ئۆلۈكلىرىڭلارنى ئۇنىڭ بىلەن كېپەنلەيسىلەر.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىيىملەرنىڭ ئېقىنى كىيىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئۆلۈكلىرىڭلارنى كېپەنلەڭلار، چۈنكى ئۇ كىيىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»، دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى: «ئەگەر سېنى ھەۋەس ۋە ئىسراپ ئازدۇرمايدىغان بولسا، ھالالدىن خاھلىغىنىڭنى يېگىن ۋە خاھلىغىنىڭنى كىيگىن، چۈنكى مەن قايسى بىر ئورۇندا ئىسراپنى كۆرسەم، ئۇنىڭ يېنىدا زايا كەتكەن ھەققەتنى كۆردۈم.»

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب: چىرايلىق ياسىنىپ يۈرۈش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: كىشى ئۈستى - بېشىغا، كىيىملىك قىلماستىن ئەڭ يېڭى لىباسلارنى كىيىشى كېرەك.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «لىباسىنىڭ پاكىزە بولۇشى كىشىنىڭ ئالىيجانابلىقىدىندۇر.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «كىشى ئىش كىيىمىدىن تاشقىرى يەنە ئىككى لىباس قىلىۋېلىشى لازىم ئەمەس.»

«كىيىمى كونىرىمىغان كىشىگە يېڭىسى يوق»، دەيدىغان تەمسىل بار.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بەندىنىڭ ھەدى ھېچ قاچان خۇشبۇي بولمايدۇ، غېمى كەمەيمىگۈچە؛ لىباسى يېڭى بولمايدۇ، تەشۋىشى كەمەيمىگۈچە»، دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «مەن كىيىمى ئاپپاق قارىيغا قاراشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن»، دېگەن ۋە يەنە: «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە كەڭچىلىك بەرسە، نەپسىڭلارغا سىلەرمۇ كەڭچىلىك قىلىڭلار»، دەيدۇ.

ئامىر ئىبنى سەئدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ پاكتۇر، پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، چىرايلىقتۇر، چىرايلىقلىقنى ياخشى

كۆرىدۇ، سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلۇغدۇر، ئۇلۇغلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ، خۇشبۇيدۇر، خۇشبۇيلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ›، دېگەن.»

زەيد ئىبنى ئەسلەم ئاتا ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئولتۇراتتى. چاچ - ساقىلى چۇۋۇلغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا، چىقىپ، چاچ - ساقىلىڭنى ياساتقىن، دەپ ئىشارەت قىلدى.» ئۇ شۇنداق قىلىپ، قايتىپ كىردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئەھۋال شەيتانغا ئوخشاش چاچ ۋە ساقىلى چۇۋۇلۇق يۈرۈشتىن ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېدى. زەيد ئىبنى ئەسلەم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئەنمار غازىتىغا چىقتۇق، مەن بىر دەرەخنىڭ تىگىگە چۈشۈپ جايلاشتىم. توساتتىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆتۈپ قالدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، سايىگە كەلمەمسىز؟» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئولتۇردى. مەن نان، تەرخەمەك چىقىرىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدۇم. تۆگىلەرنى باققىلى كەتكەن شېرىكىمىز بار ئىدى. ئۇمۇ كەلدى، ئۈستىدە كونىرىپ كەتكەن ئىككى لىباسى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىدى، ئارقىسىدىن ماڭا قاراپ: «ئۇنىڭ بۇ ئىككى كىيىمدىن باشقا كىيىمى يوقمۇ؟» دېدى. مەن: «ساندۇقدا يەنە ئىككى كىيىمى بار»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ئۇلارنى كىيسە بولمامدۇ؟» دېدى. مەن ئۇنى چاقىرىپ ئېيتتىم. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ، مېڭىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ئۇنىڭ بوينىغا ئۇرسۇن، ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ بۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ

يولــدا دەڭ!» دېــدى. رەســۇلۇللاھ: «ئالــلاھ يولــدا»، دېــدى. كېيــن ئالــلاھ يولــدا ئۆلتۈرۈلــدى.

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب: كىيىش دۇرۇست بولغان ۋە دۇرۇست بولمىغان لىباسلار ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئەر - ئايالغا تاۋار خەززەدىن (يىپەك، يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان رەخت) كىيىم كىيىش جائىز دۇر، چۈنكى ساھابىلەر خەززەدىن كىيىم كىيگەن. بەزىلەر ئۇنى كىيىشنى مەكرۇھ سانايدۇ.

ھەسەن بەسرىي رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: «بوينۇم ئۈزۈلۈپ كەتكۈچە قامچا ئۇرۇلۇشۇم ماڭا خەززەدىن كىيىم كىيىشىمدىن ياخشىراقتۇر.»

لېكىن بىز ئېيتىمىزكى، بۇ كىيىمنىڭ مەكرۇھلۇقى پەقەت ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھەسەن بەسرىي ئۆزى بەك كەمتەر بولغان. لېكىن باشقىلارغا ھارام قىلمىغان.

ھەيسەمەدىن: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن خەززەدىن كىيىم كىيىشكەن ئۈچ كىشىنى كۆردۈم.» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئىكرىمە: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەززەدىن بولغان كىيىمى بار ئىدى»، دەيدۇ.

ۋەھب ئىبنى ھەيسان: «جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ئۈستىدە خەززەدىن

بولغـان كيـمنـى كـۆردۈم.» دەيدۇ.

شـۇنىڭدەك، ئەبـۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىنمـۇ خەززەدىـن كيـمـى بولغانلىقـى رىۋايـەت قىلىنـىدۇ.

ئەرلەرگــە يىپــەك، ئەتلــەس، شــايى كيــىش جائىــز ئەمــەس، ئاياللارغــا جائىــز. بـۇ ھۆكـۈم ئەنەس ئىبنـى مالـىك رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالامدىن رىۋايەت قىلغـان: «كىمكـى بـۇ دۇنيـادا يىپـەك كيـسـە، ئاخىرەتتـە ئۇنـى كيـەلمەيـدۇ.» دېگـەن ھەدىسـكە بىنائـەن شـۇنداق.

ئابدۇلــلاھ ئىبنــى ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ئېيتىدۇكــى: «رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالام چىقتـى، بىـر قولىـدا ئالتـۇن ۋە بىـر قولىـدا يىپـەك بـار ئىـدى ۋە: ‹بـۇ ئىككىسـى ئۇممىتىمنىـڭ ئەرلىرىگـە ھـارام، ئاياللىرىغـا ھـالال قىلىندى›، دېـدى.»

مۇھەممــەد ئىبنــى ســىرىن ئــەر ۋە ئايالغــا يىپــەك كيــىشــنى مەكــرۇھ سـانىغان. ھۆججتـى رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالامنىڭ: «ئاخىرەتتـە نېسىۋىسـى بولمىغـان كىشـى يىپـەك كيـىدۇ»، دېگـەن ھەدىسـتۇر، چۈنكـى بۇنىڭـدا ئـەر ۋە ئاياللارنىـڭ ئوتتۇرىسـى ئايرىلمىغـان. جاۋابـەن ئېيتىمىزكـى، ئەلۋەتتـە، بـۇ خـەۋەر ئەرلەرگـە قارىتىلـدى، چۈنكـى يەنـە بىـر ھەدىسـتە: «ئاياللارغـا ھـالال» دېيىلگـەن سـۆز ئۇنـى تەپسـىر قىلـىدۇ.

جەڭـدە يىپـەك كيـىم كيـىش توغرىسـىدا ئىختىـلاپ قىلىنغـان. بەزىلـەر جائىـز ئەمـەس دەيـدۇ. ئەبـۇ ھەنىفەمـۇ شـۇنداق دېگـەن. بەزىلەر بۇنىـڭ زىيىنى يـوق، دەيـدۇ. كېيىنكـى پىكـىر ئىمـام ئەبـۇ يۇسـۇف ۋە ئىمـام مۇھەممەدنىـڭ پىكـرى.

ئۇرۇشتا يىپەك كىيىشنى مەكرۇھ دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى ھەدىستىكى ئومۇمىيلىقتۇر.

ئىكرىمە جەڭدە يىپەك ۋە شايى لىباس كىيىشنى مەكرۇھ ساناپ: «ئۇلار يىپەك كىيىش سەۋەبلىك شەھىدلىكنى رەت قىلدى.» دەيدۇ. ھەسەن بەسرىيدىنمۇ جەڭدە يىپەك كىيىشنى مەكرۇھ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئەمما جائىز دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستۇر. ئۇ زاتقا: «دۈشمەنگە يولۇققىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ قوراللىرىدىكى يىپەك ۋە شايىلار كۆزىمىزگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى»، دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەرمۇ قوراللىرىڭلارغا يىپەك ۋە شايىنى ئوراڭلار»، دېگەن.

قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى جەڭدە يىپەك ۋە يالتىراق لىباس كىيىشنى يامان كۆرمەيتتى.»

## قىرىقىنچى باب: كېيىمگە بەلگە قويۇش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەزىلەر كىيىمدىكى يىپەك ۋەيا شايىدىن بەلگە (نەقىش) قويۇش مەكرۇھ، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر، بۇنى مۇباھ ساندى. بىز شۇنى ئاساس قىلىمىز. مەكرۇھ دېگۈچىلەر مۇجاھىدنىڭ: «ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەللە سېتىۋالغاندا ئۇنىڭدا يىپەك نەقىشنى كۆردۈم» دېگەن ھەدىسىگە ئاساسلىنىدۇ.

مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە غالىپ ئىبنى يەساردىن، ئۇ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «بىز سەللىلەردىكى نەقىشلەرنى كېسىپ تاشلايتتۇق.» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «يىپەك ئارىلاشقان كىيىمدىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەرلەرگە يىپەكنى ھارام قىلدى.»

مۇباھ دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر: بىر قەۋم: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىزنى يىپەك كىيىشتىن چەكلىدىڭىز، بىزگە ئۇنىڭدىن قانچىلىك ھالال بولىدى؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ بارماقچىلىك، ئەمما بۇنىڭدىن ئۇ ياخشىلىق يوق»، دېدى.

ئبنى ئاباس ئېيتدۇكى: «نەقشنىڭ زيىنى يوق، بەلكى كيىمدىن بىر خىلى مەكرۇھ.» ئبراھىم ئېيتىدۇ: «ئۇلار بەلگىلەرگە رۇخسەت بېرەتتى.»

سۇۋەيد ئبنى غەفلە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر، ئىككى ۋە ئۈچ بارماق مقداردا بولسا زەرەرى يوق.» چۈنكى ئاز نەرسە يوق ھېسابتا، خۇددى ئاز ئەمەل يوق ھېسابتا بولغاندەك، خۇددى نامازدىكى ئاز ئەمەل نامازنى بۇزمىغىنىدەك، خۇددى نىجاسەتنىڭ ئېزى نامازنىڭ جائىزلىقىنى مەنئى قىلمىغاندەك. شۇنىڭدەك، روزىدارنىڭ ھەلقۇمىغا چاڭ كىرسە، روزىسى بۇزۇلمىغاندەك، چۈنكى چاڭ ئاز، بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

## قىرىق بىرىنچى باب: زىننەتلەرنىڭ پايدىلىنىش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: زىننەت ۋە يىپەكتىن پايدىلىنىش مەسىلىسىدە ئادەملەر ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر بۇنىڭ زىيىنى يوق، دېدى. بۇ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سۆزى. بەزىلەر مەكرۇھ دېدى. بۇ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەنىڭ سۆزى. مۇشۇ ئاساس قىلىنىدۇ.

جائىز دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى ئىبراھىم ئىبنى مەسئۇد ئەبۇ راشىدتىن قىلغان رىۋايەتتۇر: «مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆشەكلىرىدە يىپەك ياستۇقنى كۆردۈم»، دەيدۇ.

ئېيتىلىشىچە، ھەسەن بەسرىي تويغا قاتنىشىپ، زىننەتلەنگەن ياستۇققا ئولتۇرغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىكاھ تويىغا بارغاندا يىپەك ياستۇققا ئولتۇرغانلىقى، ئۇنىڭدا قۇش سۈرىتى بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئائىشە ئانىمىز رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىدە قۇش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پەردە ئېسىغلىق ئىدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئىت ياكى سۈرەت بولغان ئۆيگە كىرمەيمەن، يا ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلاڭ، ياكى تۆشەك

قىلىپ يېتىڭ»، دېگەن.

مەكرۇھ دېگۈچىلەر سەئىد ئىبنى مالىكتىن قىلىنغان رىۋايەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ زات: «كۆيۈۋاتقان كۆمۈر چوغىغا يۆلىنىشىم، يېپەك ياستۇققا يۆلىنىشىمدىن ياخشىراقتۇر»، دېگەن.

ئىبنى سىيرىن: «مەن ئۇبەيدە سەلمانىيدىن: ‹زىننەتتىن پايدىلىنىشنى ئۇنى كىيىش كەبى يامان كۆرەمسەن؟› دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى: ‹ھەئە›، دېدى.» دېگەن.

www.uyghurkitap.com

## قىرىق ئىككىنچى باب: قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەزىلەر سېرىق ۋە زەپىرەڭ بويالغان كىيىم كىيىشنى مەكرۇھ، دېيىشتى. بەزىلەر زىيىنى يوق، دەيدۇ. مەكرۇھ دېگۈچىلەر ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېنى سېرىق ۋە قاسىي (كىيىمنىڭ بىر تۈرى) كىيىشتىن ھەمدە رۇكۇدا قىرائەت قىلىشتىن توسقان.» دېگەن ھەدىسىنى ھۆججەت قىلىشىدۇ.

ھەسەن بەسرىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىزىل رەڭدىن يىراق تۇرۇڭلار، چۈنكى قىزىل رەڭ شەيتاننىڭ زىننىتى ۋە ئۇ قىزىل رەڭنى ياخشى كۆرىدۇ.»

ئەمر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈستۈمدە سېرىق بويالغان يېپىنچامنى كۆرۈپ، مەندىن يۈز ئۆرىدى. دەرھال بېرىپ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتىم ۋە باشقىسىنى كىيىپ قايتتىم. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹يېپىنچاڭنى قانداق قىلدىڭ؟› دېدى. ‹سىزنىڭ مەندىن يۈز ئۆرىگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتىم›، دېسەم، ‹ئۇنى ئاياللىرىڭدىن بىرسىگە بەرمىدىڭمۇ؟› دېگەن.»

سېرىق، قىزىل كىيىم كىيىشنى مۇباھ دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى ۋۇكىئ

سۇفياندىن، ئۇ ئەبۇ ئىسھاقتىن، ئۇ بەرا ئىبنى ئازىبتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. بەرا: «قىزىل كىيىمدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىراق كىشىنى كۆرمىدىم»، دېگەن.

كەئب ئىبنى ئۇجرەنىڭ بىر قۇلى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن سېرىق بويالغان كىيىمنى كىيگەن تۆت – بەش كىشىگە يولۇقتۇم»، دەپ رىۋايەت قىلغان. مالىك ئىبنى مۇغەۋۋىل ئېيتىدۇ: «شەئبىينى قىزىل يېپىنچا يېپىنغان ھالدا كۆردۇم.» فەقىھ ئېيتىدۇ: ئاۋۋالقى سۆز سەھىھراق، ئەبۇ ھەنىفەمۇ شۇنى ئىختىيار قىلغان. بىزمۇ شۇنى ئالىمىز. «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىل كىيىمنى كىيىشى، ئېھتىمال نەھىي قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئىش. ئەمما ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس لازىم ئەمەس، چۈنكى ئۇلاردىن قايسى بىرى قىزىل كىيىم كىيگەنلىكى بايان قىلىنمىغان. چۈنكى ئۆمەر ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇنىڭدىن مەنئى قىلغانلىقى ئېنىقتۇر. شەئبىيدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە كەلسەك، ئۇ زات قازىلىقتىن قېچىپ سېرىق كىيىم كىيەتتى، شەترەنچ ئوينايتتى، كىچىك بالا، يىگىتلەر بىلەن پىل كۆرگىلى چىقاتتى.

## قىرىق ئۈچىنچى باب: يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر يىرتقۇچلارنىڭ تېرىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بىزنىڭ ئەسھابلىرىمىز: «يىرتقۇچلارنىڭ تېرىسىدە زەرەر يوق، ئاشلانغان ياكى تازىلانغان بولسا، ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇسا جائىز، پەقەت چوشقىنىڭ تېرىسىدىن باشقا»، دېيىشتى. بەزىلەر ھەممىسىنى يامان كۆرۈشىدۇ ۋە ئەبۇ مۇلەيھ ھەزەلىي رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈشىدۇ. ئېيتىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يىرتقۇچلارنىڭ تېرىسىنى كىيىشتىن ۋە ئۇنى تۆشەك قىلىشتىن مەنئى قىلدى.» ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر كىشىنىڭ بېشىدا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن باش كىيىمنى كۆرۈپ يىرتىپ تاشلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھەسەن بەسرىيدىن تۈلكىلەرنىڭ تېرىسىدە ناماز ئوقۇشنى يامان كۆرگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

ئەمما ئەسھابلىرىمىزنىڭ ھۆججىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ ھەدىستۇر: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق ئۆۋلانغان تېرە پاكتۇر»، دېگەن.

ئەۋف رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى سىيرىندىن يولۋاس تېرىسى ھەققىدە سوئال قىلىشتى. ئۇ: «بۇنى گۇناھ ساناپ، تەرك قىلغان بىرەر كىشىنى

www.uyghurkitap.com

بىلمەيمەن»، دېدى.

مۇترىف ئىبنى شەخىر ئېيتىدۇ: «ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ ئالدىغا باردىم. ھۇزۇرىدا تىككۈچى بار ئىدى. ئۇنىڭغا تۈلكىلەرنىڭ تېرىسىنى كۆرسىتەتتى.»

ئىبراھىم نەخەئىينىڭ تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن باش كىيىمى بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

نەھيي قىلىنغان ھەدىسلەر، ئاشلانمىغان تېرىلەر ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، دۇنيا زىننىتىنى تەرك قىلىش ئۈچۈندۇر، ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس دەپ ئېھتىمال قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ياششى ئېغىر ئىدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە كۆرە: ئۇ زات: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن يەيدىغان نەرسىمىز خورما ۋە سۇ ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يېگۈدەك بىر نەرسە يوق ئىدى. كىيىملىرىمىز ئاساسەن يۇڭ ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى يۈزىسىدىن ئىككى خىل تاماقنى بىرلا ۋاقىتتا يېيىشتىن مەنئى قىلىنغان. ھاراملىقتىن ئەمەس. كىيىم – كېچەك ھەققىدىكى ھۆكۈممۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.»

# قىرىق تۆتىنچى باب: گۆش يېيىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىلگىرىكىلەر گۆش يېيىشنى مۇستەھەب سانايدۇ، ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ، ئەمما ھەمىشە يېيىشنى مەكرۇھ كۆرىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «گۆشنى يەڭلار، چۈنكى گۆش گۆشنى ئۆستۈرىدۇ، ئاڭلاشنى كۈچەيتىدۇ.» يەنە ئېيتىدۇ: «كىمكى قىرق كۈن گۆش يېمىسە، ئەخلاقى بۇزۇلىدۇ.» زۇھرىي ئېيتىدۇ: «گۆش يەتمىش قۇۋۋەتنى زىيادە قىلىدۇ.»

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان باللىرىنى شەئبىيگە تەربىيە بېرىشى ئۈچۈن تاپشۇرغاندا: «ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى كېسىڭ، بويىنى قاتتىقلىشىدۇ، ئۇلارغا گۆش يېگۈزۈڭ، قەلبى مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە ئۇلارنى ئادەملەر بىلەن ئولتۇرغۇزۇڭ»، دېگەن.

ھەمىشە گۆش ئىستېمال قىلىشنى مەكرۇھ ھېسابلىغانلار، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېيتقان: «ئى بەنى تەمىم، گۆش يېيىشنى دائىمىي قىلىۋالماڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدا ھاراقتا ئوخشاش ياۋۇزلۇق بار.» دېگەن رىۋايەتنى ئاساس قىلىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاسساپقا تولا قاتنىغان كىشىنى كۆرگەندە، ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرۇپ: «ئەلۋەتتە، ھاراقتا سوغۇققانلىق - ياۋۇزلۇق بولغىنىدەك،

www.uyghurkitap.com

گۆشتمۇ ياۋۇزلۇق بار»، دېگەن.

ئەبۇ ئۇمامە باهلىي رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ تەئالا سىمىز ئەردىن، گۆشلۈك ئۆي ئەھلىدىن غەزەپلىنىدۇ›، دېگەن.» بەزىلەر، بۇ يەردە گۆشنى كۆپ يەيدىغان كىشىلەرنى نەزەردە تۇتقان، دېيىشىدۇ. بەزىلەر، ئىنسانلاردىن غەيۋەت قىلىدىغان كىشىلەرنى نەزەردە تۇتقان، دېيىشكەن.

ئەبۇ ئۆمەر شەيبانىي ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ زات بىر كىشىنىڭ دىرھەملىرى بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «بۇ نېمە؟» دېدى. ئۇ: «رامىزان ئېيىغا گۆش سېتىۋالماقچىمەن»، دېدى. ئىبنى مەسئۇد: «ئۆيۈڭگە بار، ئۇنى خوتۇنۇڭغا بەر ۋە ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر دىرھەمگە گۆش سېتىۋېلىشنى بۇيرىغىن. ساڭا شۇ ياخشىراق ئۇسۇل»، دېگەن.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «گۆشنى ئەجەملەر كەسكەندەك، پىچاق بىلەن كەسمەڭلەر، بەلكى ئۇنى چىش بىلەن چىشلەڭلەر، چۈنكى بۇ پايدىلىقراق ۋە مىزىلىكرەك»، دېگەن.

# قىرىق بەشىنچى باب: مۇرابىا يېيىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەزى ئىنسانلار مۇرابىا ۋە سۇيۇق تائام يېيىشنى يامان كۆرۈشتى. ئۆلىمالار ئاممىسى بۇنى مۇباھ ھېسابلىغان. مەكرۇھ دېگۈچىلەر ھۆججەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىنىڭ خاھلىغان نەرسىنى يېيىشى ئىسراپتۇر»، دېگەن ھەدىسلەرنى ئېلىشىدۇ. ھۇزەيفە ئىبنى يەمان: «قانچىلىغان ئارزۇ - ھەۋەسلەر ساھىبىغا ئۇزۇن زامان قايغۇ ئېلىپ كەلدى»، دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھەسەلدىن ئىچىملىك كەلتۈرۈلگەندە، ئۇنى ئالدى، ئارقىدىن قايتۇردى ۋە: «ئاللاھ تەئالا: ‹كاپىرلار دوزاخقا ھەيدىلىدىغان كۈندە (ئۇلارغا دېيىلىدۇ): ‹سىلەر ئۆز ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىڭلاردىن ھاياتىي دۇنيادىلا بەھرىمەن بولۇپ بولدۇڭلار. ئەمدى بۈگۈن زېمىندە ھەقسىز رەۋىشتە كىبىر - تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىماندىن باش تارتقىنىڭلار ۋە ئىتائەتسىز بولغانلىقىڭلار سەۋەبلىك خارلىق ئازابى بىلەن جازالىنىسىلەر›.» (ئەھقاف، 20 - ئايەت)، دېگەن كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىمدىن قورقتۇم»، دېدى.

مۇباھ دېگۈچىلەر ۋەكىئ ئەمر ئىبنى دىناردىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ئاساس قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنسانلارنى ئىراققا يوللىغان ۋاقتىدا: «سىلەر شۇنداق يەرگە بارىسىلەركى، ئۇ يەردە تائام ۋە

نىئمەتلەرنىڭ تۈرلۈك خىلىغا يولۇقسىلەر، ھەر بىر خىلى كەلتۈرۈلگەندە، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ، ئاندىن يەڭلار»، دېگەن.

ھەسەندىن رىۋايەت قىلىنىدى: ئۇ زات داستىخان ئۈستىدە ئىدى. مالىك ئىبنى دىنارمۇ بار ئىدى. مۇراببا كەلتۈرۈلدى. مالىك ئۇنىڭدىن يېمىدى. ھەسەن ئۇنىڭغا: «يەۋەر، چۈنكى ئاللاھ تەئالانىڭ ساڭا سوغۇق سۇدا بەرگەن نىئمىتى بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆل خورمىنى قوغۇن بىلەن يېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوغۇننى شېكەر بىلەن يېگەنلىكى ئېيتىلغان. ھەسەن بەسرىي: «ھەسەل، تاسقالغان بۇغداي ئۇنى بىرەر مۇسۇلمان ئەيىب ھېسابلىمىغان تائامدۇر»، دەيدۇ.

ئاللاھ تەئالا: «قېنى ئېيتقىنكى: (ئى مۇھەممەد): ‹ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان بېزەك (لىباسلارنى) ۋە ھالال - پاك رىزقلارنى كىم ھارام قىلدى؟!› ئېيتقىنكى: ‹ئۇلار (لىباس ۋە ھالال رىزقلار) ھاياتى دۇنيادا ئىمان ئېگىلىرى ئۈچۈن (بولۇپ، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا شېرىك بولىدۇ)، ئاخىرەت كۈنىدە بولسا پەقەت (مۆئمىنلەرگىلا) خاستۇر›.» (ئەئراف، 32 - ئايەت)، دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# قىرىق ئالتىنچى باب: تائاملار ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەر

ئەھـــۋەس ئىبنـــى ھەكـــم ئاتىســـدىن رىۋايـــەت قىلـــدۇ: رەســـۇلۇللاھ ئەلەيھىســـسالام: «ئاچچىقســـۇ ۋە يـــاغ ئىمىدىگـــەن ياخشـــى»، دېـــدى.

ئەمـــر ئىبنـــى دىنـــار ئەبـــۇ جەئفەردىـــن رىۋايـــەت قىلـــدۇ: رەســـۇلۇللاھ ئەلەيھىســـسالام: «ئاچچىقســۇ بولغــان ئۆيــدە كەمبەغەللىــك بولمايــدۇ»، دېگــەن.

ئەنـــەس ئىبنـــى مالـــك رەســـۇلۇللاھ ئەلەيھىســـسالامنىڭ كاۋىنـــى ياخشـــى كۆرگەنلىكىنـــى رىۋايـــەت قىلـــىپ ئېيتىدۇكـــى: رەســـۇلۇللاھ ئەلەيھىســـسالامنىڭ كاۋىنـــى ياخشـــى كۆرۈشـــىنى بىلگىنىمدىـــن بىـــرى مەنمـــۇ ئۇنـــى دائىـــم ياخشـــى كـــۆردۈم.»

ئىبنـــى ئاببـــاس رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ ئېيتـــدۇ: «قاچـــان ئانـــار يېســـەم، جەننـــەت ســـۈيىنىڭ بىـــر تامچىســـىنى ئىچكەنـــدەك بولىمـــەن.»

ئەلـــى ئىبنـــى ئەبـــۇ تالـــىپ: «ئەگـــەر ئانـــار يېســـەڭلار، يۇمشـــاق تەرىپىنـــى يـــەڭلار، چۈنكـــى ئاشـــقازانغا پـــەردە بولىـــدۇ»، دېگـــەن.

ئەبـــۇ ھۇرەيـــرە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ رەســـۇلۇللاھ ئەلەيھىســـسالام ھەققىـــدە: «ئـــۇ زاتنىـــڭ ئـــەڭ ياخشـــى كۆرگـــەن مېۋىســـى تـــاۋۇز ۋە ھـــۆل خورمـــا، ئاشـــلارنىڭ ئـــەڭ ياخشىســـى ئـــاش كاۋىســـى ئىـــدى»، دەپ رىۋايـــەت قىلـــدۇ.

تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىندۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا كىردىم. قولىدا بىيە بار ئىدى. ئۇنى ماڭا بېرىپ: ‹بۇنى ساڭا بېرەي، ئۇ ئەقىلنى تولۇقلايدۇ›، دېدى.»

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ: «بەزى كىتابلاردا تاۋۇزنىڭ تائام، شاراب، مېۋە، سىركە رەيھان (ئورنىدا) ئىكەنلىكى، تاماقنى ھەزىم قىلىشى، تائامغا ئىشتىھانى ئېچىشى، رەڭنى چىرايلىق قىلىپ، ئۇرۇغنى كۆپەيتىدىغانلىقى يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم»، دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «تاۋۇز تۆت خىل: شېرىن، چۈچىمەل، خۇشپۇراق ۋە ئاچچىق بولىدۇ. شېرىنى گۆشنى ئۆستۈرىدۇ، چۈچىملى قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، خۇش پۇراق بولغىنى ياغنى كۆپەيتىدۇ، ئاچچىقى بۇۋاسىر (گىمورويى)نى كېسىدۇ»، دېگەن.

فەقىھ رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: كىشىلەر ئائىلىسىنىڭ تائام ۋە شارابىنى مول قىلىشى مۇستەھەب. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تەئالا مولچىلىق ۋە كەڭ - كۇشادە ئۆينى ياخشى كۆرىدۇ»، دېگەن.

ئىبراھىم نەخەئىي: «سالىھلار سېخىي كىشىلەرنى ياخشى كۆرەتتى ۋە لىباستا چەكلىنەتتى»، دەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «تائام ۋە شاراب بىلەن ئۆيلىرىڭلارنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپەيتىڭلار. كۆپىنچە مېلى كۆپ كىشىنىڭ ئۆيىدە بۇ ياخشىلىقلار كەم بولىدۇ»، دېگەن. ھەسەن بەسرىي: «تائامدا ئىسراپ يوقتۇر» (ئەگەر ئائىلىسىگە كەڭچىلىك قىلسا)، دەيدۇ.

# قىرىق يەتتىنچى باب: سامساق يېيىش ھەققىدە

فەقىھ رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: سامساق يېيىشنى بەزىلەر مەكرۇھ، بەزىلەر مۇباھ دەيدۇ. مەكرۇھ دېگۈچىلەر ئەبۇ بەكرىنىڭ قۇلى قاسىم رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ئاساس قىلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىشى مانا بۇ سېسىق كۆكتاتلاردىن يېسە، ئۇنىڭ ھىدى ئاغزىدىن كەتمىگۈچە بىزنىڭ مەسجىدىمىزگە يېقىنلاشمىسۇن»، دېگەن.

ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم مانا بۇ سېسىق ئوتتىن يېسە، بىزنىڭ مەسجىدىمىزدە بىزگە ئازار بەرمىسۇن، ئۆيىدە ئولتۇرسۇن»، دېگەن.

يەنە رەسۇلۇللاھتىن يېپقا تىزىپ كاۋاپخانىغا ئېسىپ قويۇلدىغان سامساق ھەققىدە سوراشقاندا، ئۇنىمۇ بولمايدۇ، دېگەن. كېيىن كاۋاپ پەقەت ئۇنىڭ بىلەن دۇرۇست بولىدۇ، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «پەقەتلا سامساق بىلەن بولىدىغان تائامدا ياخشىلىق يوق»، دېگەن.

مۇباھ دېگۈچىلەر ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇلەيلا رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ئاساس قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا سامساق سېلىنغان شورپا ھەدىيە قىلىنىدى. ئۇنى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىيغا ئەۋەتتى. ئەبۇ ئەييۇب: «ئى رەسۇلۇللاھ، سىز يامان كۆرگەن نەرسىنى مەن يەيمەنمۇ؟»

www.uyghurkitap.com

دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەن يامان كۆردۈم، چۈنكى مەن جىبرىل بىلەن سۆھبەتلىشىمەن، ئۇ ئۇنىڭ ھىدىنى بىلىدۇ»، دېگەن.

سۇفيان ئابدۇللاھتىن، ئۇ ئەبۇ يەزىدتىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىينىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. ئۇ ماڭا رەسۇلۇللاھقا مانا بۇ كۆكتاتلار سېلىنغان تائامنى بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى يامان كۆرگەنلىكىنى ۋە ساھابىلىرىگە ئۇنى يېيىشكە ئىجازەت بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ جىبرىلغا ئازار بېرىپ قويۇشتىن قورقۇپ يېمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.»

ئىبنى سىيرىن ئېيتىدۇ: «ئىبنى ئۆمەر سامساقنى بىر يېپقا تىزىپ، قازانغا تاشلىدى، پىشقاندا يېپى بىلەن كۆتۈردى.»

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەلى: «بىز مۇھەممەد ئائىلىسى سامساق، پىياز ۋە كەرەپشە يەيتتۇق»، دېگەن.

ئەبۇللەيس: «مەن ئۇنى يېيىش مۇباھلىقى ھەققىدە فەقىھتىن سورىدىم. ئۇ بىز، بۇنى مۇباھ، دەيمىز، دېدى»، دەپ نەقىل قىلغان.

## قىرىق سەككىزىنچى باب: مۇرۇۋۋەت ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەر

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلماستىن، ئۇلارغا يالغان گەپ قىلماستىن، ۋەدە بېرىپ، خىلاپلىق قىلماستىن مۇئامىلىدە بولسا، ئۇ مۇرۇۋۋەتلىك كىشىلەردىن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئادالىتى ئاشكارا بولىدۇ، ئۇنى بۇرادەر تۇتۇش ۋاجىب، غەيۋىتىنى قىلىش ھارام بولىدۇ»، دېگەن.

ئىبنى زەييات ئۇلۇغلارنىڭ بىرىدىن: «سىلەردە مۇرۇۋۋەت نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «تۆت خىسلەت، - دېدى. - بىرىنچى، كىشى گۇناھتىن ئۇزاقلىشىشى لازىم، چۈنكى گۇناھكار بولسا، خار بولىدۇ، مۇرۇۋۋىتى بولمايدۇ. ئىككىنچى، ئۆزىدە بار مېلىنى ئىسلاھ قىلىشى، بۇزۇپ - چاچماسلىقى لازىم، ئۇنى بۇزۇپ - چاچسا ۋە باشقىسىنىڭ مېلىغا موھتاج بولسا، ئۇنىڭ مۇرۇۋۋىتى بولمايدۇ. ئۈچىنچى، ئەھلىگە ئۇلار موھتاج بولىدىغان نەرسىنى ھازىرلاپ قويۇشى لازىم، چۈنكى كىمنىڭ ئەھلى - ئائىلى ئىنسانلارغا موھتاج بولسا، ئۇنىڭ مۇرۇۋۋىتى بولمايدۇ. تۆتىنچى، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان تائام ۋە شارابقا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە شۇنىڭدىن ئىستېمال قىلىشى لازىم. ئۆزىگە ماس بولمىغان تائامنى تاناۋۋۇل قىلسا، مۇرۇۋۋىتى نۇقسانلىق بولىدۇ.»

قەيس ئىبنى سابىت ئىبنى سەئىدتىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ قەيسەرنىڭ

ئالدىغا كېلىپ تۇراتتى. قەيسەر ئۇنىڭغا: «ئاقىلنىڭ ئەۋزىلى نېمە؟» دېدى. ئۇ: «ئۆز نەپسىنى بىلگەن كىشى»، دەپ جاۋاب بەردى. «ئىلىمنىڭ ئەۋزىلى نېمە؟» دەپ سورىدى. «بىلمىگەن ۋاقتىدا جىم تۇرۇش»، دېدى. «مۇرۇۋۋەت نېمە؟» دەپ سورىدى. «كىشى يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىشى»، دېدى. «مالنىڭ ئەۋزىلى نېمە؟» دەپ سورىدى. «ھەققى ئادا قىلىنغان مال»، دېدى.

رەبىئەتۇر رەئيي ئېيتىدۇ: «مۇرۇۋۋەت ئالتەدۇر، ئۈچى مۇقىملىقتا، ئۈچى مۇساپىرلىقتا بولىدۇ. مۇقىملىكتىكىسى ــــ تىلاۋەتۇلقۇرئان، ئاللاھ تەئالانىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش، ئاللاھ يولىدا بۇرادەر تۇتۇش. مۇساپىرلىقتىكىسى ــــ مال - مۈلك سەرپ قىلىش، بۇرادەرلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، ئاللاھقا ئاسىي بولمايدىغان ئىشلاردا ھەزىل - چاخچاق قىلىش.»

بەزى ئۆلىمالار: «مۇرۇۋۋەتنىڭ ئەۋزىلى سۆزىدە سادىق، ئەھدىگە ۋاپادار بولۇش، ئۆزىنىڭ پايدىسىغا خىراجەت قىلىش»، دېيىشىدۇ.

ھەسەن بەسرىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساتىراچقا چېچىنى ئالدۇرۇپ بىر دىرھەم بەردى. بۇ ھەقتە (نېمە ئۈچۈن كۆپ بەرگەنلىكى ھەققىدە) سوراشقاندا: «مۇمىسقلىق قىلماڭلار، ئەكس ھالدا سىلەرگە تارلىق قىلىنىدۇ»، دېدى. ئۇ كىشى ئۇششاق ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەۋاتقان كىشىنى كۆرسە: «ئاللاھ ئۇششاق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىگە لەنەت قىلسۇن، كىم شۇنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلسا، مۇرۇۋۋەتتى بولمايدۇ. كىمنىڭ مۇرۇۋۋەتتى بولمىسا، دىنىمۇ بولمايدۇ»، دېگەن.

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئېيتىدۇ: «ئۈچ نەرسە پەسكەشلىكتۇر: قان

ئالغۇچىنىڭ ھەققىي ئۈستىدە شەرتلىشىش، قان ئالغۇچىلارنىڭ ئەينىكىگە قاراش، ناننى ئۆلچەپ قەرز ئېلىش.»

ئېيتىلىدۇكى، يوللاردا ئولتۇرۇش مۇرۇۋۋەتتىن ئەمەس. بەزى ھۆكۈمالاردىن مۇرۇۋۋەتنىڭ نېمىلىكى سورالدى. ئېيتىشتىكى: «ئوچۇق ئىشىك، ئېھسان قىلىنغان تائام، قاتتىق باغلانغان بەل»، يەنى، ئىنسانلارنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن.

ھەسەن بەسرىي: «تۆت نەرسە كىشىنىڭ مۇرۇۋۋىتىدىن: تىلىنىڭ راستچىللىقى، بۇرادەرلىرىنىڭ خاتا - كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈشى، ئەھلى زامانىنىڭ تونۇلغان كىشىسىگە ساخاۋەت قىلىشى، تونۇش ۋە قوشنىلارغا ئازار بېرىشتىن ساقلىنىشى»، دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئەرەبلەرنىڭ قاچان ھالاك بولۇشىنى بىلىمەن»، دېدى. «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن، قاچان ھالاك بولىدۇ؟» دېيىشتى. «ئۇلارنى ئىسلامىي تەقۋاسى ۋە جاھىلىيەت ساخاۋەتى بولمىغان كىشى باشقۇرسا»، دېدى.

راۋىي: «ئەمىرۇلمۇئمىنىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راست گەپ قىلدى. ئۇلارنى مۇتتەقىي ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىلار باشقۇرۇپ تۇرغاندا ھالاك بولمىدى. جاھىلىيەت ساخاۋەتى بولغان مۇئاۋىيەگە ئوخشاش كىشى باشقۇرغاندىمۇ ھالاك بولمىدى. تەقۋاسىز ۋە بېخىل يەزىدقا ئوخشاش كىشىلەر باشقۇرغاندا ھالاك بولدى»، دەيدۇ.

ھۆكۈمالارنىڭ بەزىسى ئېيتىدۇ: «كامىل مۇرۇۋۋەت ئىككى نەرسىدە: ئىنسانلاردا كۆرۈلگەن كەمچىلىكتىن ساقلىنىش ۋە ئۇلاردىن سادىر بولغان

خاتالىقنى كەچۈرۈش.»

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مۇرۇۋۋەت دېگەن نېمە؟»، دېدى. ئۇ: «ئىپپەتلىك بولۇش، نەفسىگە ئىگە بولۇش، قىينچىلىق ۋە پاراۋانلىقتا ئېھسان قىلىش»، دەپ جاۋاب قىلدى. ئارقىدىن: «ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇش دېگەن نېمە؟» دېدى. «ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، قېرىنداشلىرىغىلا نەپەقە بېرىش، قولىدىكى نەرسىنى شەرەپ، نەپەقە قىلغانلىقنى تالاپەت قىلغانلىق دەپ بىلىش»، دېدى.

مۇرۇۋۋەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئادالەتكە، ياخشى ئەمەل قىلىشقا ۋە قەۋم - قېرىنداشقا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ھەمدە بۇزۇقچىلىق، يامان ئىشلار ۋە زوراۋانلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ. ئۇ زات شايەد ئىبرەت - ئەسلەتمە ئالغايسىلەر، دەپ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ»، (نەھل، 90 – ئايەت) دېگەن ئايىتىدە جەملەنگەن، دېيىلىدۇ.

ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد ئېيتىدۇ: «دىن ئەھلى بىلەن ئولتۇرۇڭلار، ئەگەر قادىر بولالمىساڭلار، ئەھلى دۇنيانىڭ مۇرۇۋۋەتلىك كىشىلىرى بىلەن ئولتۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار مەجلىسلىرىدە نالايىق سۆزلەرنى قىلمايدۇ.»

ئەھنەف ئىبنى قەيس: «ھەسەتخوردا راھەت، يالغانچىدا مۇرۇۋۋەت، بېخىلدا دوستلۇق، سۆزنى ئۇزۇن قىلغۇچىدا ۋاپا، خۇلقى ياماندا رەھبەرلىك، ماللىق كەلتۈرگۈچىدە بۇرادەرلىك بولمايدۇ»، دېگەن.

# قىرىق توققۇزىنچى باب: ئەقىل ھەققىدىكى سۆزلەر

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىلىم ــــ كىشىنىڭ دوستى، ئەقىل ــــ يولباشچىسى، ھەلىملىك ــــ ۋەزىرى، ئەمەل ــــ قوماندانى، سەبىر ــــ قوشۇنىنىڭ ئەمىرى، مۇلايىملىق ــــ ئاتىسى، ياخشىلىق ــــ ئاكىسى»، دېگەن. كىيىن ئوغلى ھەسەنگە: «ئى ئوغلۇم، ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغان كىشىگنى ھېچ يەڭگىل سانىما. ئەگەر ئۇ سەندىن چوڭ بولسا، ئاتاڭ ھېسابلا، ئەگەر ئۆزەڭگە ئوخشاش بولسا، ئاكا بىل، ئەگەر كىچىك بولسا، ئوغۇل بىل»، دەپ نەسىھەت قىلغان. بەزى ھۆكۈمالار، ئاقىل كىم، دەپ سورالغاندا: «ئاشكارا قىلىشتىن ھايا قىلىدىغان ئىشنى مەخپىي ھالەتتىمۇ قىلمايدىغان كىشىدۇر»، دېيىشكەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: بۇ گەپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە مۇۋاپىق كېلىدۇ: «ئاۋۋالقى پەيغەمبەرلەردىن قالغان كالامنىڭ ئاخىرقىسى ــــ ئەگەر ھايا قىلمىساڭ، خاھلىغىنىڭنى قىل.» يەنى، ئەگەر ھايا قىلمىساڭ، بۇ ئىشنى خاھلىغىنىڭچە قىل.

لوقمان ھەكىم ئوغلىغا: «ئى ئوغلۇم، ياخشى ھاجەتنى تەلەب قىلىش - ئىلىمنىڭ يېرىمى، ئىنسانلارغا دوستلىشىش - ئەقىلنىڭ يېرىمى، ياشاشتا

تەدبىر قىلىش ـ كەسپىنىڭ يىرىمى»، دېگەن.

ئىيتىلىدۇكى: سەككىز نەرسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن كىشى پەقەت ئۆزىنى مالامەت قىلسۇن: چاقىرىلمىغان زىياپەتكە بارغۇچى، ئۆي ئىگىسىگە بۇيرۇق بەرگۈچى، دۈشمەنلىرىدىن ياخشىلىق سورىغۇچى، پەسكەشتىن پەزىلەت تەلەپ قىلغۇچى، گەپلىشىپ تۇرغان ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈچى، سۇلتاننى مەنسىتمىگەن كىشى، ئۆزى مۇناسىپ بولمىغان مەجلىستە ئولتۇرغۇچى، قۇلاق سالمايۋاتقان كىشىگە گەپ قىلغۇچى.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ئىسھاق ھارىستىن، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەقىللىق كىشى پەقەت ئۈچ نەرسىدە ئۆزىنى كۆرستىشى كېرەك: ياشاشتىكى ئېھتىياج مەقسىتىدە ياكى قىيامەتتىكى ھالاۋەتكە ياكى ھارام بولمىغان لەززەتكە. ئاقىل كۈندۈزنى تۆت سائەتكە (ۋاقىتقا) بۆلۈشى لازىم: رەببىگە مۇناجات قىلىدىغان، نەفسىنى ھېساب ـ كىتاب قىلىدىغان، ئىلىم ئېلىشقا بارىدىغان (ئۇلار ئۇنىڭغا دىنىنىڭ ئىشلىرىنى كۆرسىتىپ، نەسىھەت قىلىدۇ)، نەفسىنىڭ ھالال ۋە گۇناھ بولمايدىغان لەززەتلەر بىلەن خالىي قالىدىغان ۋاقىت. يەنە ئەقىللىق كىشى ئۆز ئەھۋالىنى كۆزىتىشى، زامان ئەھلىنى تونۇشى ۋە تىلىنى خەتەردىن ساقلىشى لازىم.»

www.uyghurkitap.com

# ئەللىكىنچى باب: ئەدەب ھەققىدە

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاۋۋال ئەدەب، ئارقىدىن ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار»، دېگەن.

ئەبۇ ئابدۇللاھ بەلخىي: «نەفسىنىڭ ئەدەبلىرى ئىلمىنىڭ ئەدەبلىرىدىن كۆپرەك، ئىلمىنىڭ ئەدەبلىرى ئىلمىنىڭ ئۆزىدىن كاتتىراق»، دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئېيتىدۇ: «ئەگەر ماڭا، بىر كىشىدە ئاۋۋالقىلارنىڭ ۋە ئاخىرقىلارنىڭ ئىلمى بار، دەپ سۆزلەنسە - يۇ، ئۇنىڭدا ئەدەب بولمىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمىغىنىمغا ئەپسۇسلانمايمەن، ئەگەر بىر كىشى ھەققىدە ئەدەبلىك دەپ ئاڭلىسام، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئۇچرىشالمىسام ئەپسۇسلىنىمەن.»

ئېيتىلىدۇكى، ئىسلام بەش قورغىنى بولغان شەھەرگە ئوخشايدۇ. بىرىنچىسى، ئالتۇندىن، ئىككىنچىسى، كۈمۈشتىن، ئۈچىنچىسى، تۆمۈردىن، تۆتىنچىسى، پىششىق كېسەكتىن، بەشىنچىسى، خام كېسەكتىن. قاچانكى، قورغان ئەھلى خام كېسەكتىن بولغان قورغاندىكىلەر بىلەن ئەھدىلەشسە، دۈشمەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلالمايدۇ. ئەگەر بىر - بىرى بىلەن ئەھدىلەشمىسە، خام كېسەكتىن بولغان قورغان خاراب بولىدۇ، كېيىن دۈشمەن ئىككىنچىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئارقىدىن ئۈچىنچىسىگە،

ھەتتا قورغانلارنىڭ ھەممىسى خاراب بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلامنىڭ بەش قورغان ئىچىدىدۇر: بىرىنچىسى يەقىين (قەتئىي ئىشەنچ)، ئاندىن كېيىن ئىخلاس، ئاندىن كېيىن پەرزلەرنى ئادا قىلىش، ئاندىن كېيىن سۈننەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش، ئاندىن كېيىن ئەدەبنى ساقلاش. مۇبادا، بەندە ئەدەبنى ساقلاپ، ئۇنىڭغا ئەھدە قىلسا، شەيتان ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلالمايدۇ، ئەگەر ئەدەبنى تەرك قىلسا، شەيتان سۈننەتلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن پەرزلەرگە، ئاندىن كېيىن ئىخلاسقا، ئاندىن كېيىن يەقىينغا. ئىنسان ھەممە ئىشتا ئەدەب ساقلىشى لازىم: ناماز، تاھارەت، ئىلىم - سېتىم، سۆھبەت ۋە بۇنىڭدىن باشقىلاردا. كېيىنكى بابلاردا شەرت بولغان ئەدەبلەرنى بايان قىلىمىز. ئاۋۋال تاھارەت ۋە ناماز ئەدەبلىرى ھەققىدە سۆزلەيمىز.

# ئەللىك بىرىنچى باب: تاھارەت ۋە ناماز ئەدەبلىرى

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: كىشى تاھارەت ئالماقچى بولسا، ھاجەتخانىغا «بىسمىللاھ، ئەي، پەرۋەردىگار، مەن سەندىن نىجىس، خەبىس ئىپلاسلىق ۋە نا پاكلىقتىن، شەيتانىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»، دەپ سول پۇتى بىلەن كىرىشى لازىم. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەلۋەتتە، بۇ يەر ناپاكتۇر (يەنى، شەيتان ئۇنى پاسكىنا قىلىۋەتكەن). ئەگەر بىرىڭلار ھاجەتخانىغا كىرسە، ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتانى رەجىمدىن پاناھ تىلىسۇن»، دېگەن. ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلىش مەكرۇھ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن چەكلىگەن ۋە ئوڭ قولنى پاكىز، سول قولنى ناپاك ئىشلارغا بۇيرىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سول قولى ھاجەت ۋە سادىر بولغان زەرەرلەرنى دەپئى قىلىشى ئۈچۈن، ئوڭ قولى تائام ئۈچۈن ئىدى.» ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ قولى تائام، شاراب، كىيىم ۋە ناماز ئۈچۈن بولدى. چەپ قولى بۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن ئىدى»، دەيدۇ. ئىبراھىم نەخەئىي: «كىشىنىڭ ئوڭ قولى تائام ۋە شاراب ئۈچۈن، چەپ قولى ئىستىنجا ۋە بۇرۇن قېقىش ئۈچۈن»، دېگەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: بۇ خەۋەرلەرگە ئاساسلىنىپ ئېيتىمىزكى، ئوڭ قول

بىلەن ئىستىنجا قىلىش ۋە بۇرۇن قېقىش دۇرۇست ئەمەس، پەقەت چەپ قولى مېيىپ بولسا رۇخسەت. ئەۋرىتىنى قۇياش ۋە ئايغا قاراپ ئېچىش جائىز ئەمەس، شۇنىڭدەك، قىبلىگە قاراپ ھاجەتكە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەمما (ھاجەتخانىدا) قىبلە تەرەپتىن توسۇق بىلەن توسۇلغان بولسا، زىيىنى يوق. ھاجەت قىلىۋاتقاندا گەپ قىلىش دۇرۇست ئەمەس، چۈنكى كاتىب پەرىشتىلەر ئۇنى خالىي قويىدۇ. ئەگەر مانا شۇ ۋاقىتدا گەپ قىلسا، سۆزىنى يېزىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلار قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ئۇلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

سۈيدۈكتىن تازىلىنىش لازىم، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «قادىر بولغىنىڭلارچە سۈيدۈكتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى قەبىر ئازابىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدىن»، دېگەن. ھاجەتتە ئولتۇرغاندا كىيىمنى ئۇششۇقچە ئاچماسلىقى، ئىمكان قەدەر ئەۋرىتىنى يوشۇرۇشى لازىم، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنىڭغا بۇيرىغان. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەتراپتا ھېچ كىم بولمىسىچۇ» دېيىشكەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ھايا قىلىشقا ھەقلىقراق، چۈنكى سەن بىلەن بىرگە ئىككى ساھىبىڭ بار، ئۇلار ساڭا ئازار بېرىشمەيدۇ»، دېگەن. شۇڭا، سەنمۇ ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىكىڭ لازىم.

ھاجەتتىن ئوك پۈتۈك بىلەن چىق ۋە: «مەندىن ئازارنى چىقىرىپ، قۇۋۋىتىنى قالدۇرغان زاتقا ھەمدۇ بولسۇن»، دېگىن. تاھارەت قىلىشنى باشلاشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھ، سۇنى پاكلىغۇچى قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ بولسۇن»، دېگىن، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم تاھارەت ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ نامىنى ئېيتسا، ئۇ تاھارىتىنى كامىل قىلغان ۋە ئەزالىرىنى پاكلىغان بولىدۇ. كىم ئاللاھ نامىنى ئېيتمىسا، تاھارىتىگە زىننەت بەرمىگەن ۋە

www.uyghurkitap.com

ئەزالىرىنى پاكلىمىغان بولىدۇ»، دېگەن. ئىستىنجا قىلغان ئادەم قولىنى تامغا ياكى يەرگە ئۇرۇپ سۈرتىشى مۇستەھەبتۇر (بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قىياس قىلساق، ھاجەتخانىدىن چىققان ياكى ئىستىنجا قىلغان كىشى قوللىرىنى سوپۇن بىلەن، سوپۇن بولمىسا، پاك تۇپراق، كېسەك بىلەن يۇيۇشى لازىم. ـــ تەھرىردىن.) شۇنداق قىلغاندا نىجاسەتلەردىن پەيدا بولغان زەرەر (مىكروپ) كېتىدۇ. بۇ ئىش سۈننەتتۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «تاھارىتى بولمىغان كىشىدە ناماز، ‹بىسمىللاھ›نى ئېيتمىغان كىشىدە تاھارەت بولمايدۇ.» (‹بىسمىللاھ› دېيىش ئەبۇ ھەنىفە مەزھىبىدە سۈننەتتۇر ـــ تەھرىردىن.) تاھارەت ئالغۇچى بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ۋە پۇتىنىڭ ئۇشۇقىنى سۈرۈپ يۇيۇشى لازىم. چۈنكى بۇنىڭغا ئېتىۋارسىز قاراشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۇشۇقلار ئۈچۈن دوزاختا ھالاكەت بار»، دېگەن. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سۈرۈپ يۇغۇچىلار نېمىدېگەن ياخشى»، دېگەن. «سۈرۈپ يۇغۇچىلار كىم؟» دېيىلگەندە، ‹تائامدىن كېيىن قولىنى سۈرۈپ يۇغۇچىلار ۋە تاھارەتتە سۇ بىلەن سۈرۈپ يۇغۇچىلار›، دەپ جاۋاب بەرگەن.»

ئەگەر تاھارەت قىلىپ بولسا: «ئاللاھىم، سەن ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكسەن، ساڭا ھەمدۇ بولسۇن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ساڭا ئىستىغفار ئېيتىمەن، تەۋبە قىلىمەن ۋە يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سېنىڭ بەندەڭ ۋە رەسۇلىڭدۇر»، دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

دەرھەقىقەت، بۇنداق دېيىش كۆپ پەزىلەتلىكتۇر. ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىرىڭلار تاھارەتنى تۈگەتسە: ‹ئاللاھتىن ئۆزگە ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن›، دېسۇن ۋە ماڭا سالاۋات ئېيتسۇن. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭغا رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ»، دېگەن.

تاھارەت ئالغان ۋاقىتتا قىبلىگە قارىغان بولۇشى ۋە ئارتۇق گەپ قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر مەسجىدگە كىرسە، ئۇنى ئۇلۇغلاپ تەزىم قىلىشى، ئوڭ پۇت بىلەن باشلىشى ۋە: «بىسمىللاھ، ئاللاھۇم، ماڭا رەھمىتىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچ، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىل ۋە ماڭا غەزىپىڭ ئىشىكلىرىنى ياپ»، دېيىشى لازىم. نامىزىدا خۇشۇلۇق بولسۇن، چۈنكى ئاللاھ تەئالا: «دەرھەقىقەت مۇئمىنلەر نىجات تاپتى. ئۇلار نامازلىرىدا (قورقۇنچ ۋە ئۈمىد بىلەن) بويۇن ئەگكۈچى كىشىلەردۇر.» (مۇئمىنۇن، 1 - 2 - ئايەتلەر)، دېگەن. نامازدا ئوڭ ۋە سولغا قارالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ناماز ــــ بۈيۈك پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدىكى بۈيۈك ماقامدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سەلما ئىبنى ئابدۇرەھماننىڭ نامىزىنى ماختىدى ۋە: «ئۇنى كۆزى سەجدە ئورنىدىن باشقا تەرەپكە قارىمايۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ»، دېدى.

ناماز ئوقۇشقا باشلىغاندا قايسى نامازنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى نىيەت قىلىشى لازىم. چۈنكى ناماز پەقەت نىيەت بىلەن دۇرۇست بولىدۇ. نامازنى تۈگىتىپ، ئۆزى، ئاتا ـ ئانىسى، مۇئمىن ۋە مۇئمىنەلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىش لازىم. شۇنىڭدەك، مەسجىدكە تەزىم قىلىش كېرەك، چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«(ئۇ چىراق) بىر ئۆيلەردە (مەسجىدلەردە يېقىلىدۇكى)، ئاللاھ ئۇلارنى

يۇقىرى كۆتۈرۈپ (بىنا) قىلىنىشىغا ۋە ئۇلاردا ئۆزىنىڭ نامى زىكر قىلىنىشىغا ئىزنى بەرگەن (ئەمر قىلغان) ئىدى.» (نۇر، 36 - ئايەت)، دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە سودا - سېتىق قىلىشتىن ۋە ئاۋازنى كۆتۈرۈشتىن مەنئى قىلغان. ئارتۇقچە سۆزلەر، لەغۋى، شېئىر ۋە جاڭجال ئۇ يەردە مەكرۇھتۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەللىك ئىككىنچى باب: ئۇخلاشنىڭ ئەدەبلىرى ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئىنسان تاھارەت بىلەن ئۇخلىشى لازىم، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم تاھارەت بىلەن ئۇخلىسا، ئۇنىڭ بېشىدا بىر پەرىشتە تۈنەيدۇ. ئۇ كېچىسى ئويغانسا: ‹ئى پەرۋەردىگار، بۇ بەندەڭنى كەچۈر، چۈنكى ئۇ تاھارەت بىلەن ئۇخلىدى› دەيدۇ»، دېگەن.

ئەگەر ئىنسان ھەمىشە تەھارەتلىك يۈرۈشكە قادىر بولسا، شۇنداق قىلسۇن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەنەس ئىبنى مالىكقا: «ئەگەر ساڭا تاھارەتلىك ھالىتىڭدە ئۆلۈم كەلسە، شەھىدلىك سېنى چەتكە قاقمايدۇ»، دېگەن.

ئاللاھ تەئالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇسا، ئەگەر ساڭا مۇسىبەت يەتكەندە تاھارەتسىز بولساڭ، پەقەت ئۆزەڭنى مالامەت قىل»، دېگەن.

ئېيتىلىدۇكى، مۇئمىنلەر ئۇخلىسا، روھى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ. تاھارەتلىكلەرگە سەجدە قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىدۇ، تاھارەتسىزلەرگە رۇخسەت بېرىلمەيدۇ.

ئۇخلاشتا ئوڭ يان بىلەن، قىبلىگە قاراپ يېتىش مۇستەھەپ. كېيىن

باشـقا تەرەپكـە ئۆرۈلمەكچـى بولسـا، بولۇۋېرىـدۇ.

يـول ماڭغانـدا: «ئىسـمى تۈپەيلـى يـەر ۋە ئاسـماندا بـىرەر نەرسـە زەرەر بەرمەيدىغـان زات ئالـلاھ نامـى بىلەن باشـلايمەن. ئۇ ئاڭلىغۇچـى ۋە بىلگۈچىدۇر»، دېگـەن دۇئانـى ئوقۇيـدۇ ۋە يەنـە باشـقا خاھلىغـان دۇئالىرنـى قىلـدۇ.

ئۇيقـدىـن ئويغانغـان ۋاقتـدا: «ئۆلگىنىمدىـن كېيىـن تىرىلدۈرگـەن ۋە ھۇزۇرىـدا تۇپلىنىدىغـان زات ئالللاھقـا ھەمـدۇ بولسـۇن»، دەيدۇ. شـۇنداق دېسـە، كېچىسـىنىڭ شـۈكرىنى ئـادا قىلغـان بولـدۇ.

ئۆيگـە كىرىشـتە ئـوڭ پۇتـى بىلـەن، چىقىشـتا چـەپ پۇتـى بىلەن باشلىشـى مۇسـتەھەبتۇر. مۇسـۇلمان كىشـى ھەممـە ھەرىكەتلىرىـدە ئـاۋۋال «بىسـمىللاھ» دېيىشـى، ئىمـان ھالاۋتـى قەلبىگـە كىرىشـى ئۈچـۈن ھـەر بىـر ئىشـتىن پارىـغ بولغاندىـن كېيىـن، «ئەلھەمدۇلىلـلاھ»، دېيىشـى لازىم.

كۆڭلـىنىڭ ئاۋۇلـدا، شـام بىلـەن خۇپتـەن ئارىسـدا ئۇخـلاش مەكـرۇھ. چـۈش مەزگىلـدە ئۇخـلاش مۇسـتەھەب. ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئوغۇللىرىدىــن بىرسـىنىڭ ئەتىگەنـدە ئۇخلاۋاتقانلىقنـى كـۆرۈپ، پۇتـى بىلـەن ئۇنـى تېپىـپ: «ئالـلاھ تەئـالا ئىككىلا كۆزۈڭنـى ئۇخلاتمىسـۇن، رىزقلار تەقسـىم قىلىنىدىغـان سائەتتە ئۇخلامسـەن؟ ئەرەبلەرنـىڭ ئۇيقـۇ ھورۇنلۇق پەيـدا قىلىدۇ، قىرىلىـق كەلتۈرىـدۇ، ھاجەتلەرنـى ئەسـتىن چىقىرىـدۇ، دېگەنلىكىنـى سـەن ئاڭلىمىغانمـۇ؟» دېگـەن. ئارقىـدىـن: «ئۇيقـۇ ئـۈچ خىـل: تەبىئـي، پەزىلەتلىـك ۋە ئەخمىقانـە بولـدۇ. تەبىئيسـى چـۈش ۋاقتىدىكـى ئۇيقـۇ، پەزىلەتلىكـى چاشـگاھ ئۇيقۇسـى، ئەخمىقانـە ئۇيقـۇ بولسـا، كۆڭنـىڭ ئاخىرىدىكـى ئۇيقـۇ. ئـۇ چاغـدا پەقـەت ئەخمـەق ياكـى مـەس ياكـى كېسـەل ئـادەم ئۇخلايـدۇ.»

www.uyghurkitap.com

## ئەللىك ئۈچىنچى باب: غىزالىنىش ئەدەبلىرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشىگە تائامدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھەر ئىككى قولىنى يۇيۇشى مۇستەھەبتۇر، چۈنكى بۇنىڭدا بەرىكەت بار.

زازان سەلمان فارسىينىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن تەۋراتتا تائامدىن بۇرۇن قول يۇيۇشتا بەرىكەت بارلىقىنى ئوقۇدۇم، بۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقان ئىدىم، ئۇ كىشى: ‹تائامدىن بۇرۇن ۋە كېيىن قول يۇيۇشتا بەرىكەت بار›، دېدى.» فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىسسىق تائامنى يېمە، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «تائامنى سوۋۇتۇڭلار، چۈنكى ئىسسىق تائامدا بەرىكەت يوق. تائامنى ھىدلىماڭلار، چۈنكى ھايۋانلار شۇنداق قىلىدۇ»، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە: «تائامنى يىرتقۇچ ھايۋانلار ھىدلىغاندەك ھىدلىماڭلار، تائام ۋە ئىچىملىككە پۈۋدىمەڭلار، چۈنكى بۇ يامان ئادەتتۇر»، دېگەن.

ئىكرىمە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىدىشنىڭ ئىچىگە پۈۋلەش ۋە ئۇنىڭدا نەپەس ئېلىشتىن مەنئى قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

يەيدىغان تامىقىڭ ھالال بولسۇن، تاناۋۇلدىن بۇرۇن: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم»، دېگىن. كىمنىڭ تائامى ھارام بولسا، گەرچە

«بىسـمىللاھ»نى ئېيتسـىمۇ، شـەيتان: «يـاق، بـۇ تائامنـى ئىشـلەپ تاپقانـدا مـەن سـەن بىلـەن بىرگـە ئىدىـم. بـەس، بۇنىڭـدا سـاڭا شـېرىك بولمـەن ۋە ئەمـدى سـەندىن ئايرىلمايمـەن»، دەيـدۇ. ئەگـەر تامىقىـڭ ھـالال بولسـا ۋە ئۇنىڭغـا «بىسـمىللاھ» دېسـەڭ، شـەيتان سـەندىن قاچىـدۇ. «بىسـمىللاھ» دېمىسـەڭ، شـەيتان يەنـە سـاڭا شـېرىك بولىـدۇ. بـۇ گـەپ ئالـلاھ تەئالانـىڭ:

«تاپقـان مـال ـ دۆلـەت ۋە بـالا ـ چاقىلىرىـدا ئۇلارغـا شـېرىك بـول.» (ئىسـرا، 64 ـ ئايـەت)، دېگـەن سـۆزىگە مۇۋاپىقتـۇر. ئەگـەر «بىسـمىللاھ»نى ئـاۋاز چىقىرىـپ ئېيتسـاڭ، يېنىڭدىكـى كىشـىلەرمۇ ئۇنۇتقـان بولسـا، ئەسـكە ئېلىـپ ئېيتىـدۇ. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام دەيـدۇ: «بىرىـڭلار تائـام يېسـە، ئالـلاھ تەئالانـىڭ ئىسـمىنى زىكـر قىلسـۇن، ئالدىدىـن ئېلىـپ يېسـۇن، ئـوڭ قولى بىلـەن يېسـۇن، تائامنىـڭ ئۈسـتىدىن باشـلاپ يېيىشـتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكـى ئۈسـتىدىن بەرىكـەت چۈشـۈپ تۇرىـدۇ. بىرىـڭلار چـەپ قولـى بىلـەن يـەپ ـ ئىچمىسـۇن، چۈنكـى شـەيتان چـەپ قولـى بىلـەن يـەپ ـ ئىچىـدۇ. ئەگـەر بىرىڭلارنىـڭ كەچلىـك تامىقـى ھازىـر بولسـا، داسـتىخاننى يىغىشتۇرماسـتىن قوپـۇپ كەتمـەڭلار. تائامنـى كۆپچىلىـك بولـۇپ يـەڭلار، شـۇنىڭدا بەرىكـەت بولىـدۇ.»

ئائىشـە ئانىمىـز رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالامدىن رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ئەگـەر بىرىـڭلار تائـام يېسـە، بېشـىدا «بىسـمىللاھ» دېسـۇن، ئۇنتـۇپ قالسـا، ئاخىرىدا «بىسـمىللاھ» دېسـۇن. كىمكـى ھـەر بىـر يېگـەن لوقمىـدا «بىسـمىللاھ» دېسـە، قىيامـەت كۈنـدە يېگـەن نەرسىسـى ھەققىـدە ھېسـاب ـ كىتـاب قىلىنمايـدۇ»، دېگـەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: «ئەگەر كىشى ئۆيگە كىرىپ، ‹بىسمىللاھ› دېمەستىن تائام يېسە، شەيتان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەيدۇ. ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلسا، قالغان تائامدىن شەيتان چەكلىنىپ، يېگەن نەرسىسىنى قەي قىلىدۇ ۋە ئۇ كىشى يېگى تائامنى باشلايدۇ»، دەيدۇ. ئوڭ قولدا يېيىش سۈننەتتۇر. ئاياس ئىبنى سەلەمە ئاتىسىدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام چەپ قولدا تاماق يېگەن كىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئوڭ قولى بىلەن يېيىشنى بۇيرىدى. ئۇ: ‹يېيەلمەيمەن›، دېدى. يەنە بۇيرىدى. ئۇ: ‹ئىلاجىم يوق›، دېدى. ‹(ئوڭ قولۇڭ بىلەن) يېيەلمەس بولۇپ قالغايسەن›، دېدى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم ئوڭ قولنى پەقەت ئاغزىغا ئېلىپ بارالمىدى.»

تائام ئوتتۇرىسىدىن يېيىلمەيدۇ. سەئىد ئىبنى جۇبەير ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بەرىكەت تائامنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چۈشىدۇ. شۇڭا، چېتىدىن يەڭلار، ئوتتۇرىسىدىن يېمەڭلار»، دېگەن.

ھەسەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «تائامنى ئۈستىدىن يېمەڭلار، چۈنكى بەرىكەت ئۈستىدىن چۈشىدۇ»، دېگەن.

ئەگەر، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تائام ئوتتۇرىسىدىن يېگەنلىكى ۋە: «مەن بەرىكەتنى يەيمەن، ئۇنى تەرك قىلمايمەن»، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغانغۇ، دېيىلسە، ئۇ كىشىنىڭ دەسلەپ بىر

تەرەپتىن يېگەنلىكى، كېيىن، شۇنداق قىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

قولنى ئېرتىشتىن بۇرۇن بارماقلارنى يالاش سۈننەت. تەرك قىلىش بولسا، تەكەببۇر ئەجەملەرنىڭ ئىشىدىندۇر، شۇنىڭدەك، ئىدىشنى يالاشمۇ سۈننەت. ئېيتىلىدۇكى، ئىدىش ئۇنى يالىغان كىشى ئۈچۈن ئىستىغفار سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ۋە پەرىشتىلىرى بارماقلىرىنى يالىغان كىشىلەرگە سالاۋات ئېيتىدۇ»، دېگەن. ئاتا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىرىڭلار تائام يېگەندە، بارماقلىرىنى يالىمىغۇچە قولىنى ئېرتمىسۇن»، دېگەن. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىدىشنى يالاشقا بۇيرىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غىزادىن كېيىن ئۈچ بارمىقىنى يالىغانلىقىنى كۆردۇم»، دەيدۇ. جابىر يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر بىرىڭلار تائاملانسا، بارماقلىرىنى يالىمىغۇچە قولىنى ھەرگىز ئېرتمىسۇن، چۈنكى ئۇ تائامنىڭ قايسى جايىدا ئۆزگىچە بەرىكەت بارلىقىنى بىلمەيدۇ»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

داستىخانغا چۈشكەن نەرسىنى يېيىش سۈننەت. ھەججاج سەلەمىي رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئېيتىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم داستىخانغا چۈشكەن نەرسىنى يېسە، رىزقى ھەمىشە كەڭ بولىدۇ. شۇنداق قىلسا ئۇ، ئۆزىنىڭ، بالىسىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ بالىسى ھەققىگە ۋاپا قىلغان بولىدۇ»، دېگەن. جابىر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىرىڭلارنىڭ لوقمىسى چۈشۈپ كەتسە، ئالسۇن ۋە ئۇنىڭدىن زەرەرنى ئېلىپ تاشلاپ يېسۇن، شەيتانغا قالدۇرمىسۇن»، دېگەن.

مېۋىنى شۆپۈكى بىلەن بىر تاۋاقتا قويماسلىق سۈننەتتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خورما بىلەن ئۈزۈمنى بىر تاۋاقتا قويۇشتىن مەنئى قىلغان.

تائامدىن كېيىن ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇ ئېيتىش سۈننەتتۇر.

ئەبۇ بەكرى ھۇزالىي ئەتادىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەگەر تائامدا تۆت خىسلەت تېپىلسا، ئۇنىڭ شەرتى تولۇق بولىدۇ: ھالالدىن بولسا، يېيىلگەندە ئاللاھ تەئالانىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنسا، كۆپ قول ئۇنىڭغا ئۇزىتىلسا ۋە تاناۋۇلدىن كېيىن ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇ ئېيتىلسا، دېگەن. ئاللاھ تەئالاغا ھەمدۇ ئېيتقاندا ئاۋازنى كۆتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس، ئەمما ھەممە يەپ بولغاندا، جائىز، چۈنكى ئاۋاز چىقىرىپ ھەمدۇ ئېيتسا ئۇلارنى يېيىشتىن مەنئى قىلغان بولىدۇ.

تائامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تۇز تېتىپ قويۇش مۇستەھەب، چۈنكى بۇ ئىشتا يەتمىش كېسەللىككە شىفا بار دېيىلگەن. كىشى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېيىشى مۇستەھەب. كۆپچىلىك بولۇپ يېيىش يالغۇز يېيىشتىن ئەۋزەل. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كۆپچىلىك بولۇپ غىزالانساڭلار، ئاللاھ تەئالا تائاملىرىڭلارنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ.» دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى يالغۇز غىزالانغان، خىزمەتكارىنى ئۇرغان ۋە ئەلچىنى مەنئى قىلغان كىشىدۇر»، دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە ئېيتىلىدۇ: «ئاللاھ تەئالاغا تائامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئۇنىڭغا كۆپ قول ئۇزىتىلغان تائامدۇر.»

ئىنساننىڭ قورسىقى تويغۇچە يېيىشى مەكرۇھ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئادەملەر قارنىنى تولدۇرغاندەك، ھېچقانداق يامان قاپنى

تولدۇرمايدۇ»، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە: «ئىنسانغا ئازلا تاماق كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولسا، مەيدىسىنىڭ ئۈچتىن بىرى تائام، ئۈچتىن بىرى سۇ ۋە ئۈچتىن بىرى ھاۋا ئۈچۈندۇر»، دېيىلگەن. يەنە ئېيتىلىدۇكى: «ھەر بىر كېسەللىك كۆپ يېيىشتىن ۋە ھەر بىر ساغلاملىق ئاز يېيىشتىن.»

ئېيتىشىچە، ئاز يېيىشتە كۆپ مەنپەئەت بار، ئۇلاردىن بەزىلىرى: كىشىنىڭ جىسمى ساغلام بولىدۇ، خاتىرىسى ياخشىلىنىدۇ، زېھنى ئۆتكۈرلىشىدۇ، نەپەس ئېلىشى يەڭگىللىشىدۇ. كۆپ يېيىشتە ئاشقازانغا ئېغىرلىق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ.

ئېيتىلىدۇكى، ئاز يېيىشتىن ئىللەت پەيدا بولسا، ئازلا داۋا قىلىش بىلەن شىفالىق تاپىدۇ، ئەگەر ئىللەت كۆپ يېيىشتىن پەيدا بولسا، ئۇنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ دورا قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. بەزى ھۆكۈمالار: «ئۈچ تائىپە ئادەملەر باشقىلارنى ئۇلار ئازار يەتكۈزمىسىمۇ يامان كۆرىدۇ: بېخىل، مۇتەكەببىر ۋە كۆپ تاماق يەيدىغان كىشى»، دېيىشكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەللىك تۆتىنچى باب: چاقىرىققا جاۋاب قىلىش

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر نىكاھ تويىغا چاقىرىلساڭ، پۇلى ھالال بولسىلا ۋە ئۇ يەردە پاسىقلىق بولمىسا، بېرىشىڭ زىيىنى يوق، ئەگەر مېلى ھالال بولمىسا، شۇنىڭدەك، توي ئىگىسى مەشھۇر پاسىق بولسا، ئۇنىڭغا بارما، تاكى سەن ئۇنىڭ پاسىقلىقىغا رازى ئەمەسلىكىڭنى ئۇ بىلسۇن. تويغا بارغىنىڭدا، ئۇ يەردە مۇنكەر ئىشنى كۆرسەڭ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن چەكلە، ئەگەر قايتمىسا، سەن قايت، چۈنكى ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرساڭ، ئۇلار سېنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشىغا رازى دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر قەۋمگە ئوخشىسا، ئۇ ئۇلاردىندۇر.»

بەزىلەر، چاقىرغان يەرگە بېرىش ۋاجىپ، ئۇنى تەرك قىلىش جائىز ئەمەس، دەپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ ھەدىسنى ھۆججەت كەلتۈرۈشىدۇ: «كىمكى چاقىرغان يەرگە بارمىسا، ئەبۇلقاسىمغا (رەسۇلۇللاھقا) ئاسىي بولىدۇ.» ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى: «ۋاجىپ ئەمەس»، بەلكى تەكتىلەنگەن سۈننەت دېيىشىدۇ. ئەگەر تويغا باي - كەمبەغەل باراۋەر چاقىرىلغان بولسا، بېرىش ئەۋزەل. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەن قوينىڭ كاللا - پاچىقىغا چاقىرىلسامۇ

بارمـەن. ئەگـەر مـاڭا كالـلا ـ پاچـاق ھەديـە قىلىنسـا، قوبـۇل قىلمـەن»،
دەپ، يۇقىرىـدا ئۆتكـەن: «كـم چاقىرغـان يەرگـە بارمسـا، ئەبۇلقاسـمغا ئاسـي
بولغـان بولـدۇ»، دېگـەن. جاھىلىيەتتـە قەۋملـەر ئارىسـىدا ئـاداۋەت بولغانلىقـى،
چاقىرىققـا ئىجـاۋەت قىلغانـدا ئۇلپەت ـ دوسـتلۇق ئويغىنىشـى، بولمسـا، ئاداۋەت
كۈچيىشـى سـەۋەبلىك دېيلـىپ، ئۇلارغـا ئىجـاۋەت ۋاجـىپ قىلىنغـان ئـىدى.
ئەگـەر مانـا شـۇ تەرەپتـىن خاتىرجـەم بولۇنسـا، كىشـى خاھلىسـا، ئىجـاۋەت
قىلىـدۇ، خاھلىسـا، تـەرك قىلىـدۇ، ئەممـا ئىجـاۋەت ئـەۋزەل، چۈنكـى ئىجـاۋەت
قىلىشـتا خۇشـاللىق بـار. ھۆكۈمالارنىـڭ بەزىسـى:

ئەگـەر بـىر ئىنسـان سـېنى چاقىرسـا، سـەن ئىجـاۋەت قىـل، بـار، ئەگـەر
سـەندە ئوچـۇق ـ روشـەن ئـۆزرە بولمسـا، بارماسـلىقىڭ دۇرۇسـت ئەمـەس.
چۈنكـى چاقىرىقنـى جاۋابسـىز قالدۇرۇشـتا جاپـا ۋە ۋەدىگـە خىلاپلىـق بولىـدۇ.
ئەگـەر تويغـا چاقىرىلسـاڭ، روزىـدار بولسـاڭ، بۇنـى تـوي ئىگىسـىگە بىلـدۈر.
ئەگـەر ئـۇ: «سـىز بارمىسـىڭىز بولمايـدۇ»، دېسـە، ئىجـاۋەت قىـل. نەفلـە روزا
تۇتقـان بولسـاڭ ۋە تويدىكىلەرگـە قولايسـىزلىق تۇغدۇرماسـلىقىڭنى بىلسـەڭ،
ئېغىـز ئاچمـا. ئەگـەر تائامدىـن يېمىسـەڭ ئۇلارغـا قىيىنچىلىـق بولسـا، ئاغزىڭنى
ئـاچ، كېيىـن بـىر كـۈن قازاسـىنى تۇتسـەن، خاھلىسـاڭ ئاچمـا، لېكىـن ئېغىـز
ئېچىشـىڭ ئـەۋزەل. ئەبـۇ سـەئىد خۇدرىـي ئېيتىـدۇ: «بـىر كىشـى رەسـۇلۇللاھ
ئەلەيھىسسـالام ۋە ئـۇ زاتنىـڭ ساھابىلىرىنى مېھمـان قىلـدى، ئۇلارنىـڭ ئىچىـدە
روزىـدار كىشـى بـار ئـىدى. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام ئۇنىڭغـا: ‹بۇرادىرىڭگـە
ئىجـاۋەت قىـل ۋە ئاغزىڭنـى ئـاچ، كېيىـن بـىر كـۈن قازاسـىنى تـۇت›، دېگـەن.»

رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام ئېيتىـدۇ: «ئەگـەر بىرىـڭلار تائامغـا چاقىرىلسـا،
ئىجـاۋەت قىلسـۇن، ئاغـزى ئوچۇق بولسـا، يېسـۇن، ئەگەر روزىـدار بولسـا، ئۇنىڭغا

سالاۋات ئېيتسۇن»، يەنى، ئۇنىڭغا بەركەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تائامغا چاقىردى، بىرىپ ئولتۇرغاندا، تائام قويۇلدى، قولىنى ئۇزىتىپ: «بىسمىللاھ، قىنى، ئىلىڭلار»، دېدى، ئاندىن قولىنى تارتىپ: «مەن روزىدارمەن»، دېدى.

# ئەللىك بەشىنچى باب: زىياپەت ئەدەبلىرى ھەققىدە

فەقىھ رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: مېھماننىڭ ئۆي ئىگىسى كۆرسەتكەن ئورۇنغا ئولتۇرۇشى مۇستەھەپ، چۈنكى ئۆي ئىگىسى ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدۇ. مېھمانغا تۆت نەرسە مۇستەھەپ: كۆرسىتىلگەن جايغا ئولتۇرۇشى، داستىخانغا قويۇلغان نەرسىگە رازى بولۇشى، پەقەت ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىزنى بىلەن قايتىشى، چىققان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىشى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېھماندارچىلىقتىن چىقسا: «سىزنىڭ ئالدىڭىزدا روزىدار ئېغىز ئاچتى، ياخشىلار تائاملىرىڭىزنى يېدى، مالائىكىلەر سالاۋات ئېيتتى ۋە سىلەرگە رەھمەت يېغىلدى»، دەيتتى.

مېھمان ئۆي ئىگىسىدىن سۇ ۋە تۇزدىن باشقىسىنى تەلەپ قىلماسلىقى، يەنە تائامنى ئەيىبلىمەسلىكى ۋە تائامدىن كېيىن ئالالاھقا ھەمدۇ ئېيتىشى لازىم، بۇ ئەدەبتۇر. بىر مەسىلىدە ئېيتىلىدۇكى، مېھمان خاھلىغان ۋە ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە كەلتۈرۈلگەن نەرسىنى ئىستېمال قىلىدۇ. ئەگەر داستىخان بېشىدا ئۆزىدىن يېشى چوڭراق كىشى بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدىن باشلىمايدۇ. چۈنكى رەھبەرلىك سۇلتان ئۈچۈن ۋە باشلاش يېشى چوڭلار ئۈچۈن، دېيىلگەن.

زىكرى قىلىنىشىچە، بىر ھەكىم تائامغا چاقىرىلغاندا، ئېيتتىكى: «ئۈچ

شـەرت بىلەن ئىجاۋەت قىلىمـەن: تەكەللۇپ قىلمايسـەن، خىيانەت قىلمايسـەن، جەبىـر بەرمەيسـەن»، دېـدى. «تەكەللـۇپ نېمـە؟»، دەپ سـورىدى. «ئۆزەڭـدە بولمىغـان نەرسـىگە تەكلـىپ قىلـىش»، دەپ جـاۋاب بـەردى. «خىيانـەت نېمـە؟»، دېـدى. «ئۆزەڭـدە بـار نەرسـىگە بېخىللـىق قىلـىپ، مېھمانغـا ئېلىـپ كەلمەسـلىك»، دەپ جـاۋاب بـەردى. «جەبىـر نېمـە؟» دەپ سـورىدى. «ئائىلەڭنـى مەھـرۇم قىلـىپ، مېھمىنىڭغـا بېرىشـىڭ»، دەپ جـاۋاب بـەردى.

ئەگـەر بىـر قەۋمنـى تائامغـا چاقىرسـاڭ، ئۇلارغـا خىزمـەت قىـل، بـۇ ئـىش مۇرۇۋۋەتتىنـدۇر، ئاللاھ تەئالانـىڭ:

«ئىبراھىمنىـڭ ئـىززەت - ئىكراملىـق مېھمانلىـرى...» (زارىيـات، 24 - ئايـەت)، دېگـەن سـۆزىدىكى «ئـىززەت – ئىكـرام» ئۇلارغـا خىزمـەت قىلىشـتۇر.

زىياپەتكـە زورلانمايـدۇ، گاھـىدا «بىسـىلە – باقسـىلا» دەپ تـۇرۇش كېـرەك. چۈنكـى ئـات پۇشتەكسـىزمۇ سـۇ ئىچىـدۇ، ئەممـا پۇشـتەك بىلـەن كۆپـرەك ئىچىـدۇ، تۆگـە نىقتىمىسـىمۇ ماڭىـدۇ، ئەممـا نىقتىسـا تېـزرەك ماڭىـدۇ. شـۇنىڭدەك، مېھمانغا «ئالسـىلا – باقسـىلا» دەپ تۇرۇش پايدىلىـق بولىدۇ. ئەمما مەجبۇرلانمايـدۇ، چۈنكـى بـۇ يامانـدۇر. مېھمانلارنىـڭ ئالدىـدا جىـم ئولتۇرىۋالما، ئۇلارنـى يالغـۇز قالدۇرمـا، ئۇلارنىـڭ ئالدىـدا خىزمەتكارغـا ئاچچىقلىمـا، چۈنكـى مېھمانلارغـا كۆرسـىتىلىدىغان ئـەڭ ياخشـى ھۆرمـەت ئوچـۇق يـۈز ۋە چىرايلىـق سـۆزدۇر. مېھمانـلار بىلـەن بىرگـە ئۇلارغا مـالال كېلىدىغان كىشـىنى ئولتۇرغۇزۇش دۇرۇسـت ئەمـەس، چۈنكـى مالاللىـق ئىشـتىھانى بوغىـدۇ، مەيدىنـى بۇزىـدۇ. ئەگـەر ئـۇلار غىزالىنىـپ بولسـا ۋە ئىجـازەت سورىسـا، ئۇلارنـى توختىتىـپ تۇرۇش دۇرۇسـت ئەمـەس، چۈنكـى بـۇ ئۇلارغـا ئېغىـر كېلىـدۇ.



www.uyghurkitap.com

مۇھەممــەد ئىبنــى ســيرىن: «بۇرادىرىڭنــى ئــۇ يامــان كۆرگــەن نەرســە بىلــەن ئىكــرام قىلمــا»، دېگــەن ۋە شــۇنداق ھېكايــە قىلغــان: «بىــر ھەكىمنــى بىــر كىشــى مېھمانغــا چاقىرىپتــۇ. ئــۇ: ‹ئــۈچ شــەرت بىلــەن ســاڭا ئىجــاۋەت قىلىمــەن، مــاڭا زەھــەر بەرمەيســەن، مــەن بىلــەن ئــۆزەڭ ياخشــى كۆرگــەن، مــاڭا ياقمايدىغــان كىشــىنى ئولتتۇرغۇزمايســەن، مېنــى قاماقتــا قامىمايســەن›، دەپتــۇ. ئــۇ كىشــى ‹بولىــدۇ›، دەپتــۇ. ئۆيگــە بارغانــدا ئۇنىــڭ بىلــەن بىرگــە يــاش بىــر بالىنــى ئولتتۇرغۇزۇپتــۇ. تائامنــى يــەپ بولغانــدا، يەنــە يېپىشــكە قىســتاپتۇ، كەتمەكچــى بولغانــدا يەنــە بىــر ئــاز ئولتــۇرۇڭ، دەپتــۇ. شــۇ چاغــدا ھەكىــم ئۇنىڭغــا: ‹شــەرتلەرىنىڭ ھەممىســىنى بــۇزدۇڭ›، دەپتــۇ.»

مېھمانلارنىــڭ بەزىســى كېلىــپ، بەزىســى كېچىكســە، ھازىــر بولغانــلار تائــام تەقدىــم قىلىنىشــقا ھەقلىقتۇر.

ئــۈچ نەرســە ئىنســيانغا ســەۋەب بولىــدۇ: ھــورۇن ئەلچــى، يورۇقلــۇق بەرمەيدىغــان چىــراق، ســاقلاتقان تائــام، دېيىلىــدۇ.

مېھمانــلار قوللىرىنــى يۇيۇشــى ئۈچــۈن تائامدىــن بــۇرۇن ســۇ ئېلىــپ كېلىــش لازىــم. يۇيــۇش مەجلىســنىڭ ئاخىرىدىكى كىشــىدىن باشــلىنىدۇ. تۆردىكى كىشــى ئاخىرىــدا يۇيىــدۇ. باشــقىلار ئۇنىــڭ قــول يۇيــۇپ بولۇشــىنى كۈتــۈپ تۇرۇشــىدۇ ۋە تاناۋۇلنــى بىرگە باشــلايدۇ.

بەزىلــەر ئەگــەر تائامدىــن بــۇرۇن يۇيۇلىدىغــان بولســا، چوڭلاردىن باشلاشــنى ماقۇل كۆرۈشــكەن.

تائامدىــن بــۇرۇن قــول يۇغــان كىشــى قولىنــى لۆڭگــە بىلــەن ئېرتمىســۇن، چۈنكــى ئۇنــى تۇتقانلىقــى ئۈچــۈن قولىنــى يــۇدى ۋە يۇغاندىــن كېيىــن قايتــا

www.uyghurkitap.com

تۇتمىسۇن. لېكىن بەزى ئادەملەر قولنى ئېرتىشنى ياخشى بىلىشكەن، دېمەك، ئېرتىسمۇ زىيىنى يوق.

تائامدىن كېيىن قوللار يۇيۇلغاندا ھەر قېتىم چىلاپچىنى تۆكۈپ تۇرۇشنى بەزىلەر يامان كۆرۈشكەن. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق رىۋايەت بار: «لىگەنلىرىڭلارنى تولدۇرۇڭلار ۋە مەجۇسىيلارغا ئوخشىماڭلار.» يەنە بىر ھەدىستە: «تاھارەت سۇلىرىنى جەملەڭلار، ئاللاھ سىلەرنى جەملەيدۇ»، دېيىلگەن. ھەر نۆۋەت تاھارەت ئالغان سۇ قاچىسىنى تۆكۈپ تۇرۇش ئەجەملەرنىڭ ئىشى، دېيىلىدۇ. بەزىلەر: «تۆكۈپ تۇرۇشنىڭ زىيىنى يوق، چۈنكى سۇ كۆپەيسە كىيىمگە چاچرايدۇ، نەتىجىدە ئۇنى ناپاك قىلىدۇ»، دېيىشكەن.

كىشى ئۆزىنىڭكىدىن باشقىسىنىڭ لوقمىسىغا قارىشى مەكرۇھتۇر، چۈنكى بۇ يامان ئادەت. مېھماننىڭ تائام كېلىدىغان تەرەپكە كۆپ قاراۋېرىشى دۇرۇست ئەمەس، بۇ ئىش ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىمۇ مەكرۇھتۇر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## ئەللىك ئالتىنچى باب: چىش كولاش ھەققىدە

ئىبنى سىيرىندىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىبنى ئۆمەر چىشلارنى كولاشقا بۇيرۇيتتى، ئەگەر تەرك قىلىنسا، چىشلار زەئىپلىشىدۇ، دەيتتى.»

جابىر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «(چىشلىگۈلارنى) ئاپتاپتا ئىسسىغان سۇ بىلەن يۇماڭلار، چۈنكى ئۇ ئاق كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ، قامىش بىلەن چايقىماڭلار، قىچىشقاق كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ.» ئەۋزائىي: «ئاس (ھەمىشە يېشىل بولغان ئۆسۈملۈك) بىلەن چايقىماڭلار، چۈنكى بۇ ئەسەبىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»، دەيدۇ.

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى چىش كولىغاندا چىشلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان تائامنى يۇتۇۋەتسىمۇ، ئېلىپ تاشلىۋەتسىمۇ جائىز. ئەسەرلەردە ھەر ئىككىسىنىڭ مۇباھلىقى ئېيتىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹كىم تائام يېسە، كولاپ چىقارغان نەرسىنى تۈكۈرۈپ تاشلىسۇن، تىلى بىلەن چىقارغان نەرسىنى يۇتۇۋەتسۇن. كىمكى شۇنداق قىلسا ياخشى، قىلمىسا زىيىنى يوق›، دېگەن.»

گۆش يېيىشتىن بۇرۇن ئىككى - ئۈچ لوقما نان يەۋېلىش مۇستەھەب، شۇندا قىلغاندا چىش كولاشقا ھاجەت قالمايدۇ. رەيھان، ئاس، ئانار شېخى ۋە تاغاق بىلەن كولاش مەكرۇھ. چىش كولىغۇچ قارا ياكى سېرىق تالدىن

بولۇشى مۇستەھەب. ئەگەر كىشى مېھماندا بولسا، چىشىنى كولىسا، كولىغان نەرسىنى ياكى چىشى ئارىسىدىن چىققان تائامنى باشقىلارغا كۆرسىتىشى دۇرۇست ئەمەس. ئۇنى تۈتۈپ تۇرىدۇ. توغرا كەلگەندە، قولىنى يۇيۇپ چىلاپچىغا تاشلايدۇ.

# ئەللىك يەتتىنچى باب: ئىچىش ئەدەبلىرى

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىچىملىكنى ئۈچ نەپەس بىلەن ئىچىش مۇستەھەب. ئولتۇرغان ھالدا بىر نەپەستە ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئىچسە، زىيىنى يوق. ئەسەرلەردە بۇنىڭ مۇباھلىقىمۇ، مۇباھ ئەمەسلىكىمۇ كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «سۇنى بىردىن ئىچمەڭلار، تۆگىنىڭ ئىچىشىگە ئوخشاش، ئىككى ياكى ئۈچكە بۆلۈپ ئىچىڭلار ۋە ئىچىۋاتقاندا ئاللاھ تەئالانىڭ نامىنى ئېيتىڭلار، ئىچىپ بولساڭلار، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىڭلار.»

قەتادە ئەنەستىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرغان ھالەتتە ئىچىشتىن مەنئى قىلغان.»

نەززال ئىبنى سەبرە ئېيتىدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەتتىن قالغان سۇنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەنلىكىنى كۆردۇم. ئۇ زات: «ئۆرە تۇرغان ھالدا ئىچىشنى ئىنسانلار يامان كۆرۈشىدۇ، ئەمما رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەن قىلغان ئىشنى قىلغانلىقىنى كۆرگەنمەن»، دېگەن.

ئەمر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرغان ۋە ئولتۇرغان ھالدا سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆرگەنمەن.»

www.uyghurkitap.com

نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن: «بىز ئۆرە تۇرغان هالدا ئىچەتتۇق ۋە مېڭىپ كېتىۋېتىپ يەيتتۇق»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىبراهىم ئىبنى سەئىد ئەبۇ هۇرەيرەدىن بۇ هالەتنىڭ خىلاپىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ زات: «ئەگەر ئۆرە تۇرۇپ ئىچكەن كىشى ئۆزىگە زىيىنىنى بىلسە، ئەلۋەتتە، قەي قىلىپ تاشلايتتى»، دېگەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر ئولتۇرغان هالىتىدە ئىچسە، بۇ ئىش ياخشىراق ۋە زىياندىن ئۇزاقراقتۇر. شەئبىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۆرە تۇرۇپ ئىچىش كىسەللىك كەلتۈرۈشى سەۋەبلىك مەكرۇهتۇر، شۇنىڭدەك: يېنى يېتىپ يېيىشتە قورساقنىڭ يوغىناپ كېتىش خەۋپى بار دەپ يامان كۆرۈلدى، بۇ ئىشلاردىن ئۇلار هارام بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى رەهمەت ئۈچۈن چەكلەندى. خۇددى ئىدىشنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشتىن مەنئى قىلىنغاندەك.»

دەرهەقىقەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام ئىدىشنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشتىن مەنئى قىلغان. «ئىدىشنىڭ ئۇلانغان ۋە دەز كەتكەن يېرىدىن ئىچمە، چۈنكى ئۇ يەردە شەيتان ئولتۇرىدۇ»، دېگەن.

# ئەللىك سەككىزىنچى باب: ئوڭ تەرەپنى چەپ تەرەپتىن ئەۋزەل بىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر سۇ ئىچسەڭ سېنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىڭدە ئادەم بولسا، ئوڭ تەرىپىڭدىن باشلاپ ئۇزات، چۈنكى ئوڭدا پەزىلەت بار. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەر بىر نەرسىنى ئوڭدىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى. «ئەگەر سىلەرگە ئىككى يول تۇرسا، ئوڭ تەرەپكە مېڭىڭلار»، دېگەن. سەھل ئىبنى سەئىد رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قەدەھ كەلتۈرۈلدى، ئىچتى، ئوڭ تەرىپىدە بىر ياش بالا بار ئىدى، ئۇ قەۋمنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى. چوڭلار سول تەرەپتە ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يىگىتچاقتىن: ‹چوڭلارغا بەرسەم مەيلىمۇ؟› دەپ سورىدى. ئۇ: ‹سىز تەرەپتىن كەلگەن نەسىۋەمنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلمايمەن›، دېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بەردى.»

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چەپ تەرىپىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئوڭ تەرىپىدە بىر ئەئرابىي بار ئىدى. ئىچىپ بولۇپ، ئەئرابىيغا بەردى. ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەبۇ بەكرگە بېرىڭ، ئۇ مەندىن ئەۋزەلرەك»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئوڭ تەرەپ، ئوڭ تەرەپ»، دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئايىغىڭنى كىيسەڭ، ئوڭدىن باشلا، ئەگەر سالساڭ، چەپتىن.» ۋە يەنە ئېيتىدۇ: «بىرىڭلار بىر پاي ئاياغدا ماڭمىسۇن ئىككىسىنى باراۋەر كىيسۇن ياكى ئىككىسىنىلا كىيمىسۇن.» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يولدا كېتىۋاتقان ئىدى، بىر پاي ئايىغى پۇتىنى ئاغرىتتى، ئۇنى چىقىرىپ بىر پاي ئاياغ بىلەن مېڭىپ كەتتى، كېيىن: «مەن ئەبۇ ھۇرەيرە ئېيتقان نەرسىگە خىلاپلىق قىپتىمەن»، دېدى.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر ئۆزرىلىك بولسا زىيىنى يوق، ئۆزرىسىز بولسا، مەكرۇھتۇر، ھەر ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇنداق. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## ئەللىك توققۇزىنچى باب: مەنزىلدىن چىقىش ۋە ھەمراھلىق قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا: «بىسمىللاھ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە مەددىتى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ»، دېيىشى مۇستەھەبتۇر. ئەگەر ئۇ «بىسمىللاھ» دېسە، پەرىشتە ئۇنىڭغا، ھىدايەت تاپتىڭ، دەيدۇ، ئەگەر «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم» دېسە، ساڭا كۇپايە قىلدى، دەيدۇ، ئەگەر «ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە مەددىتى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېسە، ساقلاندىڭ، دەيدۇ. ئۆيدىن چىققاندا، يەرگە قاراپ ماڭىدۇ، زۆرۈرىيەتسىز ئوڭ ۋە سولغا قارالمايدۇ، نەزەر قەدەم باسىدىغان جايغا تاشلىنىدۇ. چۈنكى قاراش شەھۋەتنى پەيدا قىلىدۇ، پۈتى ئاستىدىكى ئىزلاردىن غاپىل قالىدۇ، نەتىجىدە ئۆزى ھېس قىلمىغان ھالدا مۇسىبەتكە ئۇچرايدۇ. بىر مۇسۇلمانغا يولۇقساڭ، يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ سالام بەر. ئەگەر ئۇ دوستۇڭ بولسا، قول بېرىپ كۆرۈش ۋە قولۇڭنى ئۇنىڭ قولىدىن بۇرۇن تارتىۋالما، يۈزىگە تەبەسسۇم قىل، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم بۇنى قىلسا، گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ»، دېگەن. شەھەر ئىچىدە، پىيادىلىكلەر يولىنىڭ چېتىدىن، ئاتلىقلار يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ماڭىدۇ. سەھرادا، پىيادىلىك كىشىلەر يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، ئاتلىق بولسا خاھلىغان تەرەپتىن ماڭسا بولىدۇ.

ئەگەر يولۇچىنىڭ ئالدىدىن كاپىر ياكى ئايال كىشى چىقسا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مېڭىپ ئۆتىدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ ھەقتە ئەسەرلەر رىۋايەت قىلىنغان. سەھل ئىبنى ئەبۇ سالىھ ئاتىسىدىن، ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر يولدا يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا يولۇقساڭلار، ئۇلارنى يولنىڭ تار بۇر جىكىگە سىقىڭلار»، دېگەن. مىقدادتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاياللارغا چوڭ يولدا نەسىۋە يوق»، دەيدۇ.

ئاقىل كىشى ئىنسانلار ئۆتىدىغان جايدا بۇرۇن قېقىشى، تۈكۈرۈشى دۇرۇست ئەمەس.

ياشانغانلار، ياخشى كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇش مۇستەھەب. ياشلار، باللار، ئەخمەقلەر بىلەن ئولتۇرۇش مەكرۇھ، چۈنكى بۇ ھال كىشىنىڭ ھەيۋىتىنى كەتكۈزىدۇ. ئاخىرەت ۋە ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەيدىغان، ئۇلارغا رىغبىتى بار كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇش ياخشىدۇر. ئەمما دۇنيا ئىشلىرىغا بېرىلگەنلەر بىلەن ئولتۇرۇش مەكرۇھ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار كىشىنىڭ قەلبىنى، دىنىنى ۋە ھاياتىنى بۇزىدۇ. ئەگەر بازاردا ئىشىڭ بولمىسا كىرمە، چۈنكى بازاردا ئىنساندىن بولغان شەيتان مالايلىرى ۋە كىيىملىك بۆرىلەر بار، دېيىلىدۇ. كىشى ئەگەر بازارغا كىرسە، «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ. لەكەل مۇلكۇ ۋە لەھۇلھەمدۇ. يۇھيىي ۋە يۇمىيتۇ ۋە ھۇۋە ھەييۇن لايەمۇۋت. بىيەدىھىل خەير ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير»، دېيىشى مۇستەھەب. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىم شۇ كەلىمىنى ئېيتسا، ئۇنىڭغا بازاردىكى پۈتۈن ئادەملەر ساندىن ئون باراۋەر كۆپ ساۋاب ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

# ئاتمىشىنچى باب: ئىلىم ـ سېتىم ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى سودا ـ سېتىق ھۆكۈملىرىدە نېمە جائىز ۋە نېمە نا جائىزلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى لايىق ئەمەس. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «دىنىدا فەقىھ بولمىغان كىشى بازارلىرىمىزدا ھەرگىز بىر نەرسە ساتمىسۇن.»

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىمكى دىنىدا فەقىھ بولۇشتىن بۇرۇن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا، جازانىغا پاتقان بولىدۇ، جازانىغا پاتقان بولىدۇ، جازانىغا پاتقان بولىدۇ»، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «ئاللاھ يەڭگىل سودا ـ سېتىقنى، ھۆكۈمنى، تەلەپنى يەڭگىل قىلغان كىشىنى رەھمەت قىلسۇن.» رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى كەمبەغەلگە قارىسا ياكى ئۇنىڭدىن قىيىنچىلىقنى ئېلىپ تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ سايە بولمىغان كۈندە ئەرشىنىڭ سايىسىدە جاي بېرىدۇ»، دېگەن.

مۇھەممەد ئىبنى سەملاك بازارغا كىرىپ: «ئى بازار ئەھلى، بازارلىرىڭلار كاسات، سودىلىرىڭلار پاساد، قوشنىلىرىڭلار ھەسەتخور، بارىدىغان جايلىرىڭلار قىزىپ تۇرغان دوزاخ»، دەيتتى. يەنى، سودىگەر جاھىل بولسا، جازانىدىن ساقلانمىسا.

www.uyghurkitap.com

ئەمما تىجارەتچى فىقھىنى ئۆگەنسە، سودا ۋاقتىدا پاك بولسا، ئۇ جىھادتىدۇر، چۈنكى خەۋەردە ھالالدىن كەسپ قىلىش جىھادتىن ئەۋزەل، دەپ رىۋايەت قىلىنغان. قەتادە: «بىزگە راستگۇي سودىگەرنىڭ قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدە بولىدىغانلىقى ئېيتىلدى»، دەيدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىرەر نەرسىنى ساتسا ياكى ئالسا، كېيىن پۇشايمان قىلسا ۋە سودىنى بىكار قىلىشنى سورىسا، ئۇنىڭغا نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم پۇشايمان قىلغۇچىنىڭ سودىسىنى بىكار قىلسا، ئاللاھ قىيامەت كۈندە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى بىكار قىلىدۇ»، دېگەن.

ئەبۇ ھەنىفە (رەھىمەھۇللاھ) بىر كىشىگە يىپەك ماتانى ساتتى، سېتىۋالغان كىشى قايتىپ كېلىپ سودىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئىمام رازى بولۇپ، سودىنى بىكار قىلدى. ئارقىدىن خادىملىرىغا: «تۇر، نەرسىلەرنى ئۆيگە ئېلىپ بار، سودا - سېتىققا ھاجىتىم يوق ئىدى، پەقەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىم پۇشايمان قىلغۇچىنىڭ سودىسىنى بىكار قىلسا، ئاللاھ قىيامەت كۈندە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى بىكار قىلىدۇ»، دېگەن سۆزلىرىگە داخىل بولۇش ئۈچۈن چىققان ئىدىم. دەرھەقىقەت، ھازىر نىيىتىمگە يەتتىم»، دېگەن.

بازاردىن نەرسە ئالماقچى بولساڭ، ساتقۇچى سەن سېتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن بۇنى تېتىپ كۆر، دېسە، ئۇنىڭدىن يېمە، چۈنكى ئۇنىڭ يېيىشكە رۇخسەت بېرىشى سېنىڭ سېتىپ ئېلىشىڭ ئۈچۈندۇر. كۆپىنچە ئوتتۇرىدا ئېلىم – سېتىم بولمايدۇ، نەتىجىدە بۇ تېتىپ كۆرۈش شۈبھىلىك نەرسىنى

يېيىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئەگەر ئۇ نەرسىسىنى تەرپلىسە، سەن ئۇ سۈپەتلەرنى كۆرمىسەڭ، ئىختىيار ئۆزەڭدە.

سودىگەرگە سودىسى يۈرۈشىشى ئۈچۈن قەسەم ئىچىشى مەكرۇھتۇر. تىجارەت كىشىنى پەرزلەرنى ئادا قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. ئەگەر ناماز ۋاقتى كەلسە، سودىگەر تىجارىتىنى توختىتىشى لازىم. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە ئېيتىدۇ:

«ئۇ (مەسجىدلەردە) ئەتىگەن - ئاقشام ئۇ زاتنى پاكلايدىغان كىشىلەر باردۇركى، ئۇلارنى نە تىجارەت ۋە نە ئالدى - ساتتى ئاللاھنى زىكرى قىلىشتىن، نامازنى تولۇق ئادا قىلىشتىن ۋە زاكاتنى (ھەقدارلارغا) ئاتا قىلىشتىن مەشغۇل قىلالمايدۇ. ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالىدىغان (قىيامەت) كۈنىدىن قورقىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى سەۋەبلىك مۇكاپاتلىشى ۋە يەنە ئۇلارغا ئۆز پەزلى - كەرەمى بىلەن زىيادە (ساۋابلار ئاتا) قىلىشى ئۈچۈن (ئەتە - ئاخشام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدۇ). ئاللاھ ئۆزى خاھلىغان كىشىلەرگە بىھېساب رىزق بېرىدۇ.» نۇر، 38-37 - ئايەتلەر.

ئادەملەر ئايەتتە سۈپەتلەنگەن كىشىلەر ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر: «ئۇلار تىجارەتنى پۈتۈنلەي تەرك قىلىپ، سۇففە ئەھلىدەك ھەمىشە ئىبادەت بىلەن بولغان كىشىلەردۇر»، دېيىشتى. بەزىلەر: «ئۇلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۇلارنىڭ تىجارىتى نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئوقۇشتىن مەشغۇل قىلىپ قويمىغان كىشىلەردۇر»، دېيىشتى. ھەسەن بەسرىي: «ئۇلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىجارەتلىرى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن ۋە

نامازدىن غاپىل قىلىپ قويمىغان كىشىلەردۇر»، دېگەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئايەتنىڭ مەنىسىگە ھەر ئىككى پىرقە داخىلدۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# ئاتمىش بىرىنچى باب: ۋالىيلارغا ئىتائەت قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: پۇقرالارنىڭ ھاكىملارغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ، مۇبادا ئۇلارنى مەسىيەتكە بۇيرۇمىسا. ئەگەر مەسىيەتكە بۇيرىسا، ئىتائەت قىلىش جائىز ئەمەس، شۇنىڭدەك، ئۇلارغا ئۇنىڭغا قارشى چىقىشمۇ جائىز ئەمەس، ئەمما زۇلۇم قىلسا، ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارشى چىقىش جائىزدۇر. بىز ئېيتىمىزكى، ھاكىملارغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئى مۇئمىنلەر، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ھەمدە ئۆزلىرىڭلاردىن بولغان (مۇسۇلمان) ھاكىملارغا بويسۇنۇڭلار!» (سۈرە نىسا، 59 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزىگە بىنائەن ۋاجىپ. بەزى مۇپەسسىرلەر، ئۆزلىرىڭلاردىن بولغان ئەمىرلەردۇر، دېگەن. ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «گەرچە سىلەرگە ھەبەش قۇل باشچىلىق قىلسىمۇ قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار»، دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئەمىردە بىرەر يامان نەرسىنى كۆرسە، سەبىر قىلسۇن، بىرەر كىشى جامائەتتىن بىر غېرىچ چىقسا ۋە شۇ ھالدا ئۆلسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلىدۇ»، دېگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپە بولغانلىق

خەۋرى ئۇ كىشىگە يەتكەن ۋاقىتدا: «ياخشى بولسا، رازىمىز، يامان بولسا، سەبر قىلىمىز»، دېگەن. بەزى ساھابىلەر: «ئەگەر ئىماملار پۇقرالارغا ئادالەت قىلسا، پۇقرالارغا شۈكۈر ۋە ئىماملارغا ئەجىر بولىدۇ. ئەگەر جەبىر قىلسا، پۇقرالارغا سەبر ۋە ئىماملارغا گۇناھ بولىدۇ»، دېيىشكەن. ئەمما گۇناھقا بۇيرىسا، ئىتائەت جائىز بولمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «خالىققا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت يوق»، دېگەن. نافىئ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان كىشى ياخشى ۋە يامان كۆرگەن نەرسىلەردە قۇلاق سېلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپ، پەقەتلا، مەسىيەتكە بۇيرۇمىسا، ئەگەر مەسىيەتكە بۇيرىسا، قۇلاق سېلىنمايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىنمايدۇ»، دېگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلدى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قوشۇن ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا بىر كىشىنى ئەمىر قىلدى. ئۇ ئەمىر بىر كۈنى ئوت ياقتى ۋە غەزەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا كىرىڭلار، دېدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا كىرمەكچى بولۇشتى، بەزىلەر ئۆزىمىز ئوتتىن قېچىپ يۈرۈۋاتىمىز، ئۇنىڭغا كىرمەيمىز، دېيىشتى. بۇ ۋەقەنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىشقان ئىدى، ئۇ زات: «ئەگەر ئوتقا كىرگەن بولسا، ئەبەدىي ئۇنىڭدىن چىقماس ئىدى. ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت يوق، بەلكى ئىتائەت مەرىپەتتە، ياخشىلىقتىدۇر»، دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: «ئاللاھ تەئالا بۇ دىننى فاجىر كىشى بىلەنمۇ راۋاجلاندۇرىدۇ»، دېگەن. ھۇزەيفە ئىبنى يەمان ئېيتىدۇ: «ئەلۋەتتە، ئاللاھ سىلەرگە ئازاپ قىلغۇچى ئەمىرلەرنى ئەۋەتىدۇ. قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى دوزاختا ئازابلايدۇ.» مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە ئەييۇب ئىبنى

خالىدتىن رىۋايەت قىلىندۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «يېقىندا سىلەرگە مەندىن كېيىن ئەمىرلەر كېلىپ، ئۆزلىرى يامان كۆرىدىغان نەرسىنى قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرى قىلمايدىغان نەرسىلەرنى سىلەرگە بۇيرۇيدۇ، سىلەر ئۇلارغا ئىتائەت يوق»، دېگەن.

زۇبەير ئىبنى ئەدىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئۆيىگە باردۇق، ئۇنىڭغا ھەججاجنىڭ قىلغانلىرىنى ئېيتىپ شىكايەت قىلدۇق، ئۇ كىشى: ‹سەبىر قىلىڭلار، بۇندىن كېيىن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقى كېلىدۇ، مەن بۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانمەن›، - دېگەن.»

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى www.uyghurkitap.com

## ئاتمىش ئىككىنچى باب: ئەمىرلەردىن ( ھەدىيە ) ئېلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىنسانلار سۇلتانلاردىن مۇكاپات ئېلىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر: «ئۇنى ئېلىش جائىز ، بىراق ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمىسە»، دېيىشتى.

بەزىلەر: «ياق، جائىز بولمايدۇ»، دېيىشتى. جائىز دېگەنلەر ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى ئاساس قىلغان: «سۇلتانغا، ئەلۋەتتە، ھالال ۋە ھارام كېلىدۇ، نېمىنىكى ساڭا بەرسە ئۇنى ئال، ئۇ ساڭا ھالالدىن بېرىدۇ.» ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمگە سورىماستىن بۇرۇن بىرەر نەرسە بېرىلسە، ئۇنى ئالسۇن، بۇ ئاللاھ تەئالا ئۇنى رىزقلاندۇرغان رىزقتۇر»، دېگەن.

ئەئمەش ئىبراھىم نەخەئىينىڭ: «ئەمىرلەردىن بىرەر نەرسىنى ئېلىشتا گۇناھ يوق»، دېگەن قاراشتا ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ھەبىب ئىبنى ئەبۇ سابىتتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇختەر ئىبنى ئۇبەيدتىن ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباسقا ھەدىيە كېلەتتى ۋە ئۇلار قوبۇل قىلاتتى.»

ھەسەن بەسرىيمۇ ئەمىرلەرنىڭ ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغان.

مۇھەممــەد ئىبنــى ھەســەن ئەبــۇ ھەنىفەدىــن، ئــۇ كىشــى (ئۇســتازى) ھەممادتىــن رىۋايــەت قىلىدۇكــى، ئىبراھــم نەخەئىــي ھىلۋانــدا (مســىردىكى جــاي) ئــش بېشــى بولــۇپ تۇرغــان زۇھەيــر ئىبنــى ئابدۇلــلاھ ئەزۇدىيدىــن مۇكاپــات تەلــەپ قىلاتتــى، ئۆزىمــۇ، ھەممەدانىيمــۇ ئالاتتــى.

مۇھەممــەد ئېيتىــدۇ: «مۇبــادا ھارامىلىقــى ھەققىدە بىرەر نەرســە بىلمىســەك، يۇقىرىدىكــى ھۆكۈمنــى ئالىمىــز.» ئەبۇ ھەنىفەمۇ مۇشــۇ قاراشــتا.

ئەممــا ئەمىرلــەر ھەدىيەســىنى مەكــرۇھ دېگــەن كىشــلەر ھەبىــب ئىبنــى ســابىت رىۋايــەت قىلغــان تۆۋەندىكــى خەۋەرگــە ئەمــەل قىلىشــقان: بىــر ئەمىــر ئەبــۇ زەر غىفارىيغــا ھەدىيــە ئەۋەتكەنــدە، ئــۇ زات: «ھەممــە مۇســۇلمانلارغا شــۇنداق ھەدىيــە ئەۋەتىلدىمــۇ؟»، دەپ ســورىغان. «يــاق»، دېگــەن جاۋابنــى ئــاڭلاپ ئەبــۇ زەر ئۇشــبۇ ئايەتنــى ئوقۇغــان:

«يــاق، ئــۇ مۇقــەررەر دوزاختــۇر! (ئــۇ ھارارىتىنــىڭ قاتتىقلىقىدىــن) باشــنىڭ تېرىســىنى شــىلىدۇ!» مەئارىــج، 16-15 - ئايەتلــەر.

ئۇســمان ئىبنــى ئەففــان رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مەســجىد تېمىنىــڭ ئۇســتىدە ئۇخــلاپ ياتقــان ئەبــۇ زەر غىفارىينىــڭ ئالدىدىــن ئۆتــۈپ كېتىۋېتــىپ، قۇلىغــا: «ئۇشــبۇ دىنارلارنــى ئېلىــپ، تــا بــۇ كىشــى ئويغانغۇچــە كۈتــۈپ تــۇر، ئويغانغانــدا دىنارلارنــى ئۇنىڭغــا بــەر. ئالســا، ســەن ئــازات بولســەن»، دېگــەن.

قــۇل ئەبــۇ زەر ئويغانغانــدا پۇلنــى بەرگــەن، ئەممــا ئــۇ زات قوبــۇل قىلمىغــان. قــۇل: «ئالغــان بولســىڭىز، بۇنــىڭ بىلــەن مــەن ئــازات بولاتتــىم.» دېگــەن. ئەبــۇ زەر: «ئۇنــى ئالمايمــەن، چۈنكــى بۇنــىڭ بىلــەن مــەن قۇللۇققا چۈشــۈپ قېلىشــىم مۇمكىــن»، دېگــەن.

ئەبۇ ۋائىلنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «تىجارەتتىن كەلگەن بىر دىرھەم، ماڭا ھەدىيە قىلىنغان ئون دىرھەمدىن ياخشىراقتۇر.»

ئابدۇلمۇئمىن ئىبنى ئىدرىس ئاتىسىدىن، ئۇ ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇ دەردانىڭ ئالدىغا بىر كىشى كېلىپ: «ئى ئەبۇ دەردا، پالان كىشى مېنى سۆكتى، زۇلۇم قىلدى»، دېدى. ئەبۇ دەردا ئۇنىڭغا: «ئەگەر راست سۆزلەۋاتقان بولساڭ، يېقىن كۈنلەردە ئاللاھ ئۇنى ئازابلايدۇ»، دېدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتمەستىن ئۇ زالىم ئەمىردىن ئون مىڭ دىرھەم ھەدىيە ئالدى. ئەبۇ دەردا ئۇنىڭغا: «ئى بۇرادەر، راست ئېيتقان ئىكەنسەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇقۇبەت يەتكۈزدى»، دېدى. «ئى ئەبۇ دەردا، بۇمۇ ئۇقۇبەتمۇ؟!»، دەپ سورىدى. ئاللاھقا قەسەمكى، ئەگەر دۈمبىسىگە ئون مىڭ قامچا ئۇرۇلغان بولسا، ئون مىڭ دىرھەم ئالغىنىدىن ياخشىراق بولاتتى»، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ زات.

فەقىھ ئېيتىدۇ: سوۋغاتنى قوبۇل قىلىش بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىككى خىل بولىدۇ.

1. ئەمىرنىڭ بايلىقى پارا ۋە ھارامدىن ئىبارەت بولسا، سوۋغاتنى ئېلىش جائىز ئەمەس. پەقەت ئەۋەتىلگەن سوۋغىنىڭ ھالال مالدىن ئىكەنلىكى بىلىنسە، ئېلىش جائىز.

2. بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمى مىراس ياكى تىجارەتتىن كەلگەن بولسا، سوۋغات ئېلىشنىڭ زىيىنى يوق. ئەمما ئەۋەتىلگەن سوۋغاتنىڭ ھارام ياكى شۈبھىلىك ئىكەنلىكى بىلىنسە، ئېلىش جائىز ئەمەس. ئومۇمەن، ھەر قانداق ھالەتتە ئالماسلىق ئەۋزەل.



www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش ئۈچىنچى باب: باشقىلارنىڭ ئۆيى ئىچىگە قاراشتىن چەكلەش ھەققىدە

فەقىھ (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن)ئېيتىدۇ: بىرەر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز قارىشى جائىز ئەمەس. كىم قارىسا گۇناھكار بولىدۇ. قارىغان كىشىنىڭ كۆزىنى ئۆي ئىگىسى ئويۇۋەتسە، بەزى فەقىھلەرنىڭ پىكرىچە، ئەسلا جاۋابكار بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ پىكرىچە، ئۆي ئىگىسى جاۋابكار بولىدۇ. بىز مۇشۇ ھۆكۈمنى ئاساس قىلىمىز. «جاۋابكار بولمايدۇ» دېگەن فەقىھلەر ئىبنى شىھاب سەھل ئىبنى سەئد سائىدىيدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە ئاساسلانغان: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ چېچىنى تاراۋاتاتتى. ئۇ كىشىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كۆرۈپ: «ئەگەر ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، تاغاقنى كۆزۈڭگە سانجىۋەتتىم. چۈنكى رۇخسەت سوراش نەزەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن جارىي قىلىندى»، دېگەن.

ئەبۇ زەنناد ئەرەجتىن، ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىرەر كىشى ساڭا رۇخسەتسىز قارىسا، ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالساڭمۇ، ساڭا گۇناھ بولمايدۇ.» دېگەن.

«ئۆي ئىگىسى جاۋابكار بولىدۇ» دېگەن كىشىلەر ئۇشبۇ ئايەت

كەرىمگــە ئاساســلانغان:

«ھۆرمتى (ساقلىنىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر دەپسەندە قىلىنسا) قىساس (ئېلىنىــدۇ). كىــم ســىلەرگە تاجــاۋۇز قىلســا، ســىلەرمۇ ئۇلارغــا تاجاۋۇزلــىرى مۇقابىلىــدە تاجــاۋۇز قىلــىڭلار! ئاللاھتىــن قورقــۇڭلار! بىلىڭلاركــى، ئاللاھ ئۆزىدىن قورقىغۇچىــلار بىلــەن بىرگــەدۇر.» بەقــەرە، 194 – ئايەتنىــڭ بىــر قىســمى.

«(ئــى مۇئمىنلــەر)، ئەگــەر ســىلەر (ئۆزەڭلارغــا يەتكــەن بىــرەر زىيــان - زەخمــەت ئۈچــۈن) ئىنتىقــام ئالماقچــى بولســاڭلار، ئــۇ ھالــدا يەقــەت ســىلەرگە يەتكۈزۈلگــەن زىيــان – زەخمەت بارابىرىــدە ئىنتىقام ئېلىڭلار. (ئاشــۇرىۋەتمەڭلار) ئەگــەر (ئىنتىقــام ئالمــاي كەچۈرىۋەتســە) ســەبر - تاقــەت قىلســاڭلار، ئەلۋەتتــە بــۇ ســەبر قىلغۇچــى كىشــىلەر ئۈچــۈن (ئىنتىقــام ئالماقتــىن) ياخشــىراقتۇر.» نەھــل، 126 - ئايــەت.

دېمــەك، ھەدىــس ئايەتنىــڭ ھۆكمىگــە زىــت، بۇنــداق ھالەتتــە ھەدىســكە ئەمــەل قىلىنمايــدۇ. ئېھتىمــال، يۇقىرىدىكــى ئايەتلــەر نازىــل بولۇشــتىن بــۇرۇن ھەدىــس مەنســۇخ بولغانــدۇ ياكــى ۋەئىــد ئۈچــۈن بولــۇپ، ۋاجىپلىققــا دالالــەت قىلمــاس. رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالام بىــر گەپنــى دېيــە باشــقا مەنىنــى مەقســەت قىلاتتــى. مەســىلەن، ئابنــاس ئىبنــى مەرداس ســەلمىي رەسۇلۇللاھنى ماختىغانــدا بىلالغــا قارىتــا: «تــۇر، تىلىنــى كېســىپ تاشــلا»، دېگــەن. بــۇ گــەپ بىلــەن كېسىشــنى ئەمــەس، بەلكــى بىــرەر نەرســە بېرىشــنى ئىــرادە قىلغــان.

شــۇنىڭغا ئوخشــاش ھەدىســتىكى كۆزنى ئويۇشــتىن مەقســەت، باشــقىلارنىڭ ئۆيىگــە بۇنىڭدىــن كېيىــن رۇخسەتســىز قارىماســلىق ئىــرادە قىلىنغــان بولۇشــى مۇمكىــن. توغرىســىنى ئاللاھ ئــەڭ بىلگۈچىــدۇر.

## ئاتمىش تۆتىنچى باب: تۆھمەتكە قېلىشتىن چەكلەش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى ئۆزىنى تۆھمەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشى توغرا ئەمەس. (شۇنىڭ ئۈچۈن) تۆھمەتچىلەر بىلەن ئولتۇرمىسۇن، ئۇلارغا ئارىلاشمىسۇن. چۈنكى ئۆزىمۇ تۆھمەتخورغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئېيتىدۇكى:

«ئاللاھ سىلەرگە كىتابتا: ‹قاچانكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئىنكار قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، تا باشقا گەپكە ئۆتمىگىچە ئۇنداق كىشىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرماڭلار›، دېگەن سۆزنى نازىل قىلدى؟! (ئەگەر ئۇلار بىلەن ئولتۇرساڭلار)، دېمەك، سىلەرمۇ شەك - شۈبھىسىز ئۇلارغا ئوخشاپ قالىسىلەر. ئەلۋەتتە، ئاللاھ بارچە مۇناپىق ۋە كاپىرلارنى جەھەننەمگە جەم قىلىدۇ.» نىسا، 140 - ئايەت.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىرەر قەۋمگە ئوخشاشقا ھەرىكەت قىلسا، ئۇ شۇ قەۋمدىن بولۇپ قالىدۇ»، دېگەن.

لوقمان ھەكىمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «يامان كىشى بىلەن دوست بولغان كىشى خاتىرجەم بولماس، نالايىق ئىشلارغا كىرىشكەن كىشى تۆھمەتكە قالار، تىلىغا ئىگە بولالمىغان كىشى پۇشايمان بولار.» شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

ئىبنى شىھاب ئەلى ئىبنى ھۈسەيندىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئالدىغا ھامماچىسى سەفىيە كەلگەندە مەسجىدتە ئولتۇرغان ئىدى. بىرگە قايتىۋاتقاندا ئەنسارلاردىن ئىككى كىشىگە ئۇچراشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «بۇ ئايال ھامماچام سەفىيە بولىدۇ»، دېدى. ئىككى ئەنسار بىردىنلا: «سۇبھانەللاھ»، دەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ: «شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ قان تومۇرىدا ماڭىدۇ، يامان گۇمان قىلىپ ھالاك بولۇپ كېتىشىڭلاردىن قورقتۇم»، دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە، تۆھمەت پەيدا بولىدىغان ئورۇنلارغا چۈشۈپ ئۆزىنى پىتنىگە سالمىسۇن.»

www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش بەشىنچى باب: مۇلايىم بولۇش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: مۇسۇلمان كىشىگە ھەر بىر نەرسىدە يۇمشاق ۋە ئۇزۇنىي خارلىمايدىغان دەرىجىدە مۇتەۋازى بولۇش لايىقتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قايسى بىر نەرسىگە رىفقى - مۇلايىملىق كىرسە، ئۇنى بىزەيدۇ، قايسى بىر نەرسىگە قوپاللىق كىرسە، ئۇنى ئابرويسىزلاندۇرىدۇ»، دېگەن. مۇجاھىد رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر ئىنسانلار رىفقىنىڭ يارىتىلىشىغا قارىسا، ئۇنىڭدىن ياخشىراق مەخلۇقنى كۆرمەيدۇ ۋە ئەگەر قوپاللىقنىڭ يارىتىلىشىغا نەزەر سالسا، ئۇنىڭدىن خۇنۇكرەك مەخلۇقنى كۆرمەيدۇ›، دېگەن.» ئۇرۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىڭلار، ئىبنى ئەشىرە نېمدېگەن يامان» (ياكى ئەشىرە ئىنتايىن يامان ئادەم ياكى ئەشىرەنىڭ ئاكىسى بەك يامان)، دېگەن. ئۇ كىرگەندە، ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ قىلغان. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، سىز ئۇ ھەقتە ئۇنداق دېگەن ئىدىڭىز، كېيىن يۇمشاق گەپ قىلدىڭىز»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە يامان مەنزىلدە تۇرىدىغىنى ئىنسانلار ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ ھۆرمەت قىلىشقان كىشىدۇر»، دېگەن. ئەبۇ دەردا: «بىز بەزى بىر

قەۋملەرنىڭ يۈزىگە ھومىيىپ قارىمايمىز، ۋەھالەنكى، قەلبلىرىمىز ئۇلارغا لەنەت ئوقۇپ تۇرىدۇ»، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كەم ـ كۈتىسىز تەۋازۇ قىلغان، توپلىغان مېلىنى ساۋاب ئىشقا نەپىقە قىلغان، مىسكىن ۋە بىچارىلەرگە مېھرىبان بولغان، ھاكىم ۋە فەقىھلەر بىلەن مۇلاقاتتا بولغان كىشىگە خۇشخەۋەر بولسۇن»، دېگەن.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىدىن، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن خۇسۇمەتلەشكەندە: ‹ئۇ خۇسۇمەت قىلدى. ئاللاھ بىزگە كۇپايە قىلىدۇ ۋە ئۇ نەقەدەر ياخشى ۋەكىلدۇر›، دېگەن.» رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تەئالا بەندىسىنى ئاجىزلىقى ئۈچۈن مالامەت قىلىدۇ. ئاجىزلىقىڭنى تەن ئېلىپ، ‹ئاللاھ ماڭا كۇپايە. ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىلدۇر›، دېگىن»، دېگەن.

لوقمان ھەكىم ئوغلىغا: «ئى ئوغلۇم، ئاچچىق بولمىغىنكى، سېتىلىسەن، شېرىن بولمىغىنكى، يۇتۇلىسەن»، دېگەن.

ئىبراھىم نەخەئىي:

«ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ۋاقىتتا (ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىپ غالىپ بولىدىغان زاتلاردۇر.» (شورا، 39 ـ ئايەت)، ئايىتىنى شەرھلەپ: «ساھابىلەرنىڭ: ‹مۇئمىن كىشى ئۆزىنى خارلاشنى يامان كۆرىدۇ›، دېگەنلىكىنى دېگەن.»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۆۋەندىكى رىۋايەت نەقىل قىلىنىدۇ. بىر خوتۇن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «بەزى قوشنىلىرىم مېنى تۆۋەن كۆرىدۇ، بەزىسى ھۆرمەت قىلىدۇ.» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «سېنى

تـۆۋەن كۆرگـەن كىشـىنى سـەنمۇ تـۆۋەن كـۆر، ھۆرمـەت قىلغان كىشـىنى سـەنمۇ ھۆرمـەت قىـل»، دەپ مەسـلىھەت بـەردى.

فەقىــھ (ئــۇ كىشــىگە ئالــلاھ رەھمــەت قىلســۇن) ئېيتىــدۇ: ئائىشــە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ گېپـى ئەينـى ئادالـەت ۋە ئىنسـاپتۇر. ئەممـا كىمكـى كەچۈرۈمچـان بولـۇپ، ئۆزىگـە يامانلىـق قىلغـان كىشـىگە ياخشـىلىق قىلسـا، ئەڭ ئـەۋزەل ئىشـتۇر. چۈنكـى ئالـلاھ تەئـالا مەرھەمـەت قىلىـدۇ:

«(ئـى ئىنسـانلار) سـىلەرگە قانـداق بىـر مۇسـىبەت يەتسـە، بـەس، ئـۆز قولىرىـڭلار قىلغـان نەرسـە ـ گۇنـاھ سـەۋەبلىك (يېتىـدۇ).» شـۇرا، 30 ـ ئايەت.

جەننـەت ئەھلىنىـڭ خۇلقلىرىدىـن بولغـان ئـۈچ خۇلـق باركـى، ئـۇلار پەقـەت سـېخىي، مـەرت كىشـىلەردە ئۇچرايـدۇ: ئۆزىگـە يامانلىـق قىلغانغـا ياخشـىلىق قىلـىش؛ ئۆزىگـە زۇلـۇم قىلغان كىشـىنى كەچـۈرۈش؛ ئۇنىڭغـا بەرمىگەن كىشـىگە ھەدىيـە قىلـىش. بۇنـداق ئەخـلاق ئۇشـبۇ ئايـەت كەرىمگـە مۇۋاپىـق كېلىـدۇ:

«مەرھەمەتلىـك بولغـن، ياخشـىلىققا بۇيـرۇپ، جاھىللاردىن يـۈز ئۆرۈگىن!» ئەئـراف، 199 ـ ئايەت.

ئىبنـى زەيدتىــن، ئـۇ سـەئد ئىبنـى مۇسـەييەپتىن، ئـۇ زات رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالامدىن رىۋايــەت قىلىــدۇ:

«ئەقلىنىــڭ بېشــى ئاللاھقــا ئىمــان كەلتۈرگەندىــن كېيىــن ئىنســانلار بىلـەن مۇرەسسـە قىلىشـتۇر. دۇنيـادا مەرىپـەت ئەھلـى بولغانـلار ئاخىرەتتىمـۇ مەرىپـەت ئەھلىـدۇر، ئـۇلار بىلـەن مەسلىھەتلەشـكەن كىشـى ھەرگـز ھالاكەتكە ئۇچرىمايـدۇ، چۈنكـى ئايەتتـە: ‹ئىشـلىرىڭلاردا ئۇلارغـا مەسـلىھەت سـېلىڭلار!› (ئالـى ئىمـران، 159)، دەپ كۆرسـەتكەن.»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابخۇر بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# ئاتمىش ئالتىنچى باب: ھاسىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

مەيمۇن ئىبنى مىھران ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ھاسا تاياق كۆتۈرۈپ يۈرۈش مۇئمىنىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىدۇر.»

ھەسەن بەسرىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) دەيدۇ: «ھاسا تاياقتا ئالتە خۇسۇسىيەت بار: ‹پەيغەمبەرلەر سۈننىتى، مۇئمىنلىك بەلگىسى، سالىھ كىشى ئۇچۇن زىننەت، دۈشمەنلەرگە قارشى قورال، ئاجىزلارغا ياردەم، مۇناپىقلارغا تەھدىد.»

ئېيتىدۇكى، ئەگەر مۇئمىن كىشىدە ھاسا بولسا، ئۇنىڭدىن شەيتان قاچىدۇ، مۇناپىق، پاسىق كىشىلەر ئۇنىڭغا تەزىم قىلىدۇ، نامازدا سۈترە — توسۇق بولىدۇ، دەرمانسىزلانسا، قۇۋۋەت بولىدۇ، ئاللاھ تەئالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدە ئېيتقاندەك، باشقا كۆپلىگەن پايدىلىرى بار.

«ئوڭ قولۇڭدىكى نېمىدۇر، ئى مۇسا؟! (مۇسا) دېدى: «ئۇ مېنىڭ ھاسام، ئۇنىڭغا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا (غازاڭ) قېقىپ بېرىمەن. يەنە ئۇنىڭدا باشقا ئېھتىياجلىرىممۇ بار». تاھا، 17 18- - ئايەتلەر.

تاياقتا يۇلىنىشتە مىڭ خىل پايدا بار دېيىلگەن.

# ئاتمىش يەتتىنچى باب: مۇئمىن كىشىدىن دۇنيانىڭ كېتىشى ھەققىدە

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ئېيتىدۇ: «ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال - دۇنيانى خاھلىمىدى ۋە مال - دۇنيامۇ ئۇ كىشىنى خاھلىمىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال - دۇنيانى خاھلىمىدى، ئەمما دۇنيا ئۇ كىشىنى خاھلىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال - دۇنيانى تاپتى، مال - دۇنيامۇ ئۇ كىشىنى تاپتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، مال - دۇنيانى گاھىدا تەرك قىلىپ، گاھىدا ئۈمىد قىلدى.»

بىزچۇ؟ بىز باشتىن - ئاخىر مال - دۇنياغا چۆمۈلگەنمىز، (شۇنىڭ بىلەن) ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇشىنى بىلمەيمىز.

زەيد ئىبنى ئەرقەم ھېكايە قىلىدۇ: «ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق، ئۇ كىشى ئىچىشكە بىر نەرسە سورىدى. سۇ ۋە ھەسەل كەلتۈردى. ئاغزىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، يىغلىدى. بىزمۇ يىغلىدۇق، بىز توختاپ جىم بولساقمۇ، ئۇ زات جىم بولمىدى. كېيىن كۆزىنى ئېرتتى: ‹ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىسى، قانداق ھاجىتىڭىز بار؟›، دەپ سورىدۇق. ‹رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇ زات ئۆزىدىن نېمىنىدۇر قوغلىدى، ئەمما ئالدىدا بىر نەرسە، ياكى ئادەم يوق ئىدى.

‹ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، نېمىنى قوغلاۋاتىسىز، لېكىن نە بىرەر نەرسە، نە بىرەر كىشىنى كۆرمەيۋاتىمەن›، دەپ سورىدىم. ‹بۇ دۇنيا كۆزۈمگە جىلۋىلەندى، مەندىن نېرى تۇر دېگەن ئىدىم، يىراقلاشتى - دە: ‹(ئى رەسۇلۇللاھ) سىز مەندىن يۈز ئۆرىسىڭىزمۇ، سىزدىن كېيىن كېلىدىغانلار يۈز ئۆرۈمەيدۇ، دېدى›، دېدى رەسۇلۇللاھ. شۇنىڭ ئۈچۈن مال - دۇنيا ماڭا يېتىشىدىن قورقتۇم›، دەپ جاۋاب قىلدى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كېيىن ئىدىشنى يەرگە قويدى، ئىچمىدى.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىمگە دۇنيادىن بىرەر نەرسە ھالال يولدىن كەلسە ۋە ئۇنى ئالسا، گۇناھكار بولمايدۇ، لېكىن ئالمىسا، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: « مال - دۇنيانىڭ ھالىلىغا ھېساب، ھارىمىغا ئازاب»، دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: «كىمگە دۇنيادىن بىرەر نەرسە يەتسە، ئاخىرەتتىن كېمىيىدۇ، گەرچە ئۇ كىشى ئاللاھ يولىدا سېخىي بولسىمۇ»، دېگەن. ئاللاھنىڭ مىكرىدىن قورقۇپ، ئۆزىدىن پاناھ سورايمىز.

# ئاتمىش سەككىزىنچى باب: قىيامەت ئالامەتلىرى

فەقىھ ئېيتىدۇ: ۋۇكەيئ سۇفياندىن، ئۇ فۇراتتىن، ئۇ ئابىت تۇفەيلدىن، ئۇ ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيدتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز قىيامەتنى ئەسلەپ، مۇزاكىرە قىلىپ تۇرغىنىمىزدا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىدىن چىقىپ شۇنداق دېدى: ‹ئون ئالامەت كەلمەستىن بۇرۇن قىيامەت بولمايدۇ: قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشى، دەججال، تۈتۈن، يەر ھايۋىنى، يەجۇج - مەجۇج، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىشى، ئۈچ يەردە (مەغرىبتە، مەشرىقتە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا) ئاي تۇتۇلۇشى، ياكى زېمىن يېرىلىپ ئىنسانلارنى يۇتۇپ كېتىشى، ئەدەن چوڭقۇرلۇقىدىن ئادەملەرنى مەھشەرگاھقا ھەيدەپ بارىدىغان ئوتنىڭ چىقىشى. ئۇ ئوت ئىنسانلار بىلەن ياتسا ياتىدۇ، ئۇخلىسا بىرگە ئۇخلايدۇ.›»

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئالدىدا دەججال زىكرى قىلىنغاندا، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتقانلىقىنى رىۋايەت قىلغان: «ئاللاھ سىلەردىن ئۆزىنىڭ قارىغۇ ئەمەسلىكىنى ۋە مەسىھ دەججالنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ قارىغۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ كۆزى ئۈزۈمدەك تۇرىدۇ.»

ئەنەس ئىبنى مالىك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئېيتىدۇ: ‹ئاللاھ قايسى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن بولسا،

www.uyghurkitap.com

ئۇ قەۋمنى قارىغۇ، يالغانچى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان: ‹ئۇ قارىغۇدۇر، پەرۋەردىگارىڭلار قارىغۇ ئەمەس، قارىغۇنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتۇرىسىغا «كاپىر» دەپ يېزىپ قويۇلغان›، دېگەن.»

ھۇزەيفە رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئېيتىدۇ: ‹دەججالدا سۇ ۋە ئوت بولىدۇ، سۈيى ئوت، ئوتى سۇدۇر›.»

فاتىمە بىنتى قەيستىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى خۇپتەمنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇدى. كېيىن چىقىپ: «تەمىم دارىي سۆزلەپ بەرگەن ۋەقە مېنى ئويلاندۇرۇپ قويىدى. ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى دېڭىزنىڭ بىر ئارىلىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە بىر قەسىرنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭدا زەنجىر بىلەن كىشەنلەنگەن بىر كىشى چېچىنى يۇلۇپ تۇرىدىكەن. ‹كىمسەن؟› دەپ سوراپتۇ. ‹دەججالمەن›، دەپتۇ. ئارقىدىن: ‹تېخىچە پەيغەمبەر كەلمىدىمۇ؟›، دەپ سوراپتۇ. ‹كەلدى›، دەپ جاۋاب قىلىپتۇ دېڭىزچى. ‹ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىۋاتامدۇ؟›، دەپتۇ. ‹ئىتائەت قىلىشىۋاتىدۇ.› دېگەندە، ‹بۇ ماڭا يامان، ئۇلارغا ياخشى›، دەپتۇ دەججال.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىنسانلار دەججالنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلىرى، ئۇ ھازىر مەھبۇس، ئاخىر زاماندا چىقىدۇ، دېيىشىدۇ. بەزىلىرى بولسا، تېخى تۇغۇلمىدى، ئاخىر زاماندا تۇغۇلىدۇ، چىقىپ ئادەملەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ، بىھېساب يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، كۆپ كىشىلەرنى يولدىن توسىدۇ. كېيىن ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ لۇد دېگەن ئىشىكىدە دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ. يەر يۈزىدە ئىسلام دىنى زاھىر بولىدۇ. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

# ئاتمىش توققۇزىنچى باب: ئۆلچەملىك گەپ قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەقىللىق كىشىنىڭ گېپى ئۆلچەملىك، ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. ئەقىللىق كىشى بىھۇدە گەپ قىلمايدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا، پايدىلىق گەپلىرىمۇ يوقىلىدۇ. سورالمىغان نەرسىگە جاۋاب بەرمەيدۇ، چۈنكى بۇ ئىشتا يەڭگىل تەبىئەتلىك، ئەقلى كەملىك ۋە نادانلىق بەلگىسى بار. ئەقىللىق كىشىنىڭ سەۋەبسىز غەزەپ قىلىشى لايىق ئەمەس. كىشىنىڭ ھايۋانلارنى ئۇرۇپ - سوقۇشى جاھىللىقىغا بەلگىدۇر، دېيىلىدۇ. چۈنكى ھايۋانلار ئەقىلسىز، خىتابنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇرۇپ - سوقۇش بەكمۇ جاھىللىقتۇر.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ شامالغا لەنەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «كىمكى بىر نەرسىگە لەنەت قىلسا، ئۇ نەرسە لەنەتكە لايىق بولمىسا، لەنەت ئۆزىگە قايتىدۇ»، دېگەن.

ئەبۇلمەلىھ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ساھابىلەردىن بىرىنى مىنگەشتۈرۈۋالغان ئىدى. تۇساتتىن ئۇلاغ پۇتلىشىپ كەتتى، ھېلىقى كىشى: «بەدبەخت شەيتان»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بەدبەخت شەيتان دېسەڭ، شەيتان يوغىناپ، ئۆيگە سىغماي كېتىدۇ. لېكىن «بىسمىللاھ» دېسەڭ، ئۇ پاشىدەك كىچىكلەپ قالىدۇ»، دېدى.

سەمماك ئىبنى ھەرب ئەبۇ لىفافە ئەدەۋىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «قىز جارىيە ئالدىم ۋە مەدىنىگە كىردىم، ئارقىدىن ئۇنى ساتماقچى بولدۇم. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىمدىن ئۆتتى ۋە: ‹ئى ئەرابىي، بۇ قىزنى ساتامسەن؟› دەپ سورىدى. ‹ساتىمەن، ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى›، دېدىم. ‹قانچىگە ساتىسەن؟›، دېدى. ‹بىر يۈز ئەللىككە›، دېدىم. ‹يۈزگە ساتامسەن›، دېگەن ئىدى. ‹ياق، ئاللاھ سىزگە ئامانلىق بەرسۇن›، دېدىم. ئۇ زات: ‹ياق، ئاللاھ سىزگە ئامانلىق بەرسۇن›، دېمە، بەلكى ‹ساتمايمەن، ئاللاھ سىزگە ئامانلىق بەرسۇن، دېگىن›، دېدى.» ئەبۇ بەكرى سىددىق بۇ يەردە كالامنىڭ قائىدىسىنى ئۆگەتمەكچى ئىدى، يەنى، «ياق، ئاللاھ سىزگە ئامانلىق بەرسۇن»، دېيىشتە ئامانلىقنى ئىنكار قىلىشقا ئوخشاش مەنە چىقىپ قالىدۇ.

ئەقىل قەلبكە زىت كېلىدىغان ۋە ھېچ ئاڭلىمىغان ھەدىسنى ئاڭلىسا، ئۇنى يالغان دېيىشمۇ، راست دېيىشمۇ دۇرۇست ئەمەس. چۈنكى ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئېھتىمال، بۇ ھەدىس راستتۇر. شۇڭا «بۇ ھەدىسنى بىلمەيمەن»، دېسۇن. يەھيا ئەبۇ كەسىردىن، ئۇ ئەبۇ سەلەمەدىن، ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەھلى كىتاب تەۋراتنى ئىبرانىي تىلىدا ئوقۇيتتى ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلارغا ئەرەب تىلىدا تەپسىر قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئەھلى كىتابنى تەستىقلىماڭلار، ئىنكارمۇ قىلماڭلار. بەلكى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈردۇق ۋە بىزگە ۋە بىزدىن بۇرۇنقىلارغا نازىل بولغان نەرسىگە ئىمان كەلتۈردۇق، دەڭلار›، دەيتتى.»

ئالدىنقى ئۈممەتلەردىن بىر كىشىدىن، نا تونۇش ئىسىمنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرەمسەن؟، دەپ سوراشتى. ئەگەر ئۇ،

ھــە، دېســە، ئېھتىمــال، نەبــي بولمــاس، ئەگــەر يــاق، دېســە، ئېھتىمــال، ئــۇ پەيغەمبــەر بولــۇپ چىقــار. ئــۇ كىشــى: «ئەگــەر ئــۇ پەيغەمبــەر بولســا، دەرھەقىقــەت، مــەن ئۇنىڭغــا ئىمــان كەلتــۈردۈم»، دېــدى.

ئەبــۇ نەســر مۇھەممــەد ســالامدىن كالامدىكــى مەســىلە ھەققىــدە سورالســا، جــاۋاب بېرىشــتىن بــاش تارتاتتــى. ئۇنىڭغــا: «ئەگــەر بىزگــە شــۇنىڭغا ئوخشــاش مەســىلىلەر ئېغىــر كەلســە، نېمــە دەيمىــز»، دېيىشــتى. ئــۇ: «ئاللاھقــا، ئالــلاھ ئىــرادە قىلغــان ھەممــە نەرســىگە، رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالام ئېيتقــان ۋە ئىرادە قىلغــان بارچــە نەرســىگە ئىمــان كەلتــۈردۇق»، دەڭلار، دېــدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يەتمىشنچى باب: رەسىم سىزىشتىن چەكلەش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: رۇھى (جېنى) بولغان مەخلۇقلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىش مەكرۇھ، دەرەخ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جانسىز نەرسىلەرنى سىزىشنىڭ زىيىنى يوق.

نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇشبۇ سۈرەتلەرنىڭ ساھىبلىرى قىيامەت كۈنى ئازابلىنىدۇ. ئۇلارغا، ياراتقان نەرسىلىرىڭلارنى تىرىلدۈرۈڭلار ، دېيىلىدۇ.» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: ئاللاھ تەئالا:

‹مېنىڭ مەخلۇقۇمغا ئوخشاش مەخلۇقنى ياراتماقچى بولغان كىشىدىنمۇ زالىمراق كىشى بارمۇ؟› (نىسا، 24 ـ ئايەت) دېگەن.»

مۇجاھىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر ئىت ياكى سۈرەت بولغان ئۆيگە كىرمەيدۇ. سۈرەتنىڭ بېشى كېسىلگەن ياكى يەرگە چۈشۈرۈلگەن بولسىلا كىرىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن پەردە ئېسىلغان ئىدى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «بىز ئىت ياكى

سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز. سۈرەتنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىساڭلار ياكى يەرگە چۈشۈرۈپ قويساڭلار، كىرىمىز»، دېگەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: شۇ ھۆكۈمنى ئالىمىز، دېمەك، رەسىم بولغان كىيىمنى قاتلاپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق.

ئاتا ۋە ئىكرىمە: «رەسىملەرنى تىك قىلىپ (ئېسىپ) قويۇش مەكرۇھتۇر. ئاياغ ئاستىدا بولغانلىرىنىڭ زىيىنى يوق»، دېيىشكەن.

## يەتمىش بىرىنچى باب: زىناكار ئايالغا ئۆيلىنىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر زىناخور ئايالنىڭ نىكاھى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر جائىز ئەمەس، دېگەن. ئۆلىمالار جامائىتى، جائىز دەپ قارايدۇ. بىز شۇ ھۆكۈمنى ئالىمىز. بىرىنچى تائىپەنىڭ ھۆججىتى ئۇشبۇ ئايەت كەرىمەدۇر:

«مانا شۇلاردىن باشقا ئاياللارغا زىنا قىلمىغان ھالدا ماللىرىڭلارنى مەھر قىلىپ بېرىش بىلەن ئۆيلىنىشكە ھەرىكەت قىلىش سىلەر ئۈچۈن ھالال قىلىندى.» (نىسا، 24 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى). دېمەك، ئاللاھ تەئالا زىنا قىلمىغانلارنىڭ نىكاھىنى مۇباھ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن زىناخور ئايالنىڭ نىكاھى باتىل بولىدۇ. چۈنكى ئايەتتە:

«زىناكار ئەر پەقەت زىناكار ئايالغا ياكى مۇشرىكە ئايالغا ئۆيلىنىدۇ. زىناكار ئايال پەقەت زىناكار ئەر ياكى مۇشرىككىلا ئۆيلىنىدۇ ۋە بۇ (زىنا) مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىنغاندۇر.» (نۇر، 3 - ئايەت) دېيىلگەن.

بىر ساھابىدىن بىر خوتۇن بىلەن زىنا قىلىپ، كېيىن ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن كىشىنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سوراشقاندا، «ئۇ ئۆيلىنىش زىنادىنمۇ يامانراق»، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ بۇ ھالەتنى مەكرۇھ كۆرگەن.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابخانىسى

ئەمما جائىز دېگەن كىشىلەرنىڭ ھۆججىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىدىكى سوئالغا «بىرىنچىسى زىنا، ئىككىنچىسى نىكاھ»، دەپ بەرگەن جاۋابىدۇر. نىكاھ مۇباھ بىر ئىش بولۇپ، ئۇنى زىنا چەكلىيەلمەيدۇ. بۇ خۇددى باشقىلارنىڭ خورمىسىدىن ئەتىگەندە ئوغرىلاپ يېگەن، كەچقۇرۇن سېتىۋالغان كىشىنىڭ ئەمەلىگە ئوخشايدۇ.

مەزكۇر ئايەت كەرىمىنى، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە زەھھاك: «زىناخور ئۆزىگە ئوخشاش زىناخور بىلەنلا زىنا قىلىدۇ»، دەپ تەۋىل قىلىشقان. خۇددى شۇ مەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببىاستىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ئايەت ناسىخ (بىكار) قىلىنغان دېگەن گەپمۇ بار. چۈنكى بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا: «خوتۇنۇم زىنادىن يانمايدۇ»، دېگەندە: «ئۇنى تالاق قىل»، دېگەن. «لېكىن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن»، دېگەندە: «ئۇنداقتا ئۇنى چىڭ تۇت»، دېگەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

# يەتمىش ئىككىنچى باب: كەمبەغەلنىڭ باي كىشىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا

فەقىھ ئېيتىدۇ: كەمبەغەلنىڭ بايدىن ئەۋزەللىكىدە ئادەملەر ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر كەمبەغەل ئەۋزەل، دېسە، يەنە بەزىلەر باي ئەۋزەل، دەيدۇ. ئىختىلاپنىڭ نەتىجىسى سالىھ كەمبەغەل ئەۋزەلمۇ ياكى سالىھ باي؟ دېگەن سوئالدا كۆرۈنىدۇ. بەزىلەر سالىھ باي ئەۋزەل، دېسە، يەنە بەزىلەر سالىھ كەمبەغەلنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. بىز شۇ ئىككىنچى گەپنى ئالىمىز. سالىھ باي ئەۋزەل، دېگەن كىشىلەر:

«ئاللاھ سىزنى كەمبەغەل بىلىپ، باي قىلىپ قويمىدىمۇ!» (زۇھا، 8 - ئايەت) دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە بايلىقنى مىننەت قىلدى. ئەگەر بايلىق ئەۋزەل بولمىغاندا، بۇنى مىننەت قىلماس ئىدى. يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «تەقۋا بىلەن بىرگە بولغان بايلىق نېمىدېگەن ياخشى»، دېگەن. ئەمر ئىبنى ئاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «سالىھ كىشىدىكى سالىھ (ھالال) مال نېمىدېگەن ياخشى»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ھىشام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇلۇغلۇقۇڭلار ــــ تەقۋالىقىڭلار، شەرىپىڭلار ــــ بايلىقىڭلار،

نەسـەبلىرىڭلار ـــ خۇلقلىرىـڭلاردۇر.»

ئۆتكـەن پىشـۋالاردىن نەقـل قىلىنـدۇ: «مـال - دۇنيـا غۇربەتتـە (كىشـى يۇرتـدا) ۋەتەنـدۇر، كەمبەغەللىـك ۋەتەنـدە غۇربەتتـۇر. كىمكـى كەمبەغەللىككـە ئۆگىنىـپ قالغـان بولسـا، ئـۇ نـەدە بولسـمۇ، غېرىبتـۇر.»

مۇھەممـەد ئىبنـى كەئـب قۇرەزىـي: «ئەگـەر بـاي كىشـى تەقـۋادار بولسـا، ئالـلاھ تەئـالا ئۇنىڭغـا ئىككـى قېتـم سـاۋاب بېرىـدۇ»، دەپ ئۇشـبۇ ئايەتنـى ئوقۇغـان:

«مـال - دۇنيالىرىـڭلار ۋە باللىرىـڭلار سـىلەرنى بىزگـە يېقىـن قىلغۇچـى ئەمەسـتۇر. پەقـەت ئىمـان كەلتۈرگـەن ۋە ياخشـى ئەمـەل قىلغـان زاتـلار ــ ئەنە شـۇلار ئۇچۇنـلا قىلغـان ئەمەللىـرى سـەۋەبلىك نەچچـە بـاراۋەر سـاۋاپ بېرىلىـدۇ ۋە ئـۇلار (جەننەتتىكـى) يۇكسـەك مەنزىللـەردە تىنـچ - ئامـان بولىـدۇ.» سـەبە، 37 - ئايـەت.

سـەئىد ئىبنـى مۇسـەييەب ئېيتـدۇ: «يېقىنلىرىغـا يـاردەم بېرىـش، ئۆزىنىڭ ھەققىنـى ئـادا قىلىـش ۋە ئابرۇيىنـى سـاقلاش ئۈچـۈن ھـالال مـال توپلىمىغـان كىشـىدە ياخشـىلىق يـوق.»

ھىشـام ئىبنـى ئـۇرۋە ئاتىسـىدىن، ئـۇ ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھادىـن: «زۇبەيـر ئىبنـى ئەۋۋامنىـڭ مىراسـى قىرىـق مىـڭ - قىـرق مىـڭ دىرھـەم قىلىـپ تەقسـىملەندى»، دېگـەن سـۆزلەرنى رىۋايـەت قىلغـان.

ئابدۇررەھمـان ئىبنـى ئەۋفنىـڭ مىراسـىدىن ھـەر بىـر خوتۇنىغـا سەكسـەن ئـۈچ مىـڭ دىرھـەم تەگكـەن. سـۇفيان ئىبنـى ئۇيەينـە ئۆمـەر ئىبنـى دىنارنىـڭ شـۇنداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ: «تەلھە ئىبنـى ئۇبەيدۇللاھنىـڭ كۈنلۈك

پايدىسى ساق مىڭ دىنار ئىدى.»

ئەمما كەمبەغەللىك ئەۋزەل دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججەتلىرى ئۇشبۇ ئايەت كەرىمەدۇر:

«دەرھەقىقەت ئىنسان ئۆزىنى باي - بىھاجەت ھېسابلىغاندا، ئەلۋەتتە تۇغيانغا چۈشىدۇ - ھەددىدىن ئاشىدۇ.» (ئەلەق، 7-6 - ئايەتلەر). بۇ ئايەتتە ئاللاھ تەئالا باي كىشىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن خەۋەر بەرگەن.

يەنە بىر ئايەتتە: «شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئارىسىدىكى كاپىر كاتتىلىرى: ‹بىز سېنى خۇددى ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئادەم، دەپ بىلىمىز ۋە ساڭا پەقەت ئىچىمىزدىكى پەسكەش (يالاڭتۆش) كىشىلەر ئويلىماستىن ئەگەشكەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز. بىزنىڭچە، سىلەرنىڭ بىزدىن بىرەر ئارتۇقچىلىق يېرىڭلار يوق، بەلكى بىز سىلەرنى يالغانچى دەپ ئويلايمىز›، دېدى.» (ھۇد، 27 - ئايەت)، دەپ، پەقەت كەمبەغەللەرلا پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر كىمنىڭ ھۈنىرى بولىدۇ. مېنىڭ ھۈنىرىم ئىككى: كەمبەغەللىك ۋە جىھاد. كىمكى بۇ ئىككىسىنى سۆيسە، ھەقىقەتتە مېنى سۆيگەن بولىدۇ، كىمكى ئۇلارنى يامان كۆرسە، مېنى يامان كۆرگەن بولىدۇ.» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پەرۋەردىگار، كىم مېنى سۆيسە، ئۇنى يېتەرلىك نەرسە ۋە يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن رىزقلاندۇر، كىم مېنى يامان كۆرسە، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى

ۋە بالىسىنى كۆپ قىل»، دېگەن دۇئالىرىنى رىۋايەت قىلغان.

مۇجاھىد ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ. «بىر بەندىگە دۇنيا مېلىدىن نېمە نېسىپ بولسا، سېخىي بولسىمۇ، ئاللاھ نەزىرىدىكى دەرىجىسى تۆۋەنلەيدۇ.»

ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كەمبەغەللىك دۇنيادا ئاپەت، ئاخىرەتتە راھەتتۇر. بايلىق دۇنيادا راھەت، ئاخىرەتتە ئاپەتتۇر.»

ئەنەس ئىبنى مالىك پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرۋەردىگار، مېنى مىسكىن ھالدا تىرىلدۈر، مىسكىن ھالدا ئۆلتۈر ۋە مىسكىنلار قاتارىدا توپلىغىن.» «نېمىگە بۇنچىلىك قىلىسىز، ئى رەسۇلۇللاھ؟!»، دەپ سوراشتى. «چۈنكى ئۇلار جەننەتكە بايلاردىن قىرىق يىل بۇرۇن كىرىدۇ. باي ئۆلۈۋاتقان چاغدا كەمبەغەل بولسا ئىدىم، دەپ ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما كەمبەغەل باي بولسا ئىدىم، دەپ ئارزۇ قىلمايدۇ»، دېگەن.

پېقىرلىقنىڭ ئاخىرەتتە ھېساب بېرىشى ئاسان بولۇشىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك دەلىلدۇر. قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلىرىگە ئەڭ كاتتا مىننىتى: «سېنىڭ زىكرىڭنى (نامىڭنى) چىرايلىق قىلىپ قويمىدىممۇ؟!» دېيىش بولىدىكەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: كەمبەغەللىك بايلىقتىن ئەۋزەل، لېكىن بايلىقتا ھېچ قانداق ئەيىب يوق. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى باي بولسىمۇ، بايلىقنى تەرك قىلىشقا بۇيرىمىدى. بايلىق ئەيىب بولسا ئىدى، ئۇلارنى

مال يىغىشتىن ئەلۋەتتە، چەكلەيتتى. دېمەك، بايلىقتا ئەيىب يوقلۇقى ئېنىق. ئەيىب بايلىقنى ئاللاھ تەئالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپ ئىشلارغا ئىشلىتىشتىدۇر. يۇقىرىدىكى (بايلىق ياكى پېقىرلىق ئەۋزەل دېگەن) ئىختىلاپلار ئاۋۋالقى زامانلاردا بولغان. چۈنكى ئۇلار ئاساسەن ھالالدىن كەسىپ قىلىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر بايلىق ئەۋزەل دېيىشكەن. ئەمما مال - دۇنيانىڭ كۆپ قىسمىغا ھارام - شۈبھە ئارىلاشقان بۈگۈنكى كۈندە ئىختىلاپنىڭ مەنىسى يوقالغان. كەمبەغەللىكنىڭ ئەۋزەللىكىگە ھەممە ئىتتىپاقتۇر.

www.uyghurkitap.com

## يەتمىش ئۈچىنچى باب: قەرز سوراش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: زۆرۈرىيتى بولغان كىشىنىڭ قايتۇرۇش نىيىتى بىلەن قەرز سوراشتا زەرەر يوق. قايتۇرۇپ بېرىش نىيىتى بولمىغان قەرز ئالغۇچى پارىخوردۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قەرز ئالاتتى. «سىز قەرزنى قانداق قىلىسىز؟» دېگەندە: «رەسۇلۇللاھنىڭ ‹كىمنىڭ بويىندا قايتۇرۇش نىيىتى بىلەن ئالغان قەرزى بولسا، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن ياردەم بولىدۇ›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. مەنمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن يۈرۈشنى خالايمەن»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رىزىق تەلەپ قىلىڭلار، ئەگەر قىيىنچىلىقتا قالساڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى نامىدىن قەرز سوراڭلار»، دېگەن.

مۇھەممەد ئىبنى ئەلى قەرز ئالاتتى. ئۇنىڭغا: «شۇنچە مال - دۇنيايىڭىز بار، قەرز ئېلىپ نېمە قىلىسىز؟» دېسە. «چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ قەرزدار كىشى بىلەن تا قەرزنى ئۆزگىچە بىرگە بولىدۇ›، دېگەن. مەنمۇ ئاللاھ مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى خالايمەن»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەمما قەرز ئېلىپ، بەرمەسلىك نىيىتىدە بولغان كىشى پارىخوردۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «بىر كىشى مىھىر بەرمەسلىك نىيىتىدە بىر خوتۇنغا ئۆيلەنسە، قىيامەت كۈنى زىناخور نامىدىن كېلىدۇ، پۇلنى بەرمەسلىك نىيىتىدە بىر نەرسە سېتىۋالغان كىشى قىيامەت كۈنى ئوغرى نامىدا كېلىدۇ.»

ئەبۇ قەتادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنامدۇ؟» دەپ سوراشتى. «ھەئە، ئەگەر ئىمانلىق، سەبىرلىك ھالىتىدە چېكىنمەستىن ھۇجۇم قىلىپ ئۆلسە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئەمما قەرزلىرى قالىدۇ كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئازاب بولىدۇ»، دېگەن.

لوقمان ھەكىم ئېيتىدۇ: «تۆمۈرنى، تاشنى كۆتۈرۈپ باقتىم، بىراق قەرزدىنمۇ ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرمىدىم.»

# يەتمىش تۆتىنچى باب: ئەزلى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: خوتۇنىنىڭ رۇخسىتى بولسا، ئەزلى قىلىشنىڭ زىيىنى يوق. ئەزلى ــــ كىشى خوتۇنى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىۋاتقاندا ھامىلىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەنىي تۆكۈلۈشتىن بۇرۇن خوتۇنىدىن ئايرىلىش، دېمەكتۇر. يەھۇدىيلار ئەزلىنى يامان كۆرۈپ، بۇ ئىش كىچىك قاتىللىق، دەيتتى. كېيىن ئۇشبۇ ئايەت نازىل بولدى:

«خوتۇنلىرىڭلار زىرائەتگاھىڭلاردۇر. زىرائەتگاھىڭلارغا خاھلىغان ھالىتىڭلاردا يېقىنلىشىۋېرىڭلار.» (بەقەرە، 223 ـ ئايەت). ئىبنى ئابباستىن ئەزلى ھەققىدە سوراشقاندا:

«ئەگەر بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىرەر نەرسە دېگەن بولسا، شۇنىڭغا ئەمەل قىلىنىدۇ، ئەگەر ھېچ نەرسە دېمىگەن بولسا، ئىش ئاللاھ تەئالا ئېيتقىنىدەك، ‹خوتۇنلىرىڭلار زىرائەتگاھىڭلاردۇر. زىرائەتگاھىڭلارغا خاھلىغان ھالىتىڭلاردا يېقىنلىشىۋېرىڭلار.› (بەقەرە، 223 ـ ئايەت)، دەيمەن. خاھلىغان كىشى ئەزلى قىلسۇن، خاھلىمىغان كىشى قىلمىسۇن»، دەپ جاۋاب قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بۇ سوئالغا تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەرگەن: «خاھلىساڭ ئەزلى قىل، خاھلىساڭ قوشۇل.»

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئەزلى ھەققىدە سوراشقاندا، شۇنىڭغا ئوخشاش جاۋاب بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئۆمەردىن يۇقىرىدىكى ئايەت ھەققىدە سوراشقاندا: «خاھلىغىنىڭلارنى قىلىڭلار»، دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئەتا جابىردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە، قۇرئان نازىل بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا ئەزلى قىلاتتۇق، لېكىن ئەزلىدىن مەنئى قىلغۇچى ئايەت نازىل بولمىدى.»

## يەتمىش بەشىنچى باب: ئۆلۈك يىقىنلىرىنىڭ يىغىسى تۈپەيلى ئازابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر ئۆلۈك، يىقىنلىرىنىڭ يىغىسى تۈپەيلى ئازابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىدۇ. بەزىلەر، ئازابلىنىدۇ دەپ، تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنىسىنى دەلىل قىلىدۇ. ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېيىت يىقىنلىرىنىڭ يىغىسى تۈپەيلى ئازابلىنىدۇ»، دېگەن. ئەھلى ئىلىمنىڭ كۆپچىلىكى، مېيىت يىقىنلىرىنىڭ يىغلىشىدىن ئازابلانمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«(قىيامەت كۈنىدە) ھېچ بىر (گۇناھكار جان) ئۆزگە جاننىڭ يۈكىنى (گۇناھىنى) كۆتۈرمەيدۇ.» (فاتىر، 18 - ئايەت)، دەپ مەرھەمەت قىلغان، دېيىشىدۇ.

قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئېيتىدۇكى: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يۇقىرىدىكى ھەدىس ھەققىدە سوراشقاندا: ‹سىلەر ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباستىن ھەدىس رىۋايەت قىلىۋاتىسىلەر. ئۇلار يالغانچى، كەززاپ ئەمەس. لېكىن خاتا ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن›، دەپ جاۋاب بەرگەن.»

www.uyghurkitap.com

ھەدىس تۆۋەندىكى تەۋىلگە ئىگە: شۇ چاغدا بىر ئىنسان ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ۋارقىراپ يىغلاشنى ئەھلىگە ۋەسىيەت قىلىپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېيىت يېقىنلىرىنىڭ يىغىسى تۈپەيلى ئازابلىنىدۇ»، دېگەن، چۈنكى مېيىت گۇناھ ئىشنى ۋەسىيەت قىلغان. يەنە بىر تەۋىلى: بىر يەھۇدىينىڭ قەبرىسى ئۈستىدە قېرىنداشلىرى يىغلىشىپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتۈپ قېلىپ: «ئۇلار مېيىتقا يىغلىشىۋاتىدۇ، ئۇ بولسا قەبرىدە ئازابلانماقتا»، دېگەن. راۋىي يىغىسى سەۋەبلىك ئازابلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان. بۇ ھەدىس ئۇرۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە ئوخشايدۇ. ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسىنى ئېيتقاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئەبۇ ئابدۇررەھمان ئۇنتۇپ قالغان، ئەسلىدە، ‹مېيىتنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىشىدۇ، مېيىت بولسا، گۇناھلىرى تۈپەيلى ئازابلىنىدۇ›»، دېگەن.

# يەتمىش ئالتىنچى باب: مېيىت ئۈچۈن يىغلاش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ۋارقىراپ يىغلاش ھارام، ئاۋازسىز يىغلاشنىڭ زىيىنى يوق، سەبر قىلىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«ھېچ شەك - شۈبھە يوقكى، سەبر - تاقەت قىلغۇچىلارغا ئەجر - مۇكاپاتلار ھېساب - كىتابسىز تولۇق قىلىپ بېرىلىدۇ.» (زۇمەر، 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دەپ مەرھەمەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋارقىراپ يىغلىغۇچى ئايال ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاڭلاپ تۇرغۇچىلارغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارچە ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن»، دېگەن.

ھەسەن ئىبنى ھەسەن ئۆلگەندە خوتۇنى فاتىمە بىنتى ھۇسەين بىر يىل ئۇنىڭ قەبرى ئۈستىدە ئېتىكاف قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىر يىل ئۆتۈپ، چېدىرنى كۆتۈرۈشكەندە، بىر تەرەپتىن: «يوقاتقان نەرسىگىزنى تاپتىڭىزمۇ؟» دېگەن. يەنە بىر تەرەپتىن: «بەلكى نائۈمىد بولۇپ كەتتى»، دېگەن خىتابنى ئاڭلىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا، ئىككى كۆزىدىن ياش ئاققان. ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف: «ئى رەسۇلۇللاھ، سىز بىزنى يىغلاشتىن مەنئى قىلمىغانمۇ؟» دېگەن. ئۇ زات: «مەن سىلەرنى ئىككى ئەخمىقانە بۇزۇق ئاۋازدىن چەكلىگەن ئىدىم، نەغمىنىڭ ئاۋازىدىن،

چۈنكى ئۇ ئويۇن، بىكارچىلىق ۋە شەيتاننىڭ چالغۇسى، يەنە بىرى، يۈزىنى كاچاتلاپ، ياقا يىرتىپ يىغلاش، ئۇ شەيتاننىڭ نالىشىدۇر. لېكىن بۇ يىغا ئاللاھ تەئالا رەھىمدىللەرنىڭ قەلبىگە سالغان رەھمەتتۇر.» دېگەن. ئارقىدىن يەنە: «قەلب قايغۇرىدۇ، كۆز يىغلايدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان سۆزنى قىلمايمىز.» دېگەن.

ۋەھب ئىبنى كەيسان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈك ئۈستىدە يىغلاۋاتقان بىر ئايالنى كۆرۈپ چەكلىگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئى ئەبۇ ھەفس (ئۆمەر)، قوي ئۇنى، كۆز يىغلىغۇچى، جان مۇسىبەتلەنگۈچى ۋە زامان يېڭىلىنىپ تۇرغۇچىدۇر›، دېگەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى ئابدۇلئەشھەل (قەۋمىنىڭ) يېقىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلار ئۇھۇد غازىتىدا ئۆلگەن جەڭچىلەرگە يىغلىشىۋاتقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ھەممە شەھىدنىڭ يىغلىغۇچىسى بار، لېكىن ھەمزە ئۈچۈن بىرەر يىغلىغۇچى يوق»، دېگەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ھەمزىنى ئەسلەپ يىغلىغىلى تۇرغان. رەسۇلۇللاھنىڭمۇ ھۇجرىسىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

# يەتمىش يەتتىنچى باب: پەزىلەت ۋە شەرەپ ئەھلىنى ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: پەزىلەت ئەھلىنى ھەددىدىن ئاشۇرماستىن ھۆرمەت قىلىش مۇستەھەبتۇر. بىرەر كىشىنى بايلىقىدىن ئۈمىد قىلىپ، باي بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بايغا بايلىقى ئۈچۈن تەۋازۇ قىلسا، دىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى كېتىدۇ. لېكىن پەزىلەت ئەھلى پازىللىقى ۋە ئۇلۇغلۇقى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلىنىدۇ»، دېگەن.

ھىشام ئىبنى ھەسەن ھەسەن بەسرىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئولتۇرغان ئىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ كىشىگە ئولتۇرۇشقا بوش ئورۇن يوقلۇقىنى كۆرگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىنى بوشىتىپ: «ئى ئەبۇ ھەسەن، بۇ ياققا ئولتۇرۇڭ»، دېدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ قىلغان ئىشىدىن خۇرسەن بولغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «پەزىلەت ئەھلى پەزىلەت ئەھلى بىلەن ئۇلۇغدۇر. پەزىلەت ئەھلىنىڭ پەزىلىتىنى پەقەت پەزىلەت ئەھلى بىلىدۇ»، دېگەن.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە: «كىمكى بۇرادەرلىكنى خارلىسا، ئادىمگەرچىلىكى

كېتىدۇ، كىمكى سۇلتاننى خارلىسا، دۇنياسىدىن بىنەسىپ بولىدۇ، كىمكى سالىھلارنى خارلىسا، ئاخىرىتىدىن بىنەسىپ قالىدۇ»، دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئابرويلۇق كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى، ئەگەر ئاللاھنىڭ شەرئىتى چېگراسىدا بولسا، كەچۈرۈڭلار»، دېگەن.

بىر پىقىر كىشى ئائىشە ئانىمىز رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بىر بۇردا نان بېرىشنى بۇيرىدى. كېيىن بىر ئابرويلۇق ئادەم ئۆتكەندە، ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. سەۋەبىنى سوراشقاندا: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىزگە ئادەملەرنىڭ ئابروينى جايىغا قويىشىمىزنى بۇيرىغان»، دېدى.

تارىق ئىبنى ئابدۇررەھمان ھېكايە قىلىدۇ: «شەئبىي بىلەن ئولتۇرغان ئىدىم، بىلال ئىبنى جارىي كېلىپ قالدى. شەئبىي ئۇنىڭغا كۆرپە سالدى - دە: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر ئالدىڭلارغا بىر قەۋمنىڭ باشلىقى كەلسە، ئۇنى ھۆرمەت قىلىڭلار›، دېگەن›، دېدى.»

ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتتە ھەددىدىن ئېشىش ياخشى ئىش ئەمەس. چۈنكى ھەر قانداق ئىشنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىدا ئاپەت خەۋپى بار. ھەزرىتى ئەلى ئۇشبۇ ھەدىسنى ئېيتىدۇ: «دوستۇڭنى نورمال ياخشى كۆرگىنكى، بىر كۈن كېلىپ دۈشمەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دۈشمىنىڭگىمۇ نورمال دۈشمەنلىك قىلغىنكى، ئېھتىمال بىر كۈن كېلىپ، ساڭا دوست بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.»

نەسرانىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى

كۆرگەنلىكتىن ئۇ زاتنى خۇدا دەپ سىغىنىشتى، يەھۇدىيلارمۇ ئۇزەيرنى ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى خۇدالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتى. رافىزىلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ، ئۇ كىشىدىن ئۆزگىلەرنى دۈشمەن كۆرۈشتى.

دېمەك، ئەقىللىق كىشى پەزىلەت ئەھلىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەققىگە ئۆز لايىقىدا رىئايە قىلىشى لازىم. چۈنكى ھەددىدىن ئېشىشتا ياخشىلىق يوق، بەلكى زىيانلىقتۇر.

## يەتمىش سەككىزىنچى باب: رەشك ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: مۆئمىن كىشى رەشكچى بولۇشى كېرەك. بىرەر ئەر ياكى ئايالنىڭ پاھىش ئىشلىرىنى بىلسە، ھېچ رازى بولمىسۇن. ئەگەر قادىر بولسا، قولى بىلەن توسسۇن، بولمىسا تىلى بىلەن توسسۇن. ھېچ بولمىسا، قەلبى بىلەن يامان كۆرسۇن.

زەيد ئىبنى ئەسلەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «رەشك ئىماندىندۇر، ئائىلىسىدىكى پاھىش ئىشلارغا رازى بولۇش، مۇناپىقلىق ئالامىتىدۇر»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «كىشىنىڭ مالامەتكە لايىق ئەڭ يامان سۈپىتى رەشكچى بولمىغانلىقىدۇر. بىرىڭلارنىڭ ئانىسى ياكى ئايالى بازار ۋە مەجلىسلەردە ئادەملەر توپلانغان جايغا چىقىشتىن ئۇيالمامدۇ؟»

مۇغىرە ئىبنى شۇبە رىۋايەت قىلىدۇ: سەئد ئىبنى ئۇبادىنىڭ: «ئەگەر بىرەر كىشىنى خوتۇنۇم بىلەن بىرگە كۆرسەم، قىلىچ بىلەن كاللىسىنى كېسىپ تاشلايتتىم»، دېگەن گېپى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە: «سەئدنىڭ رەشكىدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟ ئاللاھقا قەسەمكى، مەن ئۇنىڭدىنمۇ رەشكچىمەن، ئاللاھ تەئالا، مەندىنمۇ رەشكچىدۇر. شۇنىڭ

ئۇچۇن ئۇ پاھىش ئىشلارنى ھارام قىلغان. ئاللاھ تەئالادىنمۇ ئۆزرىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر زات يوق، شۇ سەۋەبتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، خۇشخەۋەر بەرگۈچىلەرنى (پەيغەمبەرلەرنى) ئەۋەتتى. ئاللاھ تەئالادىنمۇ ماختاشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر كىشى يوق، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ جەننەتنى ۋەدە قىلدى»، دېگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ماڭا ئاياللىرىڭلارنىڭ بەزىبىر ھاجەتلىرى ئۇچۇن بازارغا چىقىۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرى كەلدى. رەشىكچى بولمىغان كىشىنى ئاللاھ يامان كۆرىدۇ.»

فەقىھ رەھمەھۇللاھ دەيدۇ: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا دەييۇزلەردىن يامان كىشى يوق. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تەئالا دەييۇز ۋە دەييۇزنى لەنەت قىلسۇن»، دېگەن. دەييۇز ــــ خوتۇنىنىڭ پاھىشە ئىشلىرىغا كۆز يۇمغۇچى ئەردۇر. شۇنىڭدەك، ئېرىنىڭ پاھىشە ئىشلىرىغا رازى بولغۇچى خوتۇن ــــ دەييۇزەدۇر.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەتمىش توققۇزىنچى باب: سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئۇرۋە ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «جەننەت سېخىيلەرنىڭ ئۆيىدۇر. پاسىق بولغان سېخىي يىگىت ئاللاھقا ئابىد بولغان بېخىلدىن سۆيۈملۈكرەكتۇر.»

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھ كەچۈرۈمچانلىق بەرگەن، لېكىن ئۆزىگە ۋە ئەھلى ئاياللىرىغا كەچۈرۈمچانلىق قىلمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ھەسەن ئېيتىدۇ: «بەندە ئاللاھتىن گۈزەل ئەدەبنى ئالىدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلغان بولسا، كەڭچىلىك قىلىدۇ، ئەگەر (بايلىقتىن) قىسىپ قويغان بولسا، (بەندىمۇ) مۇمسىكلىق قىلىدۇ.»

يۇسۇف ئىبنى خالىد سامىني رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھقا ھەججاج تەرىپىدىن مىڭ جۈپكە يېقىن چۇرۇق ھەدىيە قىلىندى. ئۇ كىشى بۇرادەرلىرىگە بۆلۈپ بەردى. شۇنىڭدىن بىر - ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئوغلىغا بازاردىن چۇرۇق سېتىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ كىشىدىن: 'سىزگە مىڭ جۈپكە يېقىن چۇرۇق ھەدىيە قىلىنمىغانمىدى؟'، دەپ سورىدىم. 'مېنىڭ يولۇم ھەدىيەلەرنى كەڭ تارقىتىشتۇر. مۇكاپاتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى كۆپرەك بولىدۇ. ھەدىيەنى بۇرادەرلىرىمگە تارقاتتىم. چۈنكى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر كىشىگە بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلىنسا، ئۇنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرغانلارمۇ (شۇ سوۋغاتقا) شېرىكتۇر›، دېگەن. بۇرادەرلىرىم، مەجلىسداشلىرىمدۇر، ئۇلارسىز يالغۇز ئۆزەم ئالمايمەن، بەلكى ئۆز ئۇلۇشۇمنىمۇ ئۇلارغا بېرىمەن. ھەدىيەنى ئېلىشنى جائىز دەپ بىلىمەن. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەدىيە ئالاتتى ۋە چاقىرىلغان يەرگە باراتتى. مۇكاپاتنى سوۋغاتنىمۇ ياخشى دەپ بىلىمەن. چۈنكى بۇ ھەقتە ئايەتلەر بار:

‹قاچان سىلەرگە بىر ئىبارە بىلەن سالام بېرىلسە، سىلەر ئۇنىڭدىن چىرايلىقراق قىلىپ ئىلىك ئېلىڭلار ياكى (ھېچ بولمىسا) شۇ ئىبارىنى قايتۇرۇڭلار.› نىسا، 86 – ئايەت.

‹ئۆز ئارا بىر - بىرلىرىڭلارغا ئېھسان - ئىكرام قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار!› (بەقەرە، 237 - ئايەت)، دېدى ئەبۇ ھەنىفە.»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بىر ئايالنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلمىغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سوۋغىتىنى ئالغان بولساڭ»، دېدى. مەن: «چۈنكى ئۇ ئايال شۇ سوۋغاتقا مەندىنمۇ موھتاجلىقىنى بىلىمەن»، دېدىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سوۋغىتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ياخشىراقنى سوۋغات قىلساڭ بولاتتى»، دېدى.

زەيد ئىبنى ئەسلەم ئەتا ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈمەرگە ھەدىيە ئەۋەتكەندە، ئۇ كىشى ئالمىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹نېمىشقا ئالمىدىڭ؟› دېدى. ‹ئى رەسۇلۇللاھ، بىزدىن بىرىمىز بىرەر كىشىدىن بىر نەرسە ئالساق، ياخشى بولماسلىقىنى ئېيتقان ئىدىڭىزغۇ!›،

دېدى ئۆمەر. رەسۇلۇللاھ: ‹سوراپ ئېلىنىدىغان نەرسىدىن چەكلىگەن ئىدىم، ئەمما سورالمىغان نەرسە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن رىزقىدۇر› دېگەن.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «مەن ھېچ كىمدىن بىرەر نەرسە سورىمايمەن. سورىمىساممۇ نېمە بېرىلسە، ئالىمەن.»

www.uyghurkitap.com

# سەكسىنىنچى باب: شاپائەت ( ياردەم ) ھەققىدە

بىلگىنكى، پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللى ھاجەتمەن كىشىگە ياردەم قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن زۇلۇمنى دەپئى قىلىشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىنسانلارغا پايدىسى تېگىدىغان كىشىدۇر»، دېگەن.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئۆمەر ئىبنى دىناردىن رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۆمەكلەشسەڭلار مۇكاپات ئالىسىلەر. بىرىڭلار مەندىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇنىڭغا مەنئى قىلمەن، تاكى شاپائەت قىلىشىشىڭلار ـــ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆمەكلىشىشىڭلار ۋە ئەجىر ئېلىشىڭلار ئۈچۈن.» دېگەن

ھەسەن بەسرىي: «شاپائەتنىڭ پايدىسى داۋام قىلسا، ئىگىسىگىمۇ ئەجرى بولۇپ تۇرىدۇ»، دەيدۇ.

مۇجاھىد «كىم (كىشىلەر ئارىسىدا) چىرايلىق ـ ھەق تەرەپتە تۇرۇش بىلەن تەرەپ تۇتسا، ئۇزگىمۇ ئۇنىڭ ساۋابىدىن بىر ئۈلۈش تېگىدۇ. كىم ناھەق تەرەپتە تۇرۇش بىلەن تەرەپ تۇتسا، ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھىدىن بىر ئۈلۈش تېگىدۇ. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىر بولغان زاتتۇر.» (نىسا، 85 ـ ئايەت)، دېگەن ئايەت كەرىمەنىڭ تەپسىرىدە: «ھەققەت تەرەپتە تۇرۇش كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە قىلغان كۆمەكلىرىدۇر.» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشى غازاتقا چىقىش ئۈچۈن تۆگە بېرىشنى سورىدى. تۆگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئەنسارىينىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئەنسارىي ئۇ كىشىگە تۆگە بەردى. تۆگىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ياخشىلىققا ئۈندىگۈچى كىشى شۇ ئىشنى ئۆزى قىلغۇچىغا ئوخشاش بولىدۇ»، دېدى.

ئېيتىلىدۇكى، ھەر بىر نەرسىنىڭ سەدىقىسى بولىدۇ. رەھبەرلىكنىڭ سەدىقىسى شاپائەت ۋە ئاجىزلارغا ياردەمدۇر. بەزى ئەدىبلەر: «كىمكى ئەمىرلەرنىڭ ئالدىغا تولا كىرىپ - چىقىدىغان بولسا، ئەمما ئادەملەرگە ياردەم بەرمىسە، ئۇ خۇدبىندۇر»، دېيىشكەن. جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد ئېيتىدۇ: «ئاللاھ تەئالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلىپ: «بەندىلىرىمدىن قايسى بىرى بىر ياخشى ئەمەلنى قىلغان بولسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن»، دېدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام: «ئى رەببىم، ئۇ قايسى ئەمەل؟» دەپ سورىدى. ئاللاھ تەئالا: «بىر مۇئمىننىڭ بىر غېمىنى يېرىم خورما بېرىپ بولسىمۇ ئازايتىش.» دېگەن.

## سەكسەن بىرىنچى باب: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: مۆئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشى ھەققىدە كىشىلەر ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىلىرى قاتىل دوزاختا ئەبەدىي قالىدۇ، دېيىشتى. ئەھلى ئىلىملەر: «ئاللاھ تەئالانىڭ خاھىشىدا بولىدۇ، خاھلىسا كەچۈرىدۇ، خاھلىسا ئازابلايدۇ»، دېيىشتى. دوزاختا ئەبەدىي قالىدۇ، دېگەن كىشىلەر سالىم ئىبنى ئەبۇلجادنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغان: ئىبنى ئابباسنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدىم. بىر كىشى كېلىپ: «مۆئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشى ھەققىدە نېمە دەيسىز؟» دېدى. ئىبنى ئابباس: «ئۇنىڭ جازاسى ئەبەدىي دوزاختۇر»، دېدى. ھېلىقى كىشى يەنە سورىدى: «تەۋبە قىلسا، ئىمان كەلتۈرسە، سالىھ ئەمەللەر قىلىپ ھىدايەت تاپسىچۇ؟» ئىبنى ئابباس: «ئۇنىڭغا ھىدايەت نەدىن بولسۇن، جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتقا قەسەمكى، بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولدى، بىرەر ئايەت ئۇنى ناسىخ قىلغىنى يوق»، دېدى.

قاتىلغا تەۋبىنىڭ پايدىسى بار، دېگۈچىلەرنىڭ ئاساسى ئۇشبۇ ئايەتتۇر:

«ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۆزىگە (بىرەر نەرسىنىڭ) شېرىك قىلىنىشىنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئۆزى خاھلىغان بەندىلىرى ئۈچۈن كەچۈرىدۇ.» (نىسا، 48 - ئايەت). يەنە بىر ئايەتتە:

«ئۇلار ئاللاھ بىلەن بىرگە باشقا بىرەر ئىلاھقا ئىلتىجا قىلمايدۇ ۋە ئاللاھ (ھارام قىلغان) بىرەر جاننى ناھەق ئۆلتۈرمەيدۇ ھەمدە زىنا قىلمايدۇ. كىم مانا شۇ (گۇناھلاردىن بىرسىنى) قىلسا ئۇقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ.» (فۇرقان، 68 - ئايەت)، دېيىلگەن. يەنە:

«پەقەت كىم تەۋبە قىلسا ۋە ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئىش - ئەمەل قىلسا، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ يامانلىق - گۇناھلىرىنى ياخشىلىق – ساۋابلارغا ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەتلىك، مېھرىبان بولغان زاتتۇر.» (فۇرقان، 70 - ئايەت)، دېيىلىدۇ.

«كىم قەستەن بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولۇپ، شۇ جايدا ئەبەدىي قالىدۇ.» (نىسو، 93 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دېگەن ئايەتنىڭ جاۋابىدا ئىبنى ئاباس: «ئۇشبۇ ئايەت مۇقەييەس ئىبنى جۇبابە بىر كىشىنى قەستەن ئۆلتۈرۈپ، مۇرتەد بولۇپ، مەككىگە كېتىپ قالغان چاغدا نازىل بولغان»، دەيدۇ.

«جازاسى جەھەننەم، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى يەنە بىر جاۋاب شۇكى، ئەگەر جازا بېرىدىغان بولسا، جازاسى جەھەننەم، لېكىن بىز، ئىنشائاللاھ، جازا بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز.» بۇ ئەنەس ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە ئوخشايدۇ: «كىمگە ئاللاھ تەئالا بىر ئەمەل ئۈچۈن ساۋاب ۋەدە قىلغان بولسا، تېز بېرىدۇ، كىمنى بىر ئەمەل ئۈچۈن جازا بىلەن قورقۇتقان بولسا، بۇ ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىدۇر.»

كىشى ئۆزىنى ئۆزى قەستەن ئۆلتۈرسە، بەزىلەرنىڭ پىكرىچە، دوزاختا

www.uyghurkitap.com

ئەبەدىي قالىدۇ. بەزى كىشىلەر، ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ دېگەن. دوزاختا ئەبەدىي قالىدۇ، دېگەن كىشىلەرنىڭ ئاساسى سۇفيان سەۋرىي ئەماشتىن، ئۇ ئەبۇ سالىھتىن، ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئۆزىنى زەھەر بىلەن ئۆلتۈرسە، جەھەننەم ئوتىنىڭ ئىچىدە ئەبەدىي شۇ زەھەردىن يۇتۇپ تۇرىدۇ. كىم ئۆزىنى تۆمۈر تىغ بىلەن ئۆلتۈرسە، جەھەننەم ئوتىدا ئەبەدىي شۇ تۆمۈر تىغ بىلەن قورسىقىغا ئۇرۇپ تۇرىدۇ. كىم ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈرسە، دوزاخ ئوتىغا ئۆزىنى ئەبەدىي تاشلاپ تۇرىدۇ.» يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئۆزىنى بىر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، شۇ نەرسە بىلەن قىيامەت كۈنىدە ئازابلىنىدۇ،» دېگەن.

ئەمما، ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدا دېگۈچىلەر: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلارنى ئۆزى خاھلىغان بەندىلەر ئۈچۈن كەچۈرىدۇ.» دېگەن ئايەتكە ئاساسلانغان. ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى خەۋەرلەر قورقۇتۇش ئۈچۈن بولىدۇ. «مۇئمىننى لەنەتلەش ئۆلتۈرۈش كەبىدۇر»، «مۇئمىننى سۆكۈش پاسىقلىقتۇر، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كۇفۇرلۇقتۇر» دېگەن ھەدىسلەر قاتارىدا ئۇ ھەدىسلەرمۇ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# سەكسەن ئىككىنچى باب: كىچىك بالىنى سۆيۈش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىچىك بالىنى سۆيۈشنىڭ زىيىنى يوق، بۇ ئىشتىن ساۋاب ئېلىنىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا بالىغا نىسبەتەن شەپقەت بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ياشانغانلىرىمىزنى ئۇلۇغلىمىسا، ياشلىرىمىزغا رەھىم قىلمىسا، بىزدىن ئەمەس»، دېگەن. مۇھەممەد ئىبنى ئەسۋەد ئاتىسى ئەسۋەد ئىبنى خەلەفتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى. ئارقىدىن ساھابىلىرىگە قاراپ: ‹بالا تارتىنچاق بولىدۇ، قورقۇنچاق، مەجھۇل، غەمكىنىدۇر›، دېگەن.»

ئەشئەس ئىبنى قەيس كىندىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالىلار ھەققەتەن قورقۇنچاق، مەجھۇل نىئمەتتۇر، ئەلۋەتتە، ئۇلار قەلبلەرنىڭ مېۋىسى، كۆزلەرنىڭ قارچۇقىدۇر.» دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنى بىر ئىش ئۈچۈن يولغا سالدى. ئۇ كىشى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كىرگەندە بىر بالىنى سۆيۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «مېنىڭ بىر نەچچە بالام بار، لېكىن بىرسىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم»، دېدى. «سەندە گۆدەكلەرگە مېھىر يوق ئىكەن. چوڭلارغىمۇ مېھرىڭ ئاز بولىدۇ.

شـەرتىمىزدىن قايتتـۇق»، دەپ ھەزرىتـى ئۆمـەر ئـۇ كىشـىنى يولغـا سـالدى.

سـۆيۈش بـەش خـىل بولـىدۇ: دوسـتانە، رەھمـەت بىلـەن، شـەپقەت قىلىپ، سالامىلىشـىپ، شـەھۋەت بىلـەن. دوسـتانە سـۆيۈش ــــ ئاتـا - ئانـا پەرزەنتىنـى پىشانىسـىدىن سۆيۈشـتۇر. رەھمـەت بىلـەن سـۆيۈش ــــ بـالا ئاتـا - ئانىسـىنىڭ بېشـىدىن سۆيۈشـتۇر. شـەپقەت قىلىـپ سـۆيۈش ــــ ئاچىسـى ئۇكىسـىنى پىشانىسـىدىن سۆيۈشـتۇر. سالامىلىشـىپ سـۆيۈش ــــ مۇئمىنلـەر بىـر - بىرىنىـڭ قوللىرىدىـن سۆيۈشـتۇر. شـەھۋەت بىلـەن سۆيۈشـۈش ــــ ئـەر – خوتۇنلارنىـڭ سۆيۈشۈشـىدۇر.

بەزىلـەر ئەرلەرنىـڭ بىـر - بىرىنـى يـۈز - قوللىرىدىـن سۆيۈشـىنى مەكـرۇھ كۆرۈشـكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام قۇچاقلىشـىش ۋە سۆيۈشۈشـتىن مەنئى قىلغـان، دەپ ھۆججـەت كۆرسـەتكەن. بـەزى كىشـىلەر، بۇنىڭغـا رۇخسـەت بېرىـدۇ.

جەئفـەر ئىبنـى ئەبـۇ تالىـب ھەبەشىسـتاندىن قايتقانـدا، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام قۇچاقـلاپ، ئىككـى قېشـىنىڭ ئوتتۇرىسـىدىن سـۆيگەنلىكىنى رىۋايـەت قىلىشـقان. سـاھابىلەرمۇ سـەپەردىن كەلگەنـدە، بىـر - بىرىنـى قۇچاقـلاپ سۆيۈشـەتتى. بـەرا ئىبنـى ئازىـب پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامدىن رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ئاللاھتـىن بـالا سـوراڭلار، چۈنكـى بـالا قەلبلەرنىڭ مېۋىسـى، كۆزلەرنىـڭ قارچۇقىـدۇر. قىـرى، تۇغمـاس خوتۇنلاردىـن ساقلىنىڭلار.» يەنـە بىر ھەدىسـتە: «باللىرىمىـز جىگەرلىرىمىـزدۇر»، دېگـەن. شـۇنىڭ ئۈچـۈن شـائىر ئېيتىـدۇ:

من سره الدهر أن يرى كبده يمشي على الأرض فليرى ولده

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## سەكسەن ئۈچىنچى باب: داپ چېلىش ( ناغرا چېلىش ) ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئىنسانلار تويدا داپ چېلىش توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، بەزىلەر زىيىنى يوق، دېسە، بەزىلەر مەكرۇھ دېيىشتى. زىيىنى يوق، دېگۈچىلەر ئائىشە ئانىمىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى: ‹نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار، ئۇنى مەسجىدلەردە ئۆتكۈزۈڭلار ۋە نىكاھتا داپ چېلىڭلار.› » دېگەن ھەدىسكە ئاساسلانغان.

مۇھەممەد ئىبنى ھاتىب رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىنى ئايرىش نىكاھتا داپ چېلىش ۋە ئاۋازنى كۆتۈرۈش»، دېگەن. مۇھەممەد سىيرىن ئېيتىدۇ: «مەن خەۋەر تاپتىمكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەر داپ ئاۋازىنى ئاڭلىسا ئۇنى توختىتاتتى، ئارقىدىن سوراپ، ئەگەر توي ياكى خەتنە تويى بولسا، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلاتتى.»

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرگەندە، ئائىشەنىڭ ئالدىدا ئىككى جارىيە بار ئىدى. ئۇلار ھېيت كۈنىدە داپ چېلىپ ئويناۋاتاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ بار ئىدى. ئەبۇ

بەكرى ئۇلارنى كۆرۈپ: ‹رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا شۇ ئىشنى قىلدىڭلارمۇ؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئى ئەبۇ بەكرى، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قوي، ھەر بىر قەۋمنىڭ بايرىمى بار، بۈگۈن بىزنىڭ بايرىمىمىز»، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تويدا ئىدى. قايتقاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بىرەر نەرسە دېدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئائىشە ئانىمىز: «ھەئە، مۇنداق دېدۇق»، دەپ تۆۋەندىكى شېئىرنى ئېيتتى:

أتيناكم أتيناكم فحيونا نحييكم

فلولا العجزة السودا لما كنا بواديكم

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر رەھمانغا تائەت بولمىغاندا، بىز ۋادىيىلىرىڭغا كەلمەستۇق، دېمىدىڭمۇ؟» دېدى.

ئىكرىمە رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئابباس ئوغلىنى خەتنە قىلغاندا سازەندىلەرنى چاقىردى ۋە ئۇلارغا بەش دىرھەم بەردى.

ئەمما بۇ ئىشنى مەكرۇھ دەيدىغانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسلانغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: «مۇئمىن ئۈچۈن ئۈچ ئىشتىن باشقا ھەممىسى بىكارچى، باتىل ئىشلاردۇر. ئېتىنى ئۈگىتىش، كامان ئېتىش، خوتۇنى بىلەن ئوينىشىش.»

ئەبۇ بۇرەيدە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام

غازاتتىن قايتقاندا بىر ئايال كېلىپ: ‹ئەگەر سىز غازاتتىن سالامەت قايتسىڭىز، ئالدىڭىزدا داپ چېلىشنى نەزرە قىلغان ئىدىم›، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر نەزرە قىلغان بولساڭ چال، ئەگەر نەزرە قىلمىغان بولساڭ چالما› دېدى. ئايال: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، مەن نەزرە قىلغانمەن›، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇنداق بولسا چال›، دېدى. ئۇ ئايال چالدى. شۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئارقىدىن ئۆمەر كىردى. ئايال بىردىن داپنى تاشلىۋەتتى ۋە ئولتۇرۇپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئى ئۆمەر، شەيتان سەندىن قاچىدۇ، دەپ ئويلايمەن› دېدى.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەر نەزرە قىلغان بولساڭ چال، نەزرە قىلمىغان بولساڭ چالما، دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى نەزرە قىلمىغان بولسا، چېلىشتىن مەنئى قىلىنغانلىقىدۇر ۋە بۇ چېلىش جائىز ئەمەسلىكىگە دەلىلدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ، نىكاھنى ئېلان قىلىڭلار، دېگەنلىكى نىكاھنى مەلۇم قىلىشتىن كىنايەدۇر، بۇنىڭدا ئەينەن داپنى چېلىش چۈشىنىلمەسلىكى كېرەك.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەمما بىزنىڭ زامانىمىزدا چېلىنىۋاتقان داپلار بۇلار سىنجات ۋە جالجلاتتۇر. بۇلار ئىختىلاپسىز مەكرۇھتۇر. ئىختىلاپ بولسا، ئالدىنقى زامانلاردا چېلىنغان داپ ھەققىدىدۇر.

# سەكسەن تۆتىنچى باب: ياخشىلىقتا بۇيرۇش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس (ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن) ئېيتىدۇ:

ياخشىلىقتا بۇيرۇش (ئەمرىمەرۇپ) ۋاجىپ، چۈنكى ئاللاھ تەئالا: «ئالىم ۋە دانىشمەنلىرى ئۇلارنى گۇناھ سۆزلەردىن، ھارامخورلۇقتىن نېمىشقا مەنئى قىلمايدۇ؟! قىلىۋاتقان ھۈنەرلىرى نېمىدېگەن يامان ھۈنەر.» (مائىدە، 63)، دەپ خەۋەر بەرگەن.

دەرھەقىقەت، ئاللاھ ئۇلارنى ئەمرىمەرۇپنى تەرك قىلغانلىقى سەۋەبلىك مۇزەممەت قىلغان. ئاللاھ تەئالا يەنە:

«(ئى ئۇممىتى مۇھەممەد)، ئادەملەر ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۈممەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولدۇڭلار. چۈنكى سىلەر ياخشى ئەمەللەرگە بۇيرۇيسىلەر، يامان ئەمەللەردىن توسىسىلەر ۋە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرىسىلەر.» (ئال ئىمران، 110 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەلۋەتتە، سىلەر ياخشىلىقتا بۇيرۇيسىلەر، يامان ئىشتىن چەكلەيسىلەر ياكى ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگە يامانلارنى سۇلتان قىلىپ قويىدۇ، كېيىن ياخشىلىرىڭلار دۇئا قىلسىمۇ، ئىجابەت بولمايدۇ»، دېگەن. ياخشىلىقتا بۇيرۇشنىڭ بىر نەچچە ئۇسۇلى بار. ئەگەر ئەمرىمەرۇپ قىلغاندا، ئىنسانلار ئۇنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلاردىن يېنىپ، قول ئۇزۇشنى بىلسە، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئش ئۇنىڭغا ۋاجىبتۇر. ئەگەر ئەمرىمەرۇپ قىلسا، ئادەملەر قوبۇل قىلماي، ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايدىغان بولسا، بۇنداق ھالدا ئەمرىمەرۇپنى تەرك قىلىش ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدەك، ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ئەمرىمەرۇپقا قۇلاق سالمىغانلىقىغا سەبر قىلالماي، ئۇتتۇرىدا ئاداۋەت ۋە ئۇرۇش - جاڭجال كېلىپ چىقىدىغان بولسا، بۇنىڭدىمۇ ئەمرىمەرۇپنى تەرك قىلىش ئەۋزەلدۇر. مۇبادا، ئىنسانلارنىڭ ئازار - كۈلپەتلىرىگە سەبر قىلىپ، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا شىكايەت قىلمايدىغانلىقى مەلۇم بولسا، ئۇنىڭ نەھيى مۇنكەر قىلىشىدا زىيان يوقتۇر ۋە ئۇ بۇ ئىشنى بىلەن مۇجاھىدلاردەك بولىدۇ، چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەگەر ئىنسانلار ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقىنى بىلسە ۋە ئۇلارنىڭ جېدەل چىقىرىشىدىن قورقمىسا، ئۇ بۇ ھالدا ئىختىيارلىقتۇر. خاھلىسا، ئەمرىمەرۇپ قىلىدۇ، خاھلىسا، بۇ ئىشنى تەرك قىلىدۇ. لېكىن ئەمرىمەرۇپ قىلغىنى ئەۋزەلدۇر.

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىرىڭلار مۇنكەر ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، قەلبى بىلەن (قارشى تۇرسۇن)، بۇ ئۈچىنچىسى ئىماننىڭ ئەڭ زەئىپى»، دېگەن.

ئېيتىلىدۇكى، تۆت تائىپە كىشىسى بولغان شەھەرنىڭ ئاھالىسى بالادىن ئەمىن بولىدۇ: بىرەر نەرسىدە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل پادىشاھى، ھىدايەت يولىدا بولغان ئالىمى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، قۇرئان ۋە ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدىغان شەيخلىرى، جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى قىلمايدىغان مەستۇرە ئاياللىرى بولغان شەھەر.

بەزىلـەر: «قـول بىلـەن ياخشـىلىققا بۇيـرۇش ئەمرلەرگـە، تـىل بىلـەن بۇيـرۇش ئالىملارغـا ۋە قەلـب بىلـەن بۇيـرۇش ئومـۇم خەلققـە خـاس»، دەيـدۇ.
ۋەللاھـۇ ئەئلـەم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

# سەكسەن بەشىنچى باب: نىكاھ ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: ئىنسانلار نىكاھ ھەققىدىمۇ ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر ئۇنى پەرز، دېسە، بەزىلەر سۈننەت، دېدى. بىز ئېيتىمىزكى، ئەگەر كىشىنىڭ نەپسى نىكاھقا تەلەپچان بولسا، ئۆيلىنىشى ئەۋزەلدۇر، نەپسى تەلەپ قىلمىسا، خاھلىسا ئۆيلەنسۇن، خاھلىسا ئۆيلەنمەستىن، رەببىنىڭ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولسۇن. نىكاھ پەرز دېگەن كىشىلەر ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ رىۋايىتىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تۇغۇدىغان ئايالغا (ئۆيلىنىشكە) بۇيرۇپ، تۇغمايدىغان ئايالدىن چەكلىگەن ۋە: «ۋەدۇدەگە (كۆپ تۇغۇدىغان ئايالغا) ئۆيلىنىڭلار، چۈنكى مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرگە سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن»، دەيتتى.

ئۆيلىنىش سۈننەت دېگەنلەرنىڭ ھۆججىتى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ ھەدىس: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەككاف ئىبنى ۋەداغا: «خوتۇنۇڭ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ: «يوق»، دېدى. «چۆرەڭمۇ يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. يەنە: «يوق»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سەن بويتاقمۇ؟» دېدى. «ھەئە، ئاللاھقا ھەمدۇ بولسۇن»، دېدى ئۇ. رەسۇلۇللاھ: «سەن شەيتانىنىڭ بۇرادىرىسەن ياكى نەسرانىي روھانىيسەن، ئەگەر بىزدىن بولساڭ،

بىز قىلغىنىمىزدەك قىل، چۈنكى نىكاھ بىزنىڭ سۈننىتىمىزدىن»، دېگەن.

ئەگەر نەپسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقمىسا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ئەۋزەلدۇر، چۈنكى ئاللاھ تەئالا پەيغەمبىرى يەھيا ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ شۇنداق دەيدۇ:

«(ئى زەكەرىيا)، ئاللاھ ساڭا ئاللاھنىڭ سۆزىنى تەستىق قىلىدىغان، (ئۆز قەۋمىگە) خوجا بولىدىغان، (شەھۋەتلەردىن ئۆزىنى) ساقلايدىغان ۋە سالىھ پەيغەمبەرلەردىن بولىدىغان يەھيا ئىسىملىك پەرزەنت خۇش خەۋىرىنى بېرىدۇ.» ئال ئىمران، 39 - ئايەت.

ئايەتتىكى «ھەسۇر» - «ساقلايدىغان، چەكلىنىدىغان» دېگەن سۆز ئاجىز بولمىسىمۇ ئاياللارغا يېقىنلاشمايدىغان كىشى دېمەكتۇر، يەنى ئۇ زات رەببىگە ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى سەۋەبلىك شەھۋەتنى سۇندۇرغان. ئەگەر ئۆيلىنىشنى خاھلىسا ئاياللارنىڭ دىندارلىرىغا ئۆيلىنىشى جائىز بولاتتى. رەسۇلى ئەكرەم ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: «ئايالغا مېلى، جامالى، ھۆسنى ۋە دىنى ئۈچۈن نىكاھلىنىلىدۇ. سەن دىندارىغا ئۆيلەنگىن.» ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ھەدرەئۇددىمەندىن ساقلىنىڭلار›، دېدى. ‹ئى رەسۇلۇللاھ، ھەدرەئۇددىمەن نېمە؟› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «يامان مۇھىتتا ئۆسكەن چىرايلىق ئايال»، دېدى.

بەزى ھۆكۈمالار: «ئاياللارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى يىراقتىن كۆرۈمسىز، يېقىندىن خۇش پىچىم بولۇشى، نىئمەتكە سازاۋەر بولغان، ئۇنىڭغا ھاجەت چۈشىدىغان، بەرىكەتلىك ۋە ھەمىشە ئۇنىڭغا ئېھتىياج سىزىلىپ تۇرىدىغانلىرىدۇر»، دېگەن.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# سەكسەن ئالتىنچى باب: كەسپ ـ كار تۇغرىسىدا

فەقىھ ئەبۇللەيس رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: بەزىلەر كەسپ ـ كار بىلەن مەشغۇل بولۇشنى يامان كۆرۈشكەن. ئۇلار ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋاجىپ، دېگەن قارشىتىكىلەردۇر. ئەھلى ئىلىمنىڭ كۆپچىلىكى: «ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى تەمىن قىلغۇدەك مىقداردا كەسپ قىلىش ۋاجىپ، ئەگەر ئۇنىڭدىن زىيادە قىلسا، مۇباھ ۋە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇش ئەۋزەل. ئەگەر تېخىمۇ كۆپ ئىش بىلەن مەشغۇل بولسا ۋە بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىشنى، رىيانى ئىرادە قىلمىسا ۋە پەرزلەرنى تاشلاپ قويمىسا، ھارام ئەمەس»، دەيدۇ.

كەسب ـ كار بىلەن مەشغۇل بولۇش دۇرۇست ئەمەس، دېگۈچىلەر، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇشبۇ سۆزىنى دەلىل قىلىشقان:

«مەن جىن ۋە ئىنسانىنى پەقەت ئۆزەمگە ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنلا ياراتتىم.» (زارىيات، 56 ـ ئايەت). ئاللاھ تەئالا خەلقنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. شۇنداق ئىكەن، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش لازىم، كەسب ـ كار بىلەن ئەمەس، دەيدۇ. يەنە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن: «ئاللاھ ماڭا مال جەملەشنى ۋە سودىگەر بولۇشنى ۋەھيي قىلمىدى، بەلكى: ‹رەببىڭگە ھەمدۇ سانا، تەسبىھ ئېيت، سەجدە

قىلىڭ ۋە دائىم ئىبادەتتە بول›، دەپ ۋەھيي قىلىندى»، دېگەن ھەدىسنى كەلتۈرىدۇ.

ئۆزىگە كۈپايە قىلغۇدەك مىقداردا كەسىپ قىلىش ۋاجىپ، دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى شۇكى، ئاللاھ تەئالا پەرزلەرنى پەرز قىلدى. بەندىلەر پەرزلەرنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن لىباسقا ۋە ئوزۇققا موھتاج. بەندە بۇنىڭغا پەقەت كەسىپ قىلىش بىلەن ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا:

«ئەمدى نامازدىن پارىغ بولغاندا، زېمىنگە تارقىلىپ، ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتىدىن (رىزقى نېسىۋە) ئىستەۋېرىڭلار. ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىڭلاركى، شايەد نىجات تاپقايسىلەر.» (جۇمۇئە، 10 - ئايەت)، دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «رەخت تىجارىتى قىلىڭلار، چۈنكى ئاتىلىرىڭلار (ئىبراھىم) رەختچى ئىدى»، دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «كىمكى رەختچىلىكنى تەرك قىلسا، ئۇنىڭ ئىنسانلىقى كېتىدۇ ۋە ئەخلاقى يامانلىشىدۇ»، دېگەن. ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈف: «رەختچىنى مەھكەم تۇت، چۈنكى ئۇ ساھىبىغا شەرەپ كەلتۈرىدۇ»، دەيدۇ.

كەسىپ - كارنى تەرك قىلىش ئۈچ سەۋەب بىلەن ___ كىسەللىك، تەقۋا ۋە نومۇس سەۋەبلىك جائىز، دېيىلىدۇ. كىسەللىك سەۋەبلىك تىرىكچىلىكنى تەرك قىلغان كىشى تىلەمچىلىك قىلىدۇ، تەقۋا سەۋەبلىك تەرك قىلغان كىشى تەماگەر بولۇپ قالىدۇ، قىلىشقا نومۇس ياكى ھەمىيەت سەۋەبلىك تەرك قىلغان كىشى ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۈچ نەرسىنىڭ داۋاسى يوق، دېيىلىدۇ. بىرىنچىسى، ھارام ئارىلاشقان كىسەللىك، ئىككىنچىسى، ھەسەت ئارىلاشقان ئاداۋەت، ئۈچىنچىسى،

كىسەللىك ئارىلاشقان كەمبەغەللىك.

ھەكىم ئەبۇلقاسىم ئېيتىدۇ: «ھالالدىن كەسىپ قىلىش ئىپپەتلىك كەمبەغەلنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، زەئىپنىڭ موھتاجلىقىنى يوق قىلىدۇ، پەسكەش غەيۋەتچىنىڭ تىلىنى كېسىدۇ.» ھەر بىر نەرسىنىڭ زىبۇ زىننىتى بار، يىگىتلىكنىڭ زىننىتى كەسىپ بىلەن بولىدۇ»، دېيىشىدۇ.

كىشىدە ئالتە خىسلەت بولسا، ئۇ ئادەملەرنىڭ سەييىدى بولىدۇ. ئۈچى ئۆيدىن تاشقىرىسىدا، ئۈچى ئۆينىڭ ئىچىدە. ئۆينىڭ سىرتىدىكى خىسلەتلەر: ئالىملاردىن ئىستىپادە قىلىش ــ ئىلىم ئېلىش، تەقۋادارلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ھالال يول بىلەن تەلەپ قىلىش. ئۆينىڭ ئىچىدىكىسى: ئەھلى - ئائىلىسى بىلەن ئۆلىمالاردىن ئاڭلىغان نەرسىلىرىنى ئەسلىشى، تەقۋادارلاردىن كۆرگەن نەرسىگە ئەمەل قىلىشى، ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتەرلىك كىيىم ۋە تائامنى ھازىر قىلىشى.

# سەكسەن يەتتىنچى باب: تىبابەت ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشىگە بەدىنىگە زەرەر بېرىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنالايدىغان مىقداردا تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىش مۇستەھەبتۇر. ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە: ئىلىم ئىككى خىل بولىدۇ: دىن ئىلمى، بەدەن ئىلمى. كىشى دىن ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلالايدىغان مىقداردا تەلىم ئېلىشى زۆرۈر بولغىنىدەك، بەدىنىنى ساق - سالامەت ساقلاپ قالالىغۇدەك دەرىجىدە تىبابەتنى بىلىشى ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىشى لازىم. تېۋىپلار تىبابەتتە پەرھىزدىن پايدىلىق نەرسە يوق دېگەن سۆزگە بىرلىككە كېلىشكەن. بىر ساھابە بىر كىشىگە: «ساڭا تېۋىپلار ئاساسلىنىدىغان تىبابەتنى، ئالىملار ئاساسلىنىدىغان ئىلىمنى، ھەكىملەر ئاساسلىنىدىغان ھېكمەتنى ئۆگىتەيمۇ؟»، دەيدۇ. ئۇ: «بولىدۇ»، دەيدۇ. «تېۋىپلار ئاساسلىنىدىغان تىبابەت ــ داستىخانغا قارنىڭ ئاچ بولغان ۋاقتىدا ئولتۇرۇش ۋە يېگۈڭ بولسىمۇ (قورساقنى بەك تويغۇزىۋەتمەستىن بۇرۇن) توختاش. ئۆلىمالار ئاساسلىنىدىغان ئىلىم شۇكى، بىلمەيدىغان نەرسە ھەققىدە سوراشقاندا، «ئاللاھ بىلگۈچىراقتۇر»، دېيىش. ھەكىملەر ئاساسلىنىدىغان ھېكمەت ــ ئەگەر سەن بىر قەۋمنىڭ يىغىنىدا ئولتۇرساڭ، سۈكۈت قىل، ئۇلار ياخشىلىق ھەققىدە گەپ قىلسا، ئۇلار بىلەن گەپلەش، ئەگەر يامان

نەرسە ھەققدە گەپ قلسا، تۇرۇپ كەت»، دېدى ساھابە.

قەدىمدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن بىر كىشىگە ئۆمرۈڭ نېمە سەۋەبلىك ئۇزۇن بولدى؟ دېيىلگەندە، تائام پىشۇرساق، ياخشىلاپ پىشۇرىمىز، چاينىساق، ياخشىلاپ چاينايمىز ۋە قورسىقىمىزنى تولدۇرۇپ يۈرمەيمىز، بوشمۇ قالدۇرمايمىز، دېگەن.

كىشى ناشتىدىن كېيىن يېتىشى، كەچلىك تائامدىن كېيىن مېڭىشى پايدىلىقتۇر، دېيىلىدۇ. مەسىلىدە ئېيتىلىدۇكى، ئەگەر ناشتىدىن كېيىن ياتسا، بەدىنىگە سىڭىدۇ، كەچكى تائامدىن كېيىن ماڭسا، پايدىلىقتۇر.

زۆھرىي رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹بەش نەرسە ئۇنتۇتقاقلىقنى پەيدا قىلىدۇ: چۈچىمەل ئالما يېيىش، سۆڭەك سىيىش، سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن باشتىن قان ئالدۇرۇش، پىتنى تۇپراققا كۆمۈش، چاشقاندىن ئاشقان سۇنى ئىچىش›، دېگەن.» ئېيتىلىدۇكى، قەبرە تاشلىرىدىكى خەتنى ئوقۇش، سېرىق چېچەك يېيىش، ئالدى - ئارقىسىغا باغلانغان ئىككى تۆگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئىككى ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىش ئۇنتۇتقاقلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

زەھھاك ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹مىسۋاكنى كۆپ ئىشلىتىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدا ئون خىسلەت بار: ئېغىزنىڭ پاكلىقى، رەببىنىڭ رازىلىقى، پەرىشتىلەرگە خۇشاللىق، كۆزگە جىلۋە، چىشقا ئاقلىق، چىشنىڭ چۈشۈشىنى ساقلاش، چىشتىن چىرىش ۋە تاشلارنى كەتكۈزۈش، تائامنى ھەزىم قىلىش، بەلغەمنى كېسىش، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشى، نامازنىڭ ساۋابى ئىككى باراۋەر بولۇشى، شەيتاننى

خارلاش»، دېگەن.

ئېيتىلىدۇكى: سېرىق ئاياغ كىيگەن كىشى ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئۇ زاتىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئوچۇق - مەللىرەڭ سېغىر بولۇپ، كۆرگەنلەرنىڭ كۆڭلى چاغ بولىدۇ.» (بەقەرە، 69)، دېگەنلىكى سەۋەبلىك ھوزۇر - ھالاۋەتتە بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم ھەقىق كۆزلۈك ئۈزۈك تاقاپ يۈرسە، ھەمىشە بەرىكەت ۋە خۇرسەنچىلىكتە بولىدۇ»، دېگەن.

ئېيتىلىشىچە، كىم ئۆيىنى لاتا بىلەن سۈپۈرسە، خېمىرتۇرۇش ئىشلەتمىسە، ئۆمۈچۈك تورىدىن ئۆيىنى تازىلىمىسا، پەقىر بولىدۇ. كىم ئىغىلىنى ئۆمۈچۈك تورىدىن تازىلىمىسا، ھايۋانلىرى سەمرىمەيدۇ، دېگەن گەپمۇ بار. يەنە ئېيتىلىدۇ: يېشىل رەڭگە، ئاقار سۇغا، چىرايلىق چېھرىگە، ئاتا - ئانىنىڭ يۈزىگە ، نامازدا سەجدە يېرىگە، تۇرۇنچىغا، قىزىل كەپتەرگە قاراش كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

قىشتا ئوتقا قاراشتا بەش خۇسۇسىيەت بار: سوغۇقنى كەتكۈزىدۇ، يۈزنى چىرايلىق قىلىدۇ، تائامنى ھەزىم قىلىدۇ، ئادىشىش ۋە قىينىچىلىقنى كەتكۈزىدۇ، قورقۇنچىدىن يىراق قىلىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى خاھلىسا، يەڭگىل كىيىم كىيسۇن، ئەتىگەن ناشتا قىلسۇن، كەچلىك تاماقنى كېچىكتۈرسۇن، ئايال‌لار بىلەن جىنسىي ئالاقىنى ئازايتسۇن، دېگەن.» «يەڭگىل كىيىم كىيىش دېگەن نېمە؟» دېيىلگەندە، «قەرزنى ئازايتىش»، دېگەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## سەكسەن سەككىزىنچى باب: ئوزۇقلۇقلاردىن بەدەنگە زەرەر بېرىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش ھەققىدە

فەقىھ ئەبۇللەيس (ئاللاھ رازى بولسۇن) ئېيتىدۇ: بەدەن كۈز ۋە قىش كۈنلىرىدە كۈچلۈك بولىدۇ، تائامنى كۆتۈرىدۇ، چۈنكى ئاشقازان بۇ ۋاقىتتا قىزىيدۇ ۋە تائامنى ھەزىم قىلىدۇ. ياز ۋە باھاردا ئاشقازان سوغۇيدۇ، سوغۇقلۇقى سەۋەبلىك تائامنى كۆتۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ياز كۈنلىرى سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىشنىڭ زىيىنى ئاز، قىش كۈنلىرى زىيىنى كۆپ بولىدۇ. كىشى قىش كۈنلىرىدە سۇ ئىچىشنى ئازايتىشى لازىم. شۇنىڭدەك، كېچىسى كۆپ سۇ ئىچمەسلىك كېرەك، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئاشقازان سۇۋۇيدۇ، ئاشقازانغا زىيان يېتىش ۋە كېسەل بولۇش خەۋپى بار، لېكىن ئىسسىقلىق غالىپ كەلسە ياكى ئىستىمىسى بولسا، ئىچۋەرسە بولىدۇ. ئۇخلىماقچى بولغان ئادەم قورسىقى توق بولسا، سۇننەتكە مۇۋاپىق ھالدا ئالدى بىلەن ئوڭ تەرىپى بىلەن يېتىشى لازىم، كېيىن چەپ تەرەپكە ئۆرۈلسە بولىدۇ، چۈنكى بۇ ھال تائام ھەزىم بولۇشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بىر ياندىن يەنە بىر يانغا ئۆرۈلۈپ يېتىش كۆپ پايدىلىق. قورساق بەك توق ۋاقىتتا يېتىش ياخشى ئەمەس، بۇنداق قىلىش يۈرەكنى راھەتسىز قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «تائاملىرىڭلارنى ناماز بىلەن پارچىلاڭلار،

قورساق تـوق هالـدا ئۇخلمـاڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار قەلبـڭلار قاتتىقلىشـىدۇ»، دېگەنىـدى. كىشـىنىڭ ئۆزرىسـىز دۇم يېتىشـى ياخشـى ئەمـەس. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام بىـر كىشـىنىڭ دۇم ياتقانلىقىنـى كـۆرۈپ، ئۇنـى تۈرتكـەن ۋە: «بۇنـداق ياتمـا، چۈنكـى بۇنـداق يېتىشـتىن ئالـلاھ غەزەپلىنىـدۇ»، دېگـەن. ئەگـەر قورسـىقى تـوق بولسـا ۋە قورسـىقى ئاغرىشـىدىن قورقـۇپ، ياسـتۇقنى قورسـىقىنىڭ ئۈسـتىگە قويـۇپ ئۇخلىسـا، زىيىنـى يـوق، چۈنكـى بـۇ ئۆزرىلىكتـۇر، زۆرۈرەت چەكلەنگـەن ئىشـلارنى مۇبـاھ قىلىـدۇ، ئارقىدىـن كـۆپ يېگەنلىكـى ئۈچـۈن تەۋبـە قىلىشـى لازىـم. تائامدىـن بـۇرۇن سـوغۇق سـۇ ئىچـىش ئاشـقازان هارارىتىنـى ئۆچۈرىـدۇ، سـۇنى تائامدىـن كېيىـن ئىچـىش ئاشـقازاننى قىزىتىدۇ ۋە بەدەننـى ياغلايـدۇ. ئەگـەر كىشـى ئالمـا، ئـۆرۈك، ئـۈزۈم ۋە شـۇنىڭغا ئوخشـاش هـۆل مېۋىلەردىـن يېسـە، ئۇنىـڭ ئارقىسـىدىن سـۇ ئىچىشـى ياخشـى ئەمـەس، چۈنكـى بـۇ ئـىش ئاشـقازاننى بۇزىـدۇ. بىـر - ئىككـى سـائەتتىن كېيىـن ئىچسـە بولىـدۇ. ئەگـەر ئىسسـىق گـۆرۈچ ياكـى هالـۋا يېسـە، ئۈسـتىدىن هەرگىز سـوغۇق سـۇ ئىچمىسـۇن، چۈنكـى چىشـقا زىيـان قىلىـدۇ، بـەك ئىچكۈسـى كەلسـە، ئـاۋۋال بىـر - ئىككـى لوقمـا نـان يېسـۇن، ئاندىـن ئىچسـۇن، شـۇنداق قىلسـا زىيـان كەمرەك بولىـدۇ. ئىسسـىق نـان بىلـەن بىللـە ئۈجمـە يېيىـش قورسـاقتا قـۇرت پەيـدا قىلىـدۇ.

ئىبـن مۇقفـە ئېيتىـدۇ: «كـىم قىرىـق كـۈن ئۈزمـەي پىيـاز يېسـە، ئاندىـن يۈزىـدە داغ پەيـدا بولسـا، پەقـەت ئۆزىدىـن كۆرسـۇن. ئەگـەر ئـاز يېسـە ۋە ئۇنىڭ (پىيازنىـڭ) ئالدىدىـن شـورلۇق نەرسـە يېسـە، ئۇنىڭـدا قىچىشـقاق پەيدا بولسـا، ئۆزىدىـن كۆرسـۇن. كـىم بېلىـق بىلـەن تۇخۇمنـى ئارىلاشـتۇرۇپ يـەپ، پالـەچ بولـۇپ قالسـا، ئۆزىدىـن كۆرسـۇن، كـىم شـىرنە بىلـەن سـۈتنى ئارىلاشتۇرسـا ۋە

پەس كىسەللىككە مۇبتىلا بولسا، ئۆزىدىن كۆرسۇن.»

كىشى تائام يەۋاتقاندا، تائامنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولمىغۇچە، سۇ ئىچمىسۇن، شۇنداق قىلسا زىيىنى ئازراق بولىدۇ. بېلىقنى كۆپ يېيىش كۆزگە زىيان قىلىدۇ، كىشىگە قورسىقىدا سۈت بىلەن چۈچۈمەل نەرسە ياكى كۆكتاتنى جەملىشى ياخشى ئەمەس. تائامدىن ئىلگىرى ھۆل مېۋە يېيىشنىڭ زىيىنى ئاز، كېيىن يېيىشنىڭ زىيىنى كۆپرەك. سۈت بىلەن ھۆل مېۋىنى بىرگە يېيىش ياخشى ئەمەس، شۇنىڭدەك، قۇدۇق سۈيى بىلەن دەريا سۈيىنى بىرگە ئىچىشمۇ ئەقىلغا ئۇيغۇن ئەمەس.

تۆت نەرسە ئۆتۈپ كەتكۈچە ماختالمايدۇ: تائام ھەزىم بولغۇچە، جەڭچى قايتىپ كەلگۈچە، زىرائەت يىغىپ ئالغۇچە، ئايال ئۆلگۈچە.

كۈن ئىسسىغاندا (كۈننىڭ ئوتتۇرىسىدا) گۆشنى كۆپ يېيىش كىسەللىكنى قايتا قوزغايدۇ. ناننىڭ بەدەنگە ئەڭ زىيانلىقى ئىسسىق نان، بەدەنگە زىيىنى ئاز بولغىنى بىر مۇددەت تۇرغان نان. گۆشنىڭ بەدەنگە زىيانلىقى ھايۋاننىڭ ئارقا تەرىپى، زىيىنى ئازراق بولغىنى باش تەرىپى. تويغۇچە ھۆل خورما يېيىش ئاشقازان كىسەللىكنى كەلتۈرىدۇ. بادامنى نان بىلەن ياكى يالغۇز ئۆزىنى يېيىش ھەزىمنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. پىتىر نان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەزىم بولۇشىمۇ ئاستا بولىدۇ. قارا ئۈجمە ۋە ئۆرۈكنى سەھەردە يېيىشنىڭ زىيىنى يوق. تائامدىن كېيىن يېيىلسە، ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ. ياخشى پىشمىغان ئۆرۈك ئاشقازاننى زەئىپلاشتۇرىدۇ.

خورمىنى كۆپ يېيىش چىشنىڭ گۆشىگە زىيانلىق. قۇرۇق ئۈزۈم ۋە باشقا شېرىنلىكلەرمۇ شۇنداق. ئەنجۈرنى كۆپ يېسە پىت پەيدا قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى

تۇزلۇق نەرسىنى كۆپ يېيىش كۆزگە زىيانلىق. ئەگەر بىر كىشى سەپەر قىلسا ۋە بىر شەھەرگە كىرسە، ئاۋۋال ئاچچىق بىلەن پىياز يېسۇن، شۇنداق قىلسا شەھەرنىڭ سۈيى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. پىيازنى كۆپ يېيىش بەلغەمنى پەيدا قىلىدۇ ۋە كۆزگە قاراڭغۇلۇق كەلتۈرىدۇ. ئېيتىلىدۇكى، ئاچچىق ۋە چۈچۈمەل نەرسىنى كۆپ يېيىش تېز قېرىتىدۇ. كىشى ياغ يېيىشنى تەرك قىلىشى لازىم ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئەقىلنى تولدۇرىدۇ، شىرىنلىك ھەلىملىكنى زىيادە قىلىدۇ، ئەمما بۇنى كۆپ يېيىش چىشقا زەرەر بېرىدۇ. ماش قەلبنى يۇمشىتىدۇ، قاننى تازىلايدۇ، ئەمما كۆپ يېيىش چىشقا زىيان قىلىدۇ. كاۋا دىماغنى (نەپەس ئېلىشنى) ياخشىلايدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: كىم تاماقنى تۇز بىلەن باشلاپ، تۇز بىلەن تۈگەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن يەتمىش بالانى كەتكۈزىدۇ.» ۋە يەنە ئېيتقانكى: «كىمكى ھەر كۈنى يەتتە تال خورما يېسە، قورسىقىدىكى قۇرتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. كىمكى ھەر كۈنى قىزىل ئۈزۈم يېسە، بەدىنىدە بىرمۇ يامان نەرسە قالمايدۇ، پەقەت ئۆلۈم كېسەللىكىدىن باشقا.»

ئېيتىدۇكى، گۆش گۆشنى كۆپەيتىدۇ، خىمىر تاماق ۋە تاتلىق تۈرۈملار قورساقنى چوڭايتىدۇ ۋە تەرەتنى بوشىتىدۇ. سىغىر گۆشى دەرت، سۈتى شىپا ۋە يېغى داۋادۇر. بېلىق جەسەدنى ئېرىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئاياللارغا ھۆل خورمىدىن ئارتۇق شىپا يوق. خۇشبۇي نەرسە دىماغنى ئاچىدۇ، كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. كافۇر ۋە ئەترگۈل سۈيىدىن باشقا خۇشبۇي

نەرسىنى ئىشلىتىش قۇرۇقلۇقنى كەلتۈرىدۇ. ئېيتىلىدۇكى، ئەترگۈل سۈيى قېرىلىقنى تېزلاشتۇرىدۇ، يۇمشاق لىباس قاننى يۈرۈشتۈرىدۇ، قېلىن، قوپال لىباس قان ئايلىنىشىنى ئاستىلاشتۇرىدۇ.

يەنە ئېيتىلىدۇكى، قاتتىق خۇرسەنلىك خاپىلىققا نىسبەتەن ھالاكەتنى تېزلەشتۈرىدۇ، چۈنكى خۇشاللىقنىڭ تەبىئىتى سوغۇقلۇق، سوغۇقلۇق بولسا ئىسسىقلىققا قارىغاندا ھالاكەتكە يېقىنراق، خاپىلىقنىڭ تەبىئىتى بولسا ئىسسىقلىق، چۈنكى ئۇ جىگەردىن پەيدا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## سەكسەن توققۇزىنچى باب: جىما ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى مۇقفە: «كىم ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىپ، زەكىرىنى سۇ بىلەن يۇمىسا، بۇرنىدە كىچىك تاش پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئۆزىگە مالامەت قىلسۇن»، دېگەن. ئەمما مەن يۇسا، پايدىسى بار، يۇمىسا، ئۇنىڭغا زەرەر قىلمايدۇ، دېگەن ئۇمىدتىمەن، چۈنكى ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇنۇب ھالدا سۇنى تۆتمىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى مۇقفە: «كىمكى ئىھتىلام بولسا، غۇسلى قىلمىسا، ئارقىدىن ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلسا، ئۇنىڭدىن مەجنۇن ياكى ھوشى جايىدا بولمىغان بالا تۇغۇلىدۇ، بۇنىڭدا پەقەت ئۆزىنى مالامەت قىلسۇن. جاھىل كىشى، كۆپىنچە مەن شۇ ئىشنى قىلمەن، ماڭا ھېچ زەرەر قىلمىدى، دېگەن پىكىرگە ئالدانمىسۇن، چۈنكى ئوغرى ئەگەر بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلغاندا جازالانسا، بەرەر كىشى ئوغرىلىق قىلماس ئىدى، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر بىرىنچى قېتىمدىلا كېسەل بولسا، دۇنيادا ساق ئادەمنى كۆرمەيسەن»، دەيدۇ.

كىشى جىمادىن كېيىن دەرھال سوغۇق سۇدا يۇيۇنىشى ياخشى ئەمەس، چۈنكى بۇنىڭدا ئىستىما بولۇش خەۋپى بار.

ئېيتىلىدۇكى، جىمانى كۆپ قىلىش ياز ۋە كۈز ئايلىرىدا زىيىنى كۆپرەك،

قىش ۋە باھاردا زىيىنى ئاز، نورمال بولغىنى ياخشى. قورساق بوش ۋاقتىدا جىما قىلىشنىڭ زىيىنى ئاز، قورساق توق ۋاقتىدىكى جىمانىڭ زىيىنى كۆپ، ئەگەر قورساق توق ۋاقتىدا جىما قىلسا ۋە ئايال ھامىلە بولسا، بالا نەپسى، روھى ئېغىر، قورساق ئاچ ۋاقتىدا جىما قىلسا، بالا نەپسى، روھى يەڭگىل بولىدۇ. كېچىنىڭ ئاخىرىدا جىما قىلىش ئاۋۋىلىدا جىماقىلىشتىن پايدىلىق، چۈنكى ئاشقازان كېچىنىڭ ئاۋۋىلىدا توق بولىدۇ.

ئېيتىلىدۇكى، تۆت نەرسە ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ، بەلكى ئۆلتۈرىدۇ: ھاممامغا قورساقنى تويغۇزۇپ كىرىش؛ قۇرۇتۇلغان گۆش يېيىش؛ قورساقنى تولدۇرۇپ يۇيۇش؛ قېرى كەمپىر بىلەن جىما قىلىش.

ئەگەر جىمادىن بوشىساڭ، ئۆرە تۇرما، بەلكى ئوڭ تەرەپكە مايىل بولۇپ يات، بۇ ئىش جىسمىغا پايدىلىق.

ئەر ئايالنى ئەركىلىتىپ، ھېسسىياتىنى قوزغاپ جىما قىلىشى دۇرۇست، چۈنكى بۇ بەدەنگە راھەت بېرىدۇ ۋە بالا ساغلام بولىدۇ.

ئېيتىلىدۇكى، ھەر قانداق شەھۋەت قەلبنى قاتتىقلاشتۇرىدۇ، ئەمما جىما قەلبنى ساپ قىلىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئەنبىيا ئەلەيھىسسالاملار جىما قىلاتتى.

جىمادىن بەزەن پايدا، بەزەن زىيان بولىدۇ، پايدىسى شۇكى، ئەگەر كىشىدە غەم بولسا، ئۇنى كەمەيتىدۇ، ئەگەر قەلبى ھارام ئىشلارغا باغلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنى كەتكۈزىدۇ، ۋەسۋەسىلەرنى يوق قىلىدۇ، غەزەپنى كەتكۈزىدۇ، ئەگەر تەبىئىتى ئىسسىق بولسا، نەپسىدىكى يارا، جاراھەتكە پايدا قىلىدۇ. زىيىنى بولسا، پۇت – قول، بەل ۋە باش ئاغرىقنى پەيدا

قىلىدۇ، بەدەننى، كۆزنى زەئىپلاشتۇرىدۇ. خۇسۇسەن، كىشىنىڭ تەبىئىتى سوغۇق ۋە قۇرۇق بولسا، بۇنداق ھالدا جىمانى ئازايتىش پايدىلىقتۇر.

جىما ۋاقتىدا گەپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ دەۋەڭ بولۇش خەۋپى بار، جىما ھالىتىدە ئەر - خوتۇن ئۈستىدە يېپىنچا بولۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا، بالىنىڭ ھاياسى كەم بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ئېيتىلىدۇكى، كەمپىر بىلەن جىما قىلىش بەدەننى زەئىپلەشتۈرىدۇ، قېرىلىقنى تېزلەشتۈرىدۇ. كېسەل بىلەن جىما قىلىشتا كېسەللىك ۋە ئاغرىق خەۋپى بار.

بەزى تېۋىپلار جىمادىن كېيىن غۇسلى قىلماي، يەنە جىما قىلىشنى ياكى غۇسلى قىلماستىن ئۇخلاشنى يامان كۆرۈشكەن، لېكىن بىزنىڭ مەزھىبىمىزدە بۇنىڭ زىيىنى يوق. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. دەرھەقىقەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىدى، ئەگەر بۇ ئىش زىيانلىق بولسا ئىدى، رۇخسەت بەرمەس ئىدى.

ئۆرە تۇرۇپ جىما قىلىش دۇرۇست بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ھال بەدەننى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

# توقسىنىنچى باب: هامماملغا كىرىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: جۇنۇب ھالەتتە تۆكىنى ئېلىش مەكرۇھ سانىلىدۇ. خالىد ئىبنى مەئدەن رىۋايەت قىلىدۇكى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى غۇسلى قىلىشتىن بۇرۇن تۆكىنى ئالسا، قىيامەت كۈنى ھەر بىر تۆكى ئۇنىڭغا كېلىپ: ‹ئى رەببىم، بۇنىڭدىن سورىغىن، نېمە ئۈچۈن مېنى يۇماستىن تۇرۇپ ئالدى؟ دەيدۇ›، دېگەن.»

ئېيتىلىدۇكى، ئاچ ۋاقىتتا هامماملغا كىرسە بەدەندە قۇرۇقلۇق پەيدا بولىدۇ. ئەگەر توق ۋاقىتتا كىرسە، قورساقتا كېسەللىك، ئون ئىككى بارماق ئۈچەيدە قۇرت پەيدا بولۇش خەۋپى بار.

هامماملغا تائام يەپ، ھەزىم بولغاندىن كېيىن كىرىش مۇستەھەب.

ئىبن مۇقفە ئېيتىدۇ: «كىمكى هامماملغا قورسىقى توق ھالدا كىرسە ۋە ئۇنىڭغا قولۇنجى كېسەللىكى يەتسە، ئۇنى ئۆزىدىن كۆرسۇن. كىمكى بېلىقنى سوغۇق ھالەتتە يېسە ۋە هامماملغا كىرسە، شۇ سائەتتە ئۇنىڭغا پالەچ ۋە قولۇنجى كېسەللىكلىرى يەتسە، پەقەت ئۆزىدىن كۆرسۇن.»

ئەگەر كىشى هامماملغا كىرىشنى خالىسا، بىراقلا ئىچكىرى خانىگە كىرمىسۇن، بەلكى ھەر بىر خانىدا ئازراق ۋاقىت تۇرۇپ، كېيىن باشقىسىغا

كىرسۇن. چىقىشتىمۇ شۇنداق قىلسۇن. چىققاندىن كېيىن ئۆزىگە سوغۇق سۇ چېچىشى ياكى سوغۇق سۇ ئىچىشى ياخشى ئەمەس، چۈنكى بۇ بەدەنگە ناھايىتى زىيانلىق.

ئېيتىلىدۇكى، ياز كۈنلىرى ھاممامغا كىرىش قىش كۈنلىرىگە نىسبەتەن پايدىلىقراقتۇر. ياز كۈنلىرى ھاممام قاتتىق ئىسسىق بولۇشى لازىم ئەمەس، چۈنكى بۇنىڭدا ئاپەتتىنىڭ خەۋپى بار. ئەگەر قىش كۈنلىرى ھاممامدىن چىقسا، سوغۇق ھاۋا ئۇنى كېسەل قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن تېزدىن كىيىمنى كىيىشى لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇنىڭغا زەرەر قىلىدۇ. باش ئاغرىقى بولماسلىقى ئۈچۈن ھاممامدىن چىققاندا، بېشىنى ئورىۋېلىشى كېرەك. ئەگەر تۇك ئېلىشنى خالىسا، بىر كېچە ـ كۈندۈز جىما قىلمىسۇن. ئېيتىلىدۇكى: سوغۇق سۇ بىلەن كۆپ يۇيۇنۇش يۈزنى قارايتىدۇ ۋە كېسەللىك كېلىپ چىقىدۇ.

ئېيتىلىدۇكى، ياز كۈنلىرى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش پايدىلىق، لېكىن بەك ئىسسىق ۋە بەك سوغۇق بولماسلىقى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## توقسان بىرىنچى باب: قان ئالدۇرۇش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئاچ ۋاقىتتا قان ئالدۇرۇش مۇستەھەبتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «ئاچ ۋاقىتتا قان ئالدۇرۇشتا شىپا ۋە بەرىكەت بار، بۇ ئىش ئەقىل ۋە خاتىرىنى كۈچەيتىدۇ»، دېيىلگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بىرەر كىشى باش ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلسا، پەقەت قان ئالدۇرۇشقا، ئەگەر پۇت ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلسا، تاش ئېسىشقا بۇيرىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

كىشى قان ئالدۇرۇشتىن بىر كېچە - كۈندۈز ئىلگىرى ۋە كېيىن ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر ئەتە قان ئالدۇرماقچى بولسا، كەچكى تاماقنى ئەسىر ۋاقتىدا يېيىشى مۇستەھەب بولىدۇ، چۈنكى بۇ پايدىلىق. بىرىنچى قېتىم قان ئالدۇرىدىغان كىشى ئالدىن بىر نەرسە يەۋالسۇن.

ئۇ كۈنى ھاممامغا كىرىش دۇرۇست ئەمەس. بەزى تېۋىپلار ئېيتىدۇكى، ئەگەر كىشى قان ئالدۇرغان كۈندە، جىما قىلسا ۋە ھاممامغا كىرسە، ئەمما ئۆلمىسە ھەيران قېلىش كېرەك.

قان ئالدۇرغاندىن كېيىن تۇزلۇق نەرسە يېيىلمەيدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا يارا چىقىش ۋە مۇسىبەت خەۋپى بار. ئەمما سىركە ئىستېمال قىلىش مۇستەھەب. كېيىن ئىلاجى بولسا، شورپا ئىچسۇن ۋە بىرەر شىرنىلىك

تاناۋۇل قىلسۇن. ئۇ كۈندە سېغىلغان سۈتنى ياكى قېتىق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى يېيىشى ياخشى ئەمەس، سۈنى ئاز ئىچىدۇ.

شەنبە ۋە چارشەنبە كۈنلىرى قان ئالدۇرۇش مەكرۇھ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى شەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى قان ئالدۇرۇپ، ئاق كېسەللىكگە مۇبتەلا بولسا، پەقەت ئۆزىدىن كۆرسۇن»، دېگەن.

بەزى خەۋەرلەردە ئۇ كۈنلەردە قان ئالدۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، لېكىن ساقلىنىش ئەۋزەلرەك. قان ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۈنلەر يەكشەنبە ۋە دۈشەنبە، بەزىدە سەيشەنبە كۈنىمۇ ئىختىيار قىلىنغان. قاتتىق ئىسسىقتا ۋە قاتتىق سوغۇقتىمۇ قان ئالدۇرماسلىق مۇستەھەپ. قان ئالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى باھار ئېيىنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ، ئاخىرىغا يېقىنلاش ۋاقتتۇر. ئاينىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا قان ئالدۇرۇش، ئاي تولۇنلىغاندا قان ئالدۇرۇش مەكرۇھ.

ئېيتىلىدۇكى: ئىككى يەلكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قان ئالدۇرۇش پايدىلىق. بويۇن ۋە گەدەندىن قان ئالدۇرۇش مەكرۇھ، چۈنكى بۇ ئۇنۇتقاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قان ئالدۇرۇشمۇ پايدىلىق.

بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەقرە ئىبنى ھابىس كىرگەندە رەسۇلۇللاھ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قان ئالدۇرۇۋاتقان ئىدى، ئۇ زاتقا: ‹بېشىڭىزدىن قان ئالدۇرۇۋاتامسىز؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئى ئىبنى ھابىس، ئەلۋەتتە بۇ قان ئالدۇرۇش باش ئاغرىقىغا، چىش ئاغرىقىغا، ھاسىراشقا، موخو، ئاق كېسەللىك ۋە جىنىنلىك (ساراڭلىق) كېسەللىكگە پايدىلىقتۇر›، دېدى.»

ئەمما ھەمىشە قان ئالدۇرۇش ياخشى ئەمەس، چۈنكى زەرەر بېرىدۇ.
ئاللاھ سۇبھانەھۇ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابىي تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# توقسان ئىككىنچى باب: ھاجەت قىلىش ئەدەبلىرى ھەققىدە

فەقىھ رەھىمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: يولغا، سۇ بويىغا، مېۋىلىك دەرەخ تېگىگە، ئىنسانلار سايىداپ ئولتۇرىدىغان دەرەخ ئاستىغا ھاجەت قىلىش مەكرۇھتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «لەنەتتىن قېچىڭلار.» (لەنەتنى ۋاجىب قىلىدىغان پېئىللاردىن قېچىڭلار)، دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمكى مېۋىلىك دەرەخ تېگىگە ياكى ماڭىدىغان يول ئۈستىگە ياكى سۇ بويىغا ھاجەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، مالائىكىلەرنىڭ، جىمى ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن.» سۈيدۈك توپلانغاندىن كېيىن تۇتۇپ تۇرۇش ياخشى ئەمەس، چۈنكى ئۇ دوسۇنغا زەرەر بېرىدۇ.

بىر تېۋىپكە: «ئوغلىڭىزنىڭ پالان جايدا سۈيدۈكى قىستىدى، ئۇ شۇ يەردىلا ئۇلاغدىن چۈشتى ۋە مەنزىلگىچە سەبىر قىلالمىدى»، دېدى. تېۋىپ: «ئۇلاغدىن چۈشۈپ خاتا ئىش قىپتۇ، شۇ ئىشنى چۈشۈشتىن بۇرۇن قىلماپتۇ – دە»، دېدى.

ھاجەتتە ئۇزۇن ئولتۇرۇش ياخشى ئەمەس. لوقمان ھەكىم قۇلىغا:

www.uyghurkitap.com

«هاجەتخانىدا ئۇزاق ئولتۇرما، چۈنكى بۇنىڭدىن بۇۋاسىر (گىمىروي) كېلىپ چىقىدۇ»، دېگەن ئىكەن.

تاشلىق يەرگە سىيىشمۇ دۇرۇست ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭغا جىن، هاشارات ۋە يىلاندىن ئازار يېتىش خەۋپى بار. ئابدۇللاھ ئىبنى شۇرەھبىل رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن: «سىلەردىن بىرىڭلار تاشقا سىيمىسۇن، چۈنكى بۇ شەيتانلارنىڭ ماكانى»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئېيتىشىدۇكى، سەئد ئىبنى ئۇبادە تاشقا سىيدى، نەتىجىدە ئۇ كىشىگە جىندىن ئاپەت كېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. جىن بۇنى شېئىر قىلىپ ئېيتتى:

خەزرەجنىڭ سەييىدى سەئد ئىبنى ئۇبادىنى ئۆلتۈردۇق،

بىر ئوق ئېتىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىخاتا ئۇردۇق.

## توقسان ئۈچىنچى باب: يالغۇزلۇقنىڭ مەكرۇھلىقى ھەققىدە

فەقىــھ ئېيتىــدۇ: ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىــدۇ: رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام: «ئىنسـانلارنىڭ ئـەڭ يامىنـى يالغـۇز تامـاق يېگەن، ئەلچىنــى چەكلىگــەن ۋە قۇلىنــى ئۇرغــان كىشــى»، دېگــەن. دەرھەقىقــەت، خەۋەرلــەردە كېلىدۇكــى، رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالام كىشــلەرنى يالغــۇز ئۇخلاشــتىن، يالغــۇز ســەپەر قىلىشــتىن مەنئــى قىلغــان ۋە: «شــەيتان يالغــۇز كىشى بىلـەن بىرگـە، ئىككىدىـن ئـۇزاق»، دېگـەن. يەنـە: «بىـر ئۇلاغلىـق بىـر شـەيتان، ئىككـى ئۇلاغلىـق ئىككـى شـەيتان ۋە ئۈچىسـى بىـر كارۋان»، دېگـەن.

سـەئىد ئىبنــى مۇســەييەب رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالامدىن رىۋايــەت قىلىــدۇ: «شــەيتان بىــر ۋە ئىككىگــە ئەھمىيــەت بېرىــدۇ، ئەگــەر ئــۇلار ئــۈچ بولســا، بارالمايــدۇ.»

فەقىــھ ئېيتىــدۇ: «بــۇ گەپلــەر شــەپقەت ئۈچــۈن، ھــارام دەپ ئەمــەس، چۈنكـى كۆپىنچـە دۈشـمەن يالغـۇز كىشـىگە يولۇقىـدۇ، ئەگـەر ئـۇلار جامائـەت بولســا، بىــر – بىرلىرىگــە يــاردەم بېرىــدۇ، ئەگــەر كىشــى ئۆزىگــە ئىشەنســە، يالغۇزلۇقنىـڭ زىيىنـى يـوق، چۈنكـى رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام دىھيـا كەلبىينى رۇم پادىشـاھى قەيسـەرگە يالغـۇز ئەۋەتكـەن.

ئېيتىلىدۇكـى، توپلىنىــش ـــــ قــۇۋۋەت، ئايرىلىــش ـــــ ھالاكــەت. بــۇ مەنــە

www.uyghurkitap.com

ئاللاھ تەئالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام قىسسىسىدىكى سېھرگەرلەر ھەققىدىكى ھېكايىسىدە زىكرى قىلىنغان:

«مىكىر - ھىيلىلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ، كېيىن بىر سەپ بولۇپ كېلىڭلار. بۈگۈن ئۈستۈن بولغان كىشىلەر نىجات تاپىدۇ.» تاھا، 64 - ئايەت.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: «بىرلىشىڭلار، غالىپ بولىسىلەر، ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، مەغلۇپ بولىسىلەر»، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، بىر كىشىنىڭ پىكرى نازۇك يىپتەك، ئىككى كىشىنىڭ پىكرى ئىككى قېتىم ئېشىلگەن يىپتەك، ئۈچ كىشىنىڭ پىكرى ئۈزۈلمەيدىغان كۆپ ئېشىلگەن يىپلارغا ئوخشايدۇ.

ئەگەر بىر جامائەت سەپەر ئۈستىدە بولسا، ئىككىسى ئۈچىنچىسىنى كىشىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مەكرۇھتۇر، چۈنكى بۇ ھال شېرىكلىرىنى رەنجىتىپ قويىدۇ. ئىبنى ئابباس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر ئۈچ كىشى بولسا، ئىككىسى ئۈچىنچىسىسىز ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن»، - دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

# توقسان تۆتىنچى باب: كىرامەن، كاتىبىن ھەققىدە كەلگەن رىۋايەتلەر

فەقىھ ئېيتىدۇ: «ئۆلىمالار كىرامەن، كاتىبىن (بەندىنىڭ نامە - ئەمالىنى يېزىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر) ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇلار ئۇلۇغ كاتىبلاردۇر. بەزىلەر: «ئۇلار ئادەم ئەۋلادىنىڭ ھەممە سۆزلىرى ۋە پېئىللىرىنى يازىدۇ»، دەيدۇ. بەزىلەر: ئۇلار پەقەت ئەجر - ساۋاب ۋە گۇناھ ھېسابلانغان ئەمەللەرنىلا يازىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «ھەممىسىنى يازىدۇ، كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە ساۋاب ۋە گۇناھتىن باشقىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ: ‹ئاللاھ گۇناھلارنىڭ خاھلىغىنىنى كەچۈرۈپ، خاھلىغىنىنى قالدۇرىدۇ› (رەئد، 39 - ئايەت)، دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر»، دېگەن پىكرنى بىلدۈرۈشكەن.

ھىشام ئىبنى ھەسەن ئىكرىمەدىن، ئۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئۇ بىرەر سۆز تەلەپپۇز قىلمايدۇ، ئەمما (تەلەپپۇز قىلسا) ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر - نازىر بولغان بىر كۆزەتكۈچى (پەرىشتە ئۇ سۆزنى يېزىۋالىدۇ).» (قاف، 18 - ئايەت)، دېگەن سۆزى ھەققىدە: «ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىدىن ياخشى ۋە يامىنى يېزىلىدۇ، باشقا نەرسە يېزىلمايدۇ»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلغان.

ھىشام: «ئى غۇلام، سۆزۈڭ ئۆچۈرۈلشى ئۈچۈن ماڭا سۇ، ھايۋانلارغا ئوت بەر»، دېدى. ھەسەن بەسرىي: «گەپ قىلغان ھەممە سۆز يېزىلىدۇ»، دېگەن.

ئىبنى جەرىر: «ئۇ ئىككىسى ئىككى پەرىشتە، بىرسى ئوڭ تەرەپتە، ئىككىنچىسى سول تەرەپتە، ئوڭ تەرەپتىكى شېرىكىنىڭ گۇۋاھلىقىسىز يازىدۇ، سول تەرەپتىكىسى پەقەت شېرىكىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن يازىدۇ. ئەگەر كىشى ئولتۇرسا بىرسى ئوڭ، يەنە بىرسى سول تەرەپتە بولىدۇ، ئەگەر يۈرسە، بىرسى ئالدىدا، يەنە بىرسى ئارقىدا. ئەگەر ئۇخلىسا بىرى باش تەرىپىدە، يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىدە بولىدۇ»، دەيدۇ. بەزىلەر: «ئۇلار تۆت، ئىككىسى كۈندۈزى، ئىككىسى كېچىسى بولىدۇ»، دېيىشىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ئۇلار بەش، ئىككىسى كۈندۈزى، ئىككىسى كېچىسى ۋە بىرسى كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ»، دېگەن.

كاپىرلاردىمۇ كىرامەن، كاتىبىن بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر: «ئۇلاردا كىرامەن، كاتىبىن بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشى ئېنىق، ئەمەللىرى بىر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا:

«(چۈنكى ئۇ كۈندە) جىنايەتچى - ئاسىي كىشىلەر سىيما - بەلگىلىرىدىن تونۇلۇپ، پىشانە ۋە پۇتلىرىدىن ئېلىنىدۇ (ۋە جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ)!» (رەھمان، 41 - ئايەت)، دېگەن، دەيدۇ.

فەقىھ ئېيتىدۇ: بىز بۇ سۆزنى ئاساس قىلمايمىز، بەلكى ئۇلاردىمۇ كىرامەن، كاتىبىن بولىدۇ، دەيمىز. ئايەت كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىدۇر.

ئـۇ پەرىشـتىلەرنىڭ زىكـرى بىلـەن نازىـل بولغـان.

ئالــلاھ تەئالانـــىڭ: «ئــۇلار ســـىلەر قىلىۋاتقـــان ئىشـــلارنى بىلـــدۇ.» (ئىنفىتـار، 12 - ئايـەت) دېگـەن سـۆزىنى بىلمەمسـەن؛ «ئەمـدى ئـۆز كىتابـى سـول قولىدىـن بېرىلگـەن كىشـىگە كەلسـەك، بـەس، ئـۇ ئېيتـىدۇ: «ئېسـىت، كاشـكى، مـاڭا كىتابـىم بېرىلمىسـە ئىـدى›!» (ھاققـە، 25 - ئايـەت). بـەس، ئالــلاھ سـۇبھاناھۇ ۋەتەئـالا ئەلۋەتتـە، كاپىـرلار ئۇچۇنمـۇ كىتـاب، نامـە - ئەمـال ۋە كىرامـەن، كاتىبىــن بارلىقىنــى خـەۋەر قىلـدى. ئۇنـىڭ ياخشـىلىقى بولمىسـا، ئـوڭ تەرەپتىكـى پەرىشــتە نېمىنــى يازىــدۇ، دېيىلســە، جــاۋاب شـۇكى، ســول تەرەپتىكســىنىڭ رۇخســىتى بىلــەن يازىــدۇ. ئـۆزى يازمىســىمۇ، بۇنىڭغـا گـۇۋاھ بولىــدۇ. ئالــلاھ بىلگۈچىــدۇر.

ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىلىكى ئادرېسى

## توقسان بەشىنچى باب: چىكەتكىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر چىكەتكىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر ئۆلتۈرۈش جائىز ئەمەس دېسە، ئەھلى فىقھى زىيىنى يوق، دەيدۇ. ئۆلتۈرۈشنى مەكرۇھ كۆرگەنلەر، چىكەتكىمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ مەخلۇقى، ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەيدۇ، ئۇنىڭغا گۇناھ - يېزىلمايدۇ، دېيىشىدۇ.

ئۆلتۈرۈشنىڭ زىيىنى يوق، دېگەن فەقىھلەر چىكەتكىنىڭ مال - مۈلۈككە زەرەر يەتكۈزىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىشقان. ھەتتاكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ مېلىنى ئالماقچى بولغان مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت بەرگەن. «ئۆز مېلىنى ھىمايە قىلىپ ۋاپات قىلغان كىشى شەھىدتۇر»، دېگەن.

مال- مۈلۈككە، زىرائەتكە زىيان سالىدىغان چىكەتكىنى ئۆلتۈرۈش ياخشىدۇر. ئالىملار يىلان ۋە چايانىنى ئۆلتۈرۈشكە ئىتتىپاق قىلىشقان. چۈنكى ئۇلار ئەزىيەت بېرىدۇ. چىكەتكىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. جابىر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ زات چىكەتكىنى قاغاپ: «پەرۋەردىگارا، كىچىكلىرىنى ھالاك قىل، چوڭلىرىنى ئۆلتۈر، تۇخۇمىنى بۇزۇپ، نەسلىنى قۇرۇت. بىزنىڭ رىزقى - نېسىۋىلىرىمىزدىن كۆڭلىنى

يانـدۇر. ئەلۋەتتـە، سـەن دۇئانـى ئاڭلىغۇچسـەن»، دېگەنـدە، «يـا رەسـۇلۇللاھ، ئالـلاھ تەئالانـىڭ ئەسـكەرلىرىدىن بىرىنـىڭ نەسـلى قۇرىسـۇن، دەپ بەددۇئـا قىلىۋاتامسـىز؟» دەپ سوراشـتى.. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام: «چېكەتكـە دېڭىزدىكـى بېلىقنىـڭ كىچىـك بىـر تۈرىـدۇر.» دېگـەن.

جابىرنىـڭ رىۋايـەت قىلىشـىچە، ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ زامانىـدا چېكەتكە قىرىلىـپ كەتتـى. بۇنىڭدىـن قايغـۇرۇپ ئـۇ زات بىـر ئاتلىقنـى يەمـەن تەرەپكـە، يەنـە بىرىنـى شـام تەرەپكـە، يەنـە بىرىنـى ئىراققـا يولغـا سـالدى. يەمـەن تەرەپكـە كەتكـەن ئاتلىـق بىـر ئۇچـۇم چېكەتكـە كەلتـۈردى. ئۇنـى كـۆرۈپ ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «ئاللاھـۇ ئەكبـەر»، دېـدى. «مـەن رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالامنىڭ: ‹ئالـلاھ تەئـالا مىـڭ خىـل مەخلـۇق ياراتقـان. ئالتـە يـۈزى دېڭىـزدا، تـۆت يـۈزى قۇرۇقلۇقتـا. بۇلاردىـن ئـەڭ ئـاۋۋال قىرىلىـپ كېتىدىغىنـى چېكەتكىـدۇر، كېيىـن باشـقا مەخلۇقاتلارمـۇ ھـالاك بولىـدۇ، بـۇ ھـال خـۇددى يىپـى ئۈزۈلگـەن مارجاننىـڭ چېچىلىـپ كەتكىنىـدەك ئىشـتۇر.›»، دېگەنلىكىنـى ئاڭلىغانمـەن.» ۋەللاھـۇ ئەئلـەم.

# توقسان ئالتىنچى باب: مەسجىدنى بىزەش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: «بەزىلەر مەسجىدنى ئالتۇن سۇيى ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن بېزەش مەكرۇھ دېيىشىدۇ. يەنە بىللەر مۇباھ دەيدۇ.» ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھ، «مېنىڭچە، پۇل مەسجىدنىڭ كىرىمىدىن بولمىسا، بېزەشنىڭ زىيىنى يوق»، - دېگەن.

ئەمما مەكرۇھ دېگەن كىشىلەر ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلىنىدۇ: «ئادەملەرگە شۇنداق زامان كېلىدۇكى، پەقەتلا ئىسلامنىڭ ئىسمى، قۇرئاننىڭ خېتى قالىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئادەملەرنىڭ مەسجىدلىرىنىڭ بىناسى چىرايلىق قۇرۇلغان، قەلبلىرى ھىدايەتتىن بۇرالغان بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئالىملار ئاسمان ئاستىدىكى ئالىملارنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ، ئەنە شۇلاردىن پىتنە چىقىپ، ئۆزلىرىگە قايتىدۇ.»

ئەنەس ئىبنى مالىك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۇنداق قەۋملەر بولىدۇكى، مەسجىدلەرنى بېزەپ، مۇنارلىرىنى ئېگىز قىلىدۇ، بەدەنلىرىنى ياغلايدۇ، قەلبلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئەجىبا، قانداقمۇ دىنلىرى زايا بولمىسۇن.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «مەسجىدلەرنى پەسرەك، شەھەرلەرنى ئېگىزرەك قۇرۇشقا بۇيرۇلغانمىز.»

رىۋايــەت قىلىنىشــىچە، ئەنســارلار رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالامغا مەبلــەغ كەلتــۈرۈپ: «ئــى رەســۇلۇللاھ، بــۇ مالنــى ئېلىــپ مەســجىدىڭىزگە زىننــەت بېرىــڭ»، دېيىشــتى. رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالام: «زىننــەت ۋە تەســۋىرلەر مۇناســىپ ۋە چىــركاۋلار ئۈچــۈنــدۇر. ئاللاھنــىڭ مەســجىدلىرىنى ئاپپــاق قىلىڭلار»، دېگــەن.

بىزەشــنىڭ زىيىنــى يــوق، دېگــەن كىشــىلەر پىكىرلىرىنــى شــۇنداق ئىزاھلىشــىدۇ: «بۇنىــڭ بىلــەن مەســجىدلەر ئۇلۇغلىنىــدۇ. ئاللاھ تەئالامــۇ مەســجىدلەرنى ئۇلۇغلاشــقا بۇيرىغــان:

«(ئــۇ چىــراق) بىــر ئۆيلــەردە (مەســجىدلەردە يېقىلىدۇكــى)، ئاللاھ ئۇلارنــى يۇقىــرى كۆتــۈرۈپ (بىنــا) قىلىنىشــىغا ۋە ئــۇلاردا ئۆزىنىــڭ نامــى زىكــرى قىلىنىشــىغا ئىزنــى بەرگــەن (ئەمــر قىلغــان) ئىــدى.» (نــۇر، 36 - ئايــەت). يەنە بىــر ئايەتتــە:

«ئاللاھنىــڭ مەســجىدلىرىنى پەقــەت ئاللاھقــا ۋە ئاخــىرەت كۈنىگــە ئىمــان كەلتۈرگــەن، نامازنــى تولــۇق ئــادا قىلغــان، زاكاتنــى (ھەقدارلارغــا) ئاتــا قىلغــان ۋە يالغــۇز ئاللاھتىنــلا قورقۇدىغــان كىشــىلەرلا ئــاۋات قىلىــدۇ.» (تەۋبــە، 18 - ئايــەت)، دېگــەن.

ئۇســمان ئىبنى ئەففــان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدلىرىنى قــارا ياغــاچ بىلــەن كۆتــۈرۈپ، چىرايلىــق قىلىپ قويغــان. ئۆمــەر ئىبنــى ئابدۇلئەزىز، نەقــش ســالدۇرۇپ، زىننــەت ۋە قۇرۇلۇشــىغا ئېتىبــار قىلغــان. بــۇ ئــىش ۋالىيلــىق ۋاقتىــدا، خەلىپــە بولۇشــتىن بــۇرۇن بولغــان، ھېــچ كىــم ئــۇ كىشــىنى ئىنــكار قىلمىغــان ئىــدى.

ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ دەمەشق مەسجىدىنى تەمىر قىلىش ۋە بىزەشكە شام خىراجىتىدىن ئۈچ باراۋەر پۇل سەرپ قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام بەيتۇلمۇقەددەسنى ئالاھىدە ياساپ چىققانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئېيتىلىشىچە، قۇرۇلۇشتا نەچچە مىڭ كىشى ئىشلەپ، يەتتە يىل داۋام قىلغان. گۈمبىزىنىڭ قۇببىسىگە قىزىل فاسفوردىن بىر خىش قويۇلغان. ئۇنىڭ يورۇقلۇقىدا ئون ئىككى مىل مۇساپىدە، توقۇمىچىلىق قىلغۇچىلار كېچىلىرى توقۇمىچىلىق قىلالىغان. مەسجىد بۇختەنەسسار ۋە باشقىلار تەرىپىدىن بۇزۇلغۇچە شۇ ھالدا بولغان.

www.uyghurkitap.com

## توقسان يەتتىنچى باب: مەسجىدكە تۈكۈرۈشنىڭ مەكرۇھلىقى ھەققىدە

فەقىھ رەھمەھۇللاھ ئېيتىدۇ: مەسجىد ئىچىگە تۈكۈرۈش مەكرۇھتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن كىيىمگە تۈكۈرۈپ، كېيىن يۇيۇپ تاشلىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«(ئۇ چىراق) بىر ئۆيلەردە (مەسجىدلەردە يېقىلىدۇكى)، ئاللاھ ئۇلارنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ (بىنا) قىلىنىشىغا ۋە ئۇلاردا ئۆزىنىڭ نامى زىكرى قىلىنىشىغا ئىزىن بەرگەن (ئەمر قىلغان) ئىدى.» (نۇر 36 - ئايەت)، دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «مەسجىد نەملىكتىن (تۈكۈرۈشتىن) ئوتقا تاشلانغان تېرىدەك بۇزۇلىدۇ.» ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە تۈكۈرۈكنى كۆرۈپ، قىرىپ تاشلىدى ۋە: ‹بىرىڭلار نامازدا بولغىنىڭلاردا، يۈزىگە تۈفلىنىشنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ تۈكۈرمەكچى بولسا ئۇنىڭ تەرىپىگە ياكى ئالدىغا تۈكۈرمىسۇن. لېكىن سول تەرەپكە ياكى پۇتىنىڭ تېگىگە تۈكۈرسۇن. جاي تېپىلمىسا كىيىمگە تۈكۈرۈپ كېيىن قىرىپ تاشلىسۇن›»، دېگەن.

ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشى مەسجىدنى ئۇلۇغلاپ،

بۇرنىنى ئىچىگە تارتىۋەتسە، ئاللاھ قورسىقىغا شىپا كەلتۈرۈپ، دەردىنى چىقىرىدۇ. مەسجىدتىن باشقا جايلاردا، پۇتىنىڭ ئاستىغا ياكى سول تەرەپكە تۈكۈرۈش كېرەك، ئوڭ تەرەپكە ياكى يېنىغا ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بىرىڭلار تۈكۈرمەكچى بولسا، سول يېنىغا ياكى ئالدىغا تۈكۈرسۇن»، دېگەن.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولغاندا ئوڭ تەرەپكە تۈكۈرەتتى ۋە: «ئىسلامغا كىرگىنىمدىن بۇيان ئوڭ تەرەپكە تۈكۈرمىگەن ئىدىم»، دېگەن. بەزى سالىھلار ھەجگە كېتىۋاتقاندا تەختىراۋاننىڭ سول تەرىپىنى تاللايدىكەن. سەۋەبىنى سورىغاندا: «سول يېنىمغا تۈكۈرۈش ئاسان بولۇشى ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

# توقسان سەككىزىنچى باب: مۇگدەك باسقان كىشىنىڭ نامىزىنىڭ مەكرۇھلىقى توغرىسىدا

فەقىھ ئېيتىدۇ: «كىشىنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ تۇرغاندا ناماز ئوقۇشى مەكرۇھ. لېكىن نامازنىڭ ئەمەل - ئەركانلىرىنى، قىرائەت ۋە باشقا پەرزلىرىنى ئادا قىلسا، جائىز بولىدۇ. مۇگدەك بېسىشتىن قورققان كىشى نامازغا كىرىشتىن بۇرۇن يۈزىگە سۇ سەپسۇن. ناماز ئوقۇۋاتقاندا مۇگدەك باسسا، كەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلسۇن.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىدىن، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بىرىڭلار نامازدا مۈگدەپ قالسا، تا ئۇيقۇسى كەتكۈچە ئۇخلىسۇن، چۈنكى مۈگدىگەن ھالدا ناماز ئوقۇسا، ئاللاھقا ئىستىغفار ئېيتىمەن، دەپ ئۆزىنى سۆكۈپ قويۇشى مۇمكىن»، دېگەن.

ھەمىد ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىرگەندە، ئىككى تام ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان ئارقاننى كۆرۈپ: «بۇ نېمە ئارقان؟» دەپ سورىدى. «پالانچىنىڭ ئارقىنى. ئۇيقۇسى كەلسە، شۇنىڭغا ئېسىلىۋالىدۇ»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ھوشى بىلەن ناماز ئوقۇسۇن. ئۇيقۇ بېسىشتىن قورقسا، ئۇخلىسۇن»، دېدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# توقسان توققۇزىنچى باب: ئىلمۇ ئەدەب ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى ئىلمۇ ئەدەبتىن ئازراق بولسىمۇ ئۆگىنىشى لازىم، چۈنكى بۇ مۇھىمدۇر. كىشى ئىلمۇ ئەدەبتىن بىر كەلىمە بىلسە، ھېچ نەرسە بىلمىگەن كىشىدىن ئەۋزەل بولىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەر بىر نەرسىنىڭ باھاسى بولىدۇ. كىشىنىڭ باھاسى قىلغان ياخشىلىقى ۋە بىلگەن نەرسىلىرىدۇر.» دېگەن.

شەئبىي ئېيتىدۇ: «بىر كىشى شام مەملىكىتىنىڭ بىر چېتىدىن يەمەن مەملىكىتىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېرىپ ئىلىمدىن بىرەر سۆز ئۆگەنسە، بىكارغا سەپەر قىلغان بولمايدۇ.»

ئەييۇب ئىبنى مۇسا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرمۇ ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە گۈزەل ئەدەبتىن ئەۋزەلرەك نەرسىنى بېرەلمەيدۇ.»

بىر پازىل كىشى ئوغلىغا: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئىلىم ئۆگەن، چۈنكى ئۇ جامالىڭ بولمىسا، جامال بولىدۇ، مېلىڭ بولمىسا، مال بولىدۇ.» دېگەن.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ ئالدىغا جىيەنى كېلىپ: «ئى تاغا، ساڭا بالا بولۇشنى سورايمەن»، دېدى. «مۇناسىپسەن»، - دېدى. سۇفيان.

- ئولتۇرۇپ ئۇن ھەدىس ئوقۇ، دېدى. ئوقۇيالمىدى. ئۇن ئايەت ئوقۇ،

دېدى، بۇنىمۇ ئوقۇيالمىدى. ھېچ بولمىسا، ئۇ شېئىر ئوقۇ، دېدى. بۇنىمۇ قىلالمىدى.

يا قىرائەت، يا ھەدىس ۋە يا شېئىر بىلمىسەڭ. نېمىدەپ قىزىمنى ساڭا بېرەي. بوپتۇ، نا ئۈمىد بولما، ئۇ سەن مېنىڭ دىرھەم كەلتۈر»، دېدى.

بىر ھەكىم ئېيتىدۇ: «پايدىلىق ئىلىم ۋە ياخشى ئەدەب سەندىن ھېچ كىم تارتىپ ئالالمايدىغان كەسىپتۇر. بۇ ئىككىسى سېنىڭ ھۆسنۈڭ، زىننىتىڭ، دىنىڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرىتىڭنىڭ ياخشىلىقى ئۈنىڭدا. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى ئۆگىنىشكە بار كۈچۈڭنى سەرپ قىل.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «كىم ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن يول يۈرۈسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەت يولىغا سېلىپ قويىدۇ»؛ «ئۈچ تائىپە قىيامەت كۈنىدە شاپائەت قىلىدۇ: پەيغەمبەرلەر، ئالىملار، شەھىدلەر»؛ «يەر ۋە ئاسماندىكى جانلىقلار ئالىملارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى سورايدۇ»؛ «ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ماڭا ئىبادەتنىڭ پەزىلىتىدىن ياخشىراقتۇر.»

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىنىڭ قىرىق ھەدىس ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى قىرىق مىڭ دىرھەم سەدىقە قىلغىنىدىن ياخشىدۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەر بىر ھەدىس ئۈچۈن جەننەتتە بىر شەھەر بېرىدۇ ۋە قىيامەت كۈنىدە ھەر بىر ھەدىس ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر نۇر بولىدۇ.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر ئەھلى ئىلىمنىڭ «بىلىدىغان كىشىلەر بىلەن بىلمەيدىغان كىشىلەر باراۋەر بولامدۇ؟!» (زۇمەر، 9 - ئايەت) ئايەت كەرىمىدە ئېيتىلغاندىن باشقا پەزىلىتى بولمىسىمۇ يەنىلا ئۇلۇغ بولاتتى.

چۈنكى ئالىمنىڭ جاھىلدىن ئۈستۈنلۈكىنىڭ خەۋىرى بېرىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئىلىمنى زىيادە قىلىشنى تەلەپ قىلىش بۇيرۇلغان:

«ئى پەرۋەردىگارىم، ئىلمىمنى تېخىمۇ زىيادە قىلغىن، دېگىن» (تاھا، 114 - ئايەت). ئالىملارنىڭ مەدھىدە:

«(ئى مۇھەممەد)، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ئېنىق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان – ئىمان كەلتۈرىدىغان كىشى (ھەقنى كۆرمەيدىغان) كور كىشىگە ئوخشامدۇ؟» رەئد، 19 – ئايەت.

«ئاللاھ سىلەردىن ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئىلىم ئاتا قىلىنغانلارنى (بىرقانچە) دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.» (مۇجادىلە، 11 - ئايەت)، دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىپ، ئۇلامالار ئۇچۇن كۆپ پەزىلەتلەر ۋە يۇقىرى دەرىجەلەر بارلىقىنى خەۋەر قىلدى. يەنە بىر ئايەت كەرىمدە:

«ئاللاھ ئادەمگە پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈردى.» (بەقەرە 31 - ئايەت)، دەپ مەرھەمەت قىلىنغان. ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەممە نەرسىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرۈپ، پەرىشتىلەردىنمۇ (دەرىجىسىنى) يۇقىرى كۆتۈردى ۋە ئۇلارغا ئادەمگە سەجدە قىلىشنى بۇيرىدى.

# يۈزىنچى باب: ئۈزۈك تاقاش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئۈزۈك تاقاش ئوڭ قولغىمۇ، سول قولغىمۇ جائىز ۋە مۇباھتۇر، ھەر ئىككى ئەھۋال ھەققىدە خەۋەرلەر كەلگەن، ئەمما ئەر كىشىنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك تاقىشى جائىز ئەمەس. بەزى ئادەملەر تۆمۈردىن ياسالغان ئۈزۈك تاقاشنى مەكرۇھ ساناشقان، بەزىلەر، رۇخسەت بېرىشكەن. نوئمان ئىبنى بەشىر رىۋايەت قىلىدۇ: «ئالتۇندىن ئۈزۈك تاقاپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىردىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ساڭا نېمە بولدى، دوزاخ ئەھلىنىڭ لىباسىنى تاقاپسەن›، دېدى. ئۇنى چىقىرىپ، مىستىن ياسالغان ئۈزۈكنى تاقىدىم ۋە ئالدىغا كىردىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹نېمە بولدى، سەندە بۇت - سەنەملەرنىڭ ھىدىنى سېزىۋاتىمەن›، دېدى. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، قانداق قىلاي؟›، دېدىم. ‹ئۈزۈكنى كۈمۈشتىن قىل، لېكىن ئۇنى بىر مىسقالدىن ئاشۇرما ۋە ئوڭ قولۇڭغا تاقا›، دېدى.»

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈزۈكنى ئاۋۋال ئوڭ، كېيىن سول قولغا سالاتتى، چىقىرىشتا بۇرۇن سول، كېيىن ئوڭ قولدىكىسىنى چىقىراتتى.»

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام،

www.uyghurkitap.com

ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم سول قوللىرىغا ئۈزۈك تاقايتتى.» ئەمر ئىبنى شۇئەيب رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك كۆردى ۋە ئۇنىڭغا ئۇنى چىقىرىپ تاشلاشنى بۇيرىدى، كېيىن ئۇ كىشى ئۇنى تاشلىۋەتتى ۋە قولىغا تۆمۈر ھالقىنى ئالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇنى تاشلا، بۇ ئالدىنقىسىدىنمۇ يامان، بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ لىباسى›، دېدى. بەس، ئۇنىمۇ تاشلىدى ۋە كۈمۈش ئۈزۈكنى تاقىۋالدى، رەسۇلۇللاھ بۇنىڭدىن مەنئى قىلمىدى.» ئەۋف ئىبنى ئەبۇ جۇھەيفە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىدە تۆمۈر ئۈزۈكنى كۆردى ۋە ئۇنى چىقىرىپ تاشلىۋەتتى، كېيىن: ‹سەن كۈمۈش ئۈزۈك تاقا›، دېدى.»

ئەمەش رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئىبراھىم نەخەئىينىڭ قولىدا تۆمۈر ئۈزۈك كۆردۈم ۋە ئۇ: ‹بىر كىشى ماڭا ئىبنى مەسئۇد تۆمۈر ئۈزۈك تاقاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى›، دېدى.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەزى ئادەملەر ئۈزۈك تاقاشنى يامان كۆرۈشتى. ئىلىم ئەھلىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەن. بۇنى مەكرۇھ سانىغانلار، بەزى خەۋەرلەردە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۇلتانلاردىن باشقىلارنى ئۈزۈك تاقاشتىن مەنئى قىلغانلىقىنى ھۆججەت قىلىشتى. بەزى تابىئىنلار: «ئۈزۈكنى پەقەت ئۈچ تائىپە ــ ئەمىر ياكى كاتىپ ياكى ئەخمەق تاقايدۇ»، دېيىشكەن. بەزى خەۋەردە رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىنى ئۇ زاتتىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاقىغان. ئۈزۈك پۈتۈن خەلىپىلىك دەۋرىدە ئۇ كىشىنىڭ

قولـدا ئـدى، كېيـن بـۇ مۇبـارەك ئـۇزۇك ئارـس قۇدۇقـغـا چۈشـۈپ كەتتـى. هـەر قانچـە ئىزدەپمـۇ تاپالمـدى.

ئـۇزۇك تاقـاش سـۇلتانلارغىمۇ، باشـقىلارغىمۇ جائـز، دېگەنلەرگـە كەلسـەك، ئـۇلار رەسـۇلۇللاھ ئەلەيهسسـالامنىڭ سـاهابىلىرى ۋە ئۇلاردـن كېيىنكىلـەر (تابىئىنـلار) هاكـم بولمسـىمۇ، ئـۇزۇك تاقىغانلىقـى هەققدىكـى رىۋايەتلەرنـى هۆججـەت قىلـدۇ.

جەئفـەر ئىبنـى مۇهەممـەد ئاتىسـدىن رىۋايـەت قىلـدۇ: «هەسـەن ۋە هۇسـەين رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇم سـول قولىغـا ئـۇزۇك سـالاتتى ۋە ئۇلارنـىڭ ئۈزۈكلىرىـدە ئالـلاه تەئالانــڭ ئىسـمى بـار ئـدى.»

يـەلا ئىبنـى ئۇبەيـد ئىبنـى سـيرىندىن، ئـۇ كىشـى راشـد ئىبنـى قۇرەيبتـن رىۋايـەت قىلـدۇ: «مـەن مۇهەممـەد ئىبنـى هەنەفەنـى سـول قولـدا ئـۇزۇك تاقىغانلىقىنـى كـۆردۈم» يۇنـۇس ئىبنـى ئىسـهاق: «مـەن قەيـس ئىبنـى ئەبۇهازـم، ئابدۇررەهمـان ئىبنى ئەسـۋەد، شـەئبىي ۋە باشـقىلارنىڭ سـول قولىدا ئـۇزۇك تاقىغانلىقىنـى كـۆردۈم»، دەيـدۇ. ئـۇلار سـۇلتانمۇ، هاكىممـۇ ئەمـەس ئـدى، چۈنكـى سـۇلتان زىننـەت ئۈچـۈن ۋە ئۈزۈككـە موهتاجلىقـى ئۈچـۈن تاقايـدۇ. سـۇلتاندىن باشـقا زىننـەت ۋە ئۈزۈككـە موهتـاج كىشـىلەر هۆكۈمـدە بـاراۋەردۇر. سـۇلتانلارغا جائـز بولغـان نەرسـە باشـقىلارغىمۇ جائـز. بـز مۇشـۇ گەپنـى ئالىمـز.

ئەممـا قـازى ۋە سـۇلتانلاردىن باشـقىلارنىڭ تىلـلا ئـۇزۇك تاقماسـلىقى ئـەۋزەل.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر يۈز بىرىنچى باب: ئۈزۈككە نەقش قويۇش ۋە ئۇنىڭغا خەت يېزىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇشرىكلارنىڭ ئوتى بىلەن يورۇتماڭلار ۋە ئۈزۈكلىرىڭلارغا ئەرەبچە نەقش قىلدۇرماڭلار.»

ھەسەن بەسرىيدىن بۇ ھەقتە سوراشقاندا، «مۇشرىكلار بىلەن ئىشلىرىڭلاردا مەسلىھەتلەشمەڭلەر ۋە ئۈزۈكلىرىڭلارغا ‹مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ› دەپ يازدۇرماڭلار»، دېگەن. ئۇمامە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىنىڭ نەقشى ئۈچ سەتىر ئىدى: ‹مۇھەممەد› بىر سەتىر، ‹رەسۇل› بىر سەتىر، ‹ئاللاھ› بىر سەتىر.»

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزۈكىدە، «نىئمەل قادىرۇللاھ» (ئاللاھ نېمىدېگەن قۇدرەتلىك) دەپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۈزۈكىدە، «ئى ئۆمەر، ئۆلۈم ساڭا يېتەرلىك نەسىھەتتۇر»، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈزۈكىدە، «ئەلۋەتتە سەبىر قىلسەن، بولمىسا پۇشايمان قىلسەن»، ئەلىنىڭ ئۈزۈكىدە، «مۈلك ئاللاھنىڭكى»، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۈزۈكىدە، «غازات قىلساڭ، قىيامەت كۈنىدە سەن ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىدۇ»، دەپ

يېزىلغـان ئـدى.

فەقــھ ئېيتــدۇ: ئۆزۈكنــڭ كۆزىــدە سۈرەت بولۇشـى مەكـرۇھ ئەمــەس، بـۇ نەرسـە كىيـم ۋە ئۆيلەردىكـى سـۈرەتلەرگە ئوخشـمايدۇ، چۈنكـى ئۆزۈكتىكـى سـۈرەتلەر كۆزگــە كۆرۈنمەيــدۇ ۋە بىلىنمەيــدۇ، بەلكــى قارىغانــدا كۆزگــە كۆرۈندىغــان يىرىــك سـۈرەتلەر مەكرۇھتــۇر.

ئەبـۇ ھۇرەيرەنــڭ ئۆزۈكىنــڭ كۆزىــدە ئىككـى پاشـا سـۈرىتى بولغانلىقـى رىۋايـەت قىلىنغـان. ھۇزەيفـە ۋە ئەبـۇ مۇسـانىڭ ئۆزۈكىـدە ئىككـى يولتـۇز نەقىش قىلىنغـان. ئەنـەس ئىبنـى مالىكنـڭ ئۆزۈكىـدە ئىككـى ئـادەم ئارىسـىدا تۇرغـان بىـر شـىر ياكـى ئىككـى شـىر ئارىسـىدا بىـر ئـادەم سـۈرىتى نەقىشـلەنگەنلىكى خەۋەرلــەردە كەلگــەن. ئەگــەر ئـۆزۈك كۆزىــدە ئالــلاھ تەئالانــڭ ياكــى پەيغەمبەرلەردىــن بىرىنــڭ نامـى بولسـا، ھاجەتخانىغا كىرگـەن ۋاقتىـدا ئۆزۈكىنىڭ كۆزىنـى قولـى بىلـەن يۆگـەپ تۇرۇشـى مۇسـتەھەب. ئىسـتىنجا قىلماقچى بولسـا، ئۇنـى ئـوڭ قولىغـا يۆتكەيـدۇ، ئۇنـداق قىلمىسـا، ئۆزۈكتىكـى نامنـى يەڭگـىل سـانىغان ياكـى ئۇلۇغلاشـنى تـەرك قىلغـان بولىـدۇ.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئىككىنچى باب: دارتىما گەپ قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەلۋەتتە، سۆزنى دارتىمىلاپ قىلىشتا يالغاندىن قېچىش بولىدۇ.» سۆزنى دارتىمىلاپ قىلىش دېگەن گەپ كىشىنىڭ بىر نەرسىنى ئويلاپ تۇرۇپ باشقا نەرسىنى ئېيتىشى دېمەكتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:

«ئۇنۇتقىنىم سەۋەبلىك مېنى ئەيىبلىمە» (كەھف، 73 ـ ئايەت)، دېگەن سۆزى ھەققىدە: «مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېسىدىن چىقارمىدى، بەلكى سۆزنى دارتىمىلاپ قىلدى»، دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپكە سەپەر قىلىشنى خالىسا، خۇددى باشقا تەرەپكە چىقماقچىدەك، پالان جايغا يول قانداق، دەپ قويۇپ، كېيىن باشقا جايغا سەپەر قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سىرنى يوشۇرۇش بىلەن ھاجەتلەرنىڭ بىجىرىلىشىگە ياردەم بېرىڭلار، چۈنكى ھەر بىر نېئمەت ئىگىسىگە ھەسەتخور بار»، دېگەن. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەر قەۋمىگە بىر نەرسىنى بۇيرىسا ۋە قەۋمى بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: «ئى پەرۋەردىگار، مەن يالغان ئېيتمىدىم، سەن يالغان گەپ قىلمىدىڭ»، دەيتتى. ئۇلار ئەلى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە ئاڭلىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالاتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۈچ نەرسىدە ـــ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا، ئۇرۇشتا ۋە ئەر – ئايال بىر - بىرىنى رازى قىلىشتا يالغان گەپ قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## بىر يۈز ئۈچىنچى باب: سالام خەت يېزىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى خەت يازسا، ئۇنى مۆھۈرلىشى لازىم، چۈنكى شۈبھە كېتىدۇ، ئادەتمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەن ۋە بۇ ھەقتە خەۋەرلەر بار. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەكتۇبنىڭ ھۆرمىتى ئۇنى مۆھۈرلاشتۇر»، دېگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «قانداق بىر مەكتۇپ مۆھۈرلانمىغان بولسا، ئۇ ئالدام خېتىدۇر» ۋە يەنە: «قانداق بىر سەھىپە مۆھۈرلانمىغان بولسا، بەس، ئۇ ئاددى بىر خەتتۇر»، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئالدىنقىلارنىڭ ئادىتى شۇ ئىدىكى، مەكتۇپ يازغۇچى پالانچىدىن پالانچىغا دەپ ئۆزىدىن باشلايتتى.

ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئېيتىشىچە، خەلىپىگە مەكتۇپ يازسا ئۆزىدىن باشلايتتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالىيلارغا خەت يازغاندا، ئۆزلىرىڭلاردىن باشلاڭلار، دەپ مەكتۇپ يازغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ۋەكىئ ئىبنى داۋۇدتىن، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سىيرىندىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ سەپەر قىلماقچى بولغاندا ئاتىسى مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن ئۇنىڭغا: «ئەگەر ماڭا مەكتۇپ يازماقچى بولساڭ، ئۆزەڭدىن باشلا، چۈنكى ئەگەر سەن مەندىن باشلىساڭ، مەكتۇبىڭنى ئوقۇمايمەن»،

دېگەن.

رەبىئ ئىبنى ئەنەس: «ھېچ بىر كىشى ھۆرمەتتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلۇغ ئەمەس. ئەگەر ساھابىلەر ئۇ زاتقا خەت يازسا، ئۆزلىرىدىن باشلايتتى»، دەيدۇ. ئىبنى سىيرىن ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «فارسلار مەكتۇپ يازسا، ئۇلۇغلىرى ۋە چوڭلىرىدىن باشلايدۇ. بەس، سىلەر ئۆزلىرىڭلاردىن باشلاڭلار»، دېدى.

ئەمما مەكتۇبنى ئۇنىڭدىن (مەكتۇپ يېزىلىۋاتقان كىشىدىن) باشلىسىمۇ جائىز، چۈنكى ئۇممەت ھەممىسى شۇنىڭغا ئىجما قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۇممىتىم زالالەتكە جەم بولمايدۇ»، دېگەن. ئۇممەت شۇنىڭغا جەم بولغان ئىكەن، دېمەك، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن. ئالدىنقى رىۋايەتلەر، مەنسۇخ بولغان. دەرھەقىقەت، بىز ئۇممەتنىڭ ئىجماسى بىلەن ئايەت ناسىخ بولغانلىقىنى كۆردۇق، خۇددى ئاللاھ تەئالانىڭ:

ئەگەر ئاياللىرىڭلار كاپىرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، (ئەمما ئۇلار شۇ خوتۇن ئۈچۈن بېرىلگەن مېھرنى ئۇنىڭ ئېرىگە قايتۇرۇپ بەرمىسە) كېيىن سىلەر ئۇچ ئالساڭلار (ئۇ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلساڭلار ۋە ئولجا ئالساڭلار) ئۇ ھالدا (شۇ ئولجىلاردىن) مەزكۇر ئاياللارنىڭ ئېرىگە ئۇلار چىقىم قىلغان مېھر مىقدارىنى بېرىڭلار! (مۇمتەھىنە، 11 - ئايەت) دېگەن سۆز ئۇممەتنىڭ ئىجماسى بىلەن مەنسۇخ بولغاندەك، ئەمدى ئەھاد خەۋەرنى (رەسۇلۇللاھتىن بىرلا كىشى ئاڭلىغان خەۋەرنى) ئىجما بىلەن تەرك قىلىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەسەن بەسرىي مەكتۇپ يېزىلغان كىشىنىڭ نامى

بىلەن باشلىنىشىنىمۇ يامان كۆرمەيتتى.

فەقىھ ئېيتىدۇ: بىزنىڭ زامانىمىزدا مەكتۇبنى ئۇنىڭ نامى بىلەن باشلاپ، كېيىن ئۆزىنىڭكىنى يېزىشى ياخشىدۇر، چۈنكى ئۆزىنىڭكىدىن باشلاش خەت يېزىلغان كىشىنى مەنستىمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. ئەمما قۇلغا، خىزمەتچىسىگە خەت يازسا، ئۆزىدىن باشلاۋەرسۇن.

كىشىنىڭ سالامغا ئوخشاش مەكتۇبقىمۇ جاۋاب بېرىشى لازىم بولىدۇ. ئىبنى ئابباس مەكتۇبقا جاۋاب بېرىشنى سالامغا ئىلىك ئېلىشتەك ۋاجىپ بىلەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بىر - بىرىڭلار بىلەن گەرچە مۇساپە ئۇزاق بولسىمۇ مەكتۇب ئارقىلىق باغلىنىڭلار.»، دېگەن.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

# بىر يۈز تۆتىنچى باب: ھەزىل - چاقچاق ھەققىدە ئېيتىلغان گەپلەر

فەقىھ ئېيتىدۇ: گۇناھ سانىلىدىغان گەپلەرنى قىلماستىن، ئىنسانلارنى كۈلدۈرۈشنى مەقسەت قىلماستىن، چاخچاق قىلىشنىڭ زىيىنى يوق. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت ھەق سۆز بىلەن قىلىش قىلىمەن ۋە سۆزلەيمەن»، دېگەن. ئەنەس رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن يۈك توشۇشقا تۆگە سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹مەن ساڭا چىشى تۆگىنىڭ بالىسىنى بېرىمەن›، دېدى. ئۇ: ‹مەن چىشى تۆگىنىڭ بالىسىنى نېمە قىلىمەن؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ھەرقانداق تۆگىنى پەقەت چىشى تۆگىلا تۇغىدۇ› دېدى.» ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەتتى ۋە ئۇكامغا: «ئى ئەبۇ ئۇمەير، نېمە قىلدى نۇپەير»، دەيتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر قېرى ئايال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا: «ئاللاھ تەئالاغا دۇئا قىلىڭ، مېنى جەننەتكە كىرگۈزسۇن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: « قېرى ئايال جەننەتكە كىرمەيدۇ»، دېدى. ئۇ ئايال يىغلىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹سىز ئۇنى خاپا قىلىپ

قويدىغىز›، دېيىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

‹دەرۋەقە، بىز ئۇلارنى (ئاھۇ كۆز ھۆرلەرنى) بىرلا قېتىمدىلا پەيدا قىلدۇق (ئۇلار ئانىدىن تۇغۇلمىدى، بەلكى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر قېتىمدا پەيدا بولدى). كېيىن ئۇلارنى ئوڭ تەرەپ ئىگىلىرى ئۈچۈن (ياشتىمۇ، ھۆسنى - جامال ۋە قەددى - قامەتتىمۇ) بىر - بىرىگە تەڭ، ئېرىلىرىغا ئامراق قىزلار قىلىپ قويدۇق.› (ۋاقىئە، 35 - 38 - ئايەتلەر)، دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، بۇنىڭدىن ھىلقى ئايال خۇرسەن بولدى.»

ھەممىاد ئىبنى سەلەمە ئەبۇ جەئفەر ھۇتەمىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇمرە (ئۇمرەنىڭ ئاتىسى) كۈنيەلىك بىر كىشىگە: «ئى ئۇمىمۇ ئۇمرا» (ئۇمرەنىڭ ئانىسى)، دېدى. ئۇ كىشى ئەۋرىتىنى ئىزدەپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۆزەمنى ئايال دەپ ئويلاپ قاپتىمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ ئىنسانمەن، سىلەر بىلەن چاخچاقلىشىمەن»، دېدى.

فەقىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: تولا چاخچاق قىلما، چۈنكى ئۇ ھەيۋەتنى كەتكۈزىدۇ ۋە سالىھ كىشىلەر نەزىرىدە ئابرۇيۇڭنى چۈشۈرىدۇ. ئەخمەقلەر ساڭا جۈرئەت قىلىدۇ، يەڭگىلتەك ھېسابلىنىسەن. ئوتتۇراھالدا ئالاقە بولمىغان كىشىگە ئەخلاقىنى بىلمەي، چاخچاق قىلما. دوست ۋە يېقىنلىرىڭ بىلەن گۇناھ سۆزلەرسىز ۋە ھەددىدىن ئاشماستىن چاخچاقلاشساڭ، زىيىنى يوق، چۈنكى ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇرا ھال بولغىنىدۇر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

# بىر يۈز بەشىنچى باب: پايدىلار ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ۋۆكىئ سەۋردىن، ئۇ مەھفۇزدىن، ئۇ ئەلقەمەدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئاپتاپتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «سايىغا ئۆت، چۈنكى بۇ پايدىلىق»، دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «سايىنىڭ چېتى شەيتان ئولتۇرىدىغان جاي»، دېگەن.

ئەبۇ زۇبەير جابىردىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر ئىش ئۈچۈن بىر كىمگە مەكتۇب يازساڭلار، ئۇنى تۇپراققا سۈرتۈڭلار، چۈنكى بۇ ھاجەتكە تېزرەك يەتكۈزىدۇ، تەلەپنى تېزرەك قاندۇرىدۇ. بەرىكەت تۇپراقتىدۇر»، دېگەن. نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى ئۆتەپ قالماسلىقى ئۈچۈن قولىغا يىپ چىگىۋالاتتى. بۇ يىپ «رەتىمە» (ئەسلەش ئۈچۈن بارماققا باغلىنىدىغان يىپ) دېيىلەتتى.

ئەبۇ نەجىھتىن، ئۇ مۇجاھىدتىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنى ئەسلەپ، ئۇ ھەققىدە سورىدى. بىر كىشى: «مەن يۈزىنى كۆرسەم، تونۇيمەن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بۇ تونۇغانلىق ئەمەس» (ئىسمىنى بىلمىسەڭ، بۇ تونۇغانلىق ئەمەس)، دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئىشىكنى قۇلۇپلاڭلار، سۇ قاچىسىنىڭ

ئاغزىنى ئېتىڭلار، چىراقلارنى ئۆچۈرۈڭلار، چۈنكى چاشقان ئۆينى كۆيدۈرىدۇ»، دېگەن (چاشقان پىلىكنى تارتىدۇ).

نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھېيتگاھقا (ھېيت نامىزىغا) مېڭىپ چىقاتتى، قايتىشتا باشقا يولدىن ئۇلاغقا مىنىپ قايتاتتى. روزا ھېيتتا نامازدىن بۇرۇن ناشتا قىلاتتى. قۇربان ھېيتتا (ناشتىنى نامازدىن) كېيىن قىلاتتى.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ياخشىلىقنى يۈزى چىرايلىق كىشىلەردىن ئىزلەڭلار»، دەيدۇ.

يەھيا ئىبنى ئەبۇكاسىر ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھاكىملىرىغا: «يۈزى، قامىتى چىرايلىق (بىر رىۋايەتتە ئىسمى چىرايلىق) كىشىدىن باشقىسىنىڭ كۆڭلىنى ئالماڭلار»، دېگەن. يەنە: «ئاللاھ، يۈزى، ئاۋازى، ئىسمى چىرايلىق ئادەملەرنىلا رەسۇل قىلىپ ئەۋەتتى»، دەيدۇ. ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكەدىن: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر مىسكىننى ئۈچ قېتىم قايتۇرساڭمۇ، ئۇ قايتمىسا، ئۇنىڭغا كايىشىنىڭ زىيىنى يوق»، دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ قولىدا كىچىك قۇرئان كۆرۈپ: «بۇنى كىم يازدى؟»، دەپ سورىدى. ئۇ: «مەن»، دېدى. ئۆمەر ئۇنى قامچا بىلەن ئۇردى ۋە: «قۇرئاننى ئۇلۇغلاڭلار»، دېدى. ئىبراھىم نەخەئىي: «قۇرئاننىڭ بەك كىچىك يېزىلىشى مەكرۇھ»، دېگەن.

ئەمر ئىبنى ئۇبادە ئېيتىدۇ: «بىر كېچىسى مەسجىدتە تۈنىدىم، مەندە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئويغىنىپ قارىسام، كىيىمىمدە ھەميان باغلانغان ئىدى. ئىچىدە قىرىق دىرھەم ئەتراپىدا پۇل بار ئىكەن. ئەتىنىڭ ئالدىغا

بېرىپ، ئۇنىڭدىن پەتىۋا سورىدىم. ئۇ: ‹سېنىڭ كىيىمىڭگە ھەمياننى باغلىغان كىشى ئۇ نەرسىنى ساڭا بەرمەكچى بولۇپ باغلىغان. ئەگەر ھاجىتىڭ بولسا، ئىشلەت، بىھاجەت بولساڭ، ئۇنى موھتاجلارغا بەر›، دېدى.»

ئىبنى سىيرىندىن: بىز ئەبۇقەتادە بىلەن قىرغاقتا ئىدۇق. بىر چاغدا بىر يۇلتۇز پەسكە ئۇچتى. بىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدۇق، ئەبۇقەتادە بىزنى توسۇپ: «ئۇنىڭغا قارىماڭلار، چۈنكى بىز بۇنىڭدىن چەكلەنگەنمىز›، دېدى.»

ۋۈكىئ ئىبنى زۇئەيب ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا گۈل بېرىلسە، ئۇنى ئېغىزىغا قوياتتى.» ھەسەن: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر بىرىڭلار قىلىچنى يالىڭاچلىسا، ئۇنى قىنىغا سالمىغۇچە باشقىلارغا بەرمىسۇن›، دېدى ۋە شۇ ئىشنى قىلىۋاتقان قەۋمنى كۆرۈپ: ‹مەن بۇنى مەنئى قىلمىغانمۇ؟ بەس، كىم شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن›.»، دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جىنلار ئۈچۈن مال بوغۇزلاشتىن مەنئى قىلدى»، جىنلار ئۈچۈن مال بوغۇزلاش دېگەن، يېڭى ئۆيگە كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قان ئېقىتىشتۇر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەسجىدچاق» ياكى «قۇرئانچە» دەپ كىچىكلەشتۈرۈپ ئېيتىشتىن مەنئى قىلدى.»

شەئبىي ئەبۇ جۇھەيفىدىن، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

قىلىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹قىيامەت كۈنىدە پەردە ئارقىسىدىن بىر نىدا قىلغۇچى:

‹كۆزلىرىڭلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى فاتىمە جەننەتكە كىرگۈچە يېپىپ تۇرۇڭلار›، دەپ نىدا قىلىدۇ›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.»

# بىر يۈز ئالتىنچى باب: دۇنيادا ئىككى قېتىم ئەرگە تەگكەن ئايال ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىنسانلار دۇنيادا ئىككى قېتىم ئەرگە تەگكەن ئايالنىڭ ئاخىرەتتە قايسىسى بىلەن بولۇشى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر، ئىككىنچىسى بىلەن بولىدۇ، دېسە، بەزىلەر، ئىختىيار بېرىلىدۇ، قايسى بىرىنى خالىسا، شۇنىڭ بىلەن بولىدۇ، دېدى. ھەر ئىككى پىرقىنىڭ سۆزىنى دەلىللەيدىغان رىۋايەتلەر بار. ئىككىنچىسى بىلەن بولىدۇ، دېگەنلەر مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفياندىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى ئاساس قىلىدۇ. مۇئاۋىيە ئۇممۇ دەرداغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇممۇ دەردا باش تارتىپ: «ماڭا ئەبۇدەردا: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئايال كىشى ئاخىرەتتە ئاخىرقى ئېرى بىلەن بولىدۇ›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. ئەگەر سەن ئاخىرەتتىمۇ خوتۇنۇم بولۇشىنى خالىساڭ، مەندىن كېيىن ئەرگە تەگمە›، دېگەن»، دېدى.

ئىختىيارى ئۆزىدە بولىدۇ، دېگەنلەر ئۇممۇ ھەبىبەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى ئاساس قىلغان. ئۇممۇ ھەبىبە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ، كۆپىنچە بىز ئاياللار ئىككى قېتىم ئەرگە تېگىمىز. ئاخىرەتتە قايسى بىرى بىلەن بولىمىز؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئىختىيار بېرىلىدۇ، ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىنى ئىختىيار قىلىدۇ»، دېدى.

ئارقىدىن: «ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكى دۇنيا ۋە ئاخىرەت ياخشىلىقى بىلەن بولىدۇ»، دەپ قوشۇپ قويىدى.

# بىر يۈز يەتتىنچى باب: مۇشرىكلارنىڭ باللىرى ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەر توغرىسىدا

فەقىھ ئېيتىدۇ: «مۇشرىكلارنىڭ (بالاغەتكە يەتمەستىن ئۆلۈپ كەتكەن) باللىرى ھەققىدە بەزىلەر، ئۇلار جەننەتتە، بەزىلەر، دوزىختە، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر، جەننەت ئەھلىگە خىزمەت قىلىدۇ، دېگەنلەرمۇ بولدى، يەنە بەزىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە گەپ قىلدى.

بۇ ھەقتە تۈرلۈك خەۋەرلەر بار. ئۇلارنى جەننەتتە بولىدۇ، دېگەنلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر بىر تۇغۇلغان بالا مۇسۇلمان بولۇپ تۇغۇلىدۇ، كېيىن ئاتا _ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي، نەسرانىي ۋە مەجۇسىي قىلىۋېتىدۇ»، دېگەن سۆزلىرىنى ئېلىشقان. ئۇلارنى دوزىختىي، دېگەنلەر، خەدىچە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە ئاساسلىنىدۇ. خەدىچە ئانىمىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن جاھىلىيەت دەۋرىدە ئالدىنقى ئېرىدىن تۇغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەن باللىرى ھەققىدە سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

«چۈنكى سەن ئەگەر ئۇلارنى (يەر يۈزىدە) قالدۇرساڭ، ئۇلار بەندىلىرىڭنى يولدىن ئازدۇرىدۇ ۋە ئۇلار پەقەت كاپىر، ناپاك (كىشىلەر)نى

تۇغۇپ كۆپەيتىدۇ.» (نۇھ، 27 ـ ئايەت)، دېگەن. ئۇلار تۇغۇلغان ۋاقتىدا كاپىر بولغان ئىدى»، دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا گۈدەك بالىنىڭ جىنازىسى ئالدىدىن ئۆتتى ۋە: «ئۇنىڭغا جەننەت، جەننەت قۇشلىرىدىن بىر قۇش بولسۇن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «نەدىن بىلىسىز، ئەگەر ئۇ چوڭ بولسا، ئۇنىڭدىن نېمىلەر سادىر بولاتتى؟» دېدى.

ئۇلار جەننەت ئەھلىگە خىزمەتكار بولىدۇ، دېگۈچىلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئۇشبۇ ھەدىسنى ھۆججەت قىلىشىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۇممىتىمدىن ئېتىۋارسىز تاشلاپ قويۇلىدىغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. ساھابىلەر: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «مۇشرىكلارنىڭ گۇناھ قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئازابلانمايدىغان ۋە ياخشىلىقمۇ قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن ساۋابمۇ بېرىلمەيدىغان گۈدەكلىرى، ئۇلار جەننەت ئەھلىگە خىزمەتكاردۇر.» دېگەن.

ئۇلار ھەققىدە خەۋەر ۋە ئەسەرلەر خىلمۇ خىل بولغاچ، سۈكۈت قىلىش ئەۋزەلدۇر. بىز، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، دەيمىز. ئەبۇ ھەنىفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرى ھەققىدە سورالغاندا: «مەن بۇ ھەقتە بىلمەيمەن»، دېگەن. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن: «مەن بالىلار مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىمەن، لېكىن شۇنى بىلىمەنكى، ئاللاھ تەئالا بىرىنىمۇ گۇناھسىز ئازابلىمايدۇ»، دېگەن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## بىر يۈز سەككىزىنچى باب: پەيغەمبەرلەر زىكرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: خەۋەرلەردە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەرلەر 124000 بولغان، 313 ى رەسۇل، قالغانلىرى رەسۇل ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئەبۇزەر غىفارىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدر كۈنى ساھابىلىرىگە: «سىلەرنىڭ سانىڭلار رەسۇللەرنىڭ ۋە تالۇت قەۋمى دەريادىن ئۆتكەندىكى سان بىلەن باراۋەر»، دېگەن.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇل ئەمەس. پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىلىرىگە چۈشىدە ۋەھيي كېلەتتى، بەزىلىرى بىرەر شەخسنى كۆرمەستىن، ئاۋاز ئاڭلايتتى. رەسۇللەرنىڭ بىرىنچىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ زات پەرزەنتلىرىگە رەسۇل ئىدى. ئاللاھ ئۇنى تۇپراقتىن ئايالى ھاۋۋانى ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ياراتتى. ھاۋۋا ئانىمىز يىگىرمە قېتىم قىرىق ئوغۇل - قىزنى تۇغدى. ئۇلار كۆپىيىپ ئاللاھ تەئالا ئېيتقان دەرىجىگە يېتىشتى:

«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر جاندىن (ئادەمدىن) ياراتقان ۋە ئۇنىڭدىن جۈپتىنى (ھاۋۋانى) ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇ ئىككىسىدىن كۆپ ئەر ۋە ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار!» نىسا، 1 - ئايەت.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى كۇنيەسى ئەبۇ مۇھەممەد ئىدى، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرزەنتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇ ئادەمزاتنىڭ ناملىرى بىلەن كۆنىيە ئالدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىندىكى كۆنىيەسى ئەبۇلبەشەردۇر. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا ئۆلۈكنى، قاننى ۋە چوشقا گۆشىنى ھارام قىلدى. ئەلەيھىسسالام 930 يىل ياشىدى. تەۋرات ئەھلىمۇ ئۇنى زىكرى قىلغان. ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ مىڭ يىل ياشىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شىش ئىبنى ئادەم پەيغەمبەر ۋە رەسۇل ئىدى، ئادەمنىڭ ۋاسىيسى، ئەھدىنىڭ ۋالىيسى ئىدى. ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ: «ئاللاھ شىش ئەلەيھىسسالامغا ئەللىك سەھىپە چۈشۈردى، توققۇز يۈز يىل ياشىدى»، دېگەن. شىس ئەلەيھىسسالام پۈتۈن بەشەرنىڭ ئاتىسى ئىدى، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ نەسەبى ئۇنىڭدا توختايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىدرىس ئەلەيھىسسالام كەلدى، ئۇ ھەم نەبىي ھەم رەسۇلدۇر. ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابى ۋە ئىسلام سۈننەتلىرىنى كۆپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن قەلەم بىلەن خەت يازغان. ئۇ كىشى پاختىدىن كىيىم تىكىپ كىيگەن بىرىنچى ئىنسان ئىدى، ئادەملەر ئۇ زاتتىن ئىلگىرى تېرە ۋە يۇڭدىن كىيىم كىيەتتى. ئۇ دەۋەت قىلغان ئادەملەردىن مىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇ زات نۇھنىڭ ئاتىسىنىڭ بوۋىسىدۇر. 365 يېشىدا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئاللاھ تەئالا:

«ۋە بىز ئۇنى يۇكسەك مەرتىۋىگە كۆتۈردۇق.» (مەريەم، 57 ـ ئايەت)، دېگەن. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوتتۇز سەھىپە چۈشۈرگەن.

ئۇندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولدى، ئۇ زاتنىڭ ئىسمى شاكىر ئىدى. ئاللاھتىن قورقۇپ كۆپ يىغلىغانلىقى سەۋەبلىك نۇھ (يىغلىغۇچى) دەپ ئاتالدى. ئۇ كىشى ھۆكۈملەرنى نەسخى قىلغان ۋە

شەرىئەتكە بۇيرىغان بىرىنچى ئادەم ئىدى. بۇرۇن كىشىنىڭ ئۆز سىڭلىسىغا ئۆيلىنىشى مۇباھ ئىدى ۋە بۇ ئىش ئۇ زاتنىڭ دەۋرىدە ھارام قىلىندى. نەتىجىدە قەۋمى ئۇنى يالغانچىغا چىقاردى ۋە ئاللاھ ئۇلارغا توفان بالاسىنى ئەۋەتتى. دۇنيانىڭ ھەممىسى غەرق بولدى، پەقەت ئۇ كىشى بىلەن كېمىدە قىرىق ئەر ۋە قىرىق ئايال ساق قالدى. ئۇلار كېمىدىن چىققاندا، ھەممىسى ھالاك بولدى، پەقەت نۇھنىڭ پەرزەنتلىرى سام ۋە ھام، يافەس ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى قالدى. ئاللاھ تەئالا:

«ئۇنىڭ زۇررىيتىنى (تا قىيامەتكىچە) باقىي قالغۇچى كىشىلەر قىلىپ قويدۇق.» (سافات، 77 - ئايەت)، دېگەن، ئۇلار ئاز - ئازدىن تۇغۇلۇپ كۆپەيدى. ئەرەب، فارس ۋە رۇملۇقلارنىڭ ھەممىسى سامنىڭ ئەۋلادى، ھەبەش، سىند ۋە ھىندلار ھامنىڭ پەرزەنتلىرى، يەجۇج ۋە مەئجۇجلەر، ساقالىبە ۋە تۈركلەر يافەسنىڭ باللىرىدۇر.

ئۇ زاتتىن كېيىن ھۇد ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئۇ زات ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھۇد ئىبنى ئىبنى تارىخ ئىبنى جاۋاب ئىبنى ئايۇس دەپ ئاتاشقان. ئاللاھ تەئالا ئۇ زاتنى ئاد قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. بەزىلەر ئاد قەبىلىنىڭ نامى دېسە، بەزىلەر پادىشاھلىرىنىڭ ئىسمى، ئۇلار پادىشاھلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى، دەيدۇ. ئۇلار ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى، شۇ سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارغا ھالاكەتلىك شامال ئەۋەتىپ، ھەممىسىنى ھالاك قىلدى.

كېيىن سالىھ ئىبنى ئۇبەيد كەلدى. ئۇ كىشىنى سالىھ ئىبنى قانۇ دېيىشەتتى. ئاللاھ سالىھ ئەلەيھىسسالامنى سەمۇد قەۋمگە ئەۋەتتى. سەمۇد

__ ھجىر زېمىنىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ نامى. قەبىلە مانا شۇ قۇدۇقنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. سەمۇد قەۋمى ئۇ زاتنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇ زاتتىن تاغدىكى ئۇيۇل تاشتىن تۆگە چىقىرىشنى سورىدى. سالىھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ زاتنى يالغانچىغا چىقىرىپ، تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تۆگىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ يۈزى قىزىل، كۆزى كۆك ئىدى. ئۇ قادىر ئىبنى سالىف بولۇپ، قەۋمىنىڭ ئەڭ بەدبەختى ئىدى. ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا:

«ئۆز ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ئەڭ بەدبەختلىرى (مۆجىزە بولۇپ كەلگەن تۆگىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) ئالدىرىدى»، (شەمس، 12 ـ ئايەت)، دېگەن. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇلارنى چاقماق ۋە زىلزىلە بىلەن ھالاك قىلدى.

كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئۇ زاتنى ئىبنى ئازار ئىبنى تارىخ ئىبنى ناخۇر دېيىشەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىسۋاك ئىشلەتكەن، سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلغان، چېچى ئاقارغان، خەتنە قىلىنغان، ئىشتان قىلىپ كىيگەن، ناننى ئۇششاتقان، مېھماندوستلۇق قىلغان بىرىنچى كىشىدۇر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت __ ئىسمائىل، ئىسھاق، مەديەن ۋە مەدائىن ئىسىملىك ئوغۇللىرى بولغان. ئالتە ياكى ئون ئىككى ئوغلى بولغانمۇ دېيىلىدۇ.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام رەسۇل بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئاتىسىدۇر. ئىسھاق ئەلەيھىسسالاممۇ رەسۇل ئىدى، ئۇ زاتنىڭ يەئقۇب ۋە ئىيسۇ دېگەن قوش كىزەك ئوغلى بار ئىدى. يەئقۇب ئىيسۇدىن كېيىن تۇغۇلغان، شۇ سەۋەبلىك يەئقۇب (ئەگەشكۈچى) دەپ ئاتالغان. ئۇ زات بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاتىسىدۇر. ئۇ زاتنى ئىسرائىل دەپمۇ ئاتايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تىلىدا ئابدۇللاھ

ـــ ئاللاھنىڭ قۇلى دېگەن بولىدۇ. ئىيسۇ رۇمنىڭ ئاتىسى.

لۇت ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن زاماندىاش بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. سارە لۇتنىڭ سىڭلىسى ۋە ئۇ ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى. لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئىبنى ھارۇن ئىبنى تارىخ ئىبنى ناخۇر دېيىشكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئەييۇب ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولدى. ئۇ زات لۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن نەۋرە تۇغقان بولۇپ، مۇسا دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىدى. خوتۇنى لەييا بولسا يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ئىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى راما ئىدى دېگەن گەپمۇ بار.

ئۇنىڭدىن كېيىن شۇئەيب ئىبنى نۇۋەيب كەلدى. ئاللاھ ئۇ زاتنى مەديەن ئەھلىگە ئەۋەتتى. مەديەنلىكلەر شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ ئۇلارنى چاقماق ۋە زىلزىلە بىلەن ھالاك قىلدى.

كېيىن مۇسا ۋە ھارۇننى ئەۋەتتى. ئۇلار ئىمراننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. ئاللاھ بۇ ئىككى پەيغەمبىرنى مىسىر پىرئەۋنى ۋەلىد ئىبنى مۇسئەبكە ئەۋەتكەن. كېيىن يۇشەئ ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئۇ زات مۇسانىڭ خەلىپىسى ئىدى.

كېيىن يۇنۇس ئىبنى مەتتا ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئاللاھ ئۇ زاتنى بېلىق بىلەن سىنىدى. بېلىق يۇتقاندا ئۇ كىشى ئۆزىنى كۆپ مالامەت قىلدى. بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كۈن ياتتى. (ئالتە كۈن، قىرىق كۈن ياتقانمۇ دېيىلىدۇ.) ئاللاھ ئۇنى مۇسۇل قىشلاقلىرىدىن نىيناۋا خەلقىگە

ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇ زاتنى ئىنكار قىلدى، نەتىجىدە ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتتى. ئىمان كەلتۈرۈشكەندىن كېيىن، ئۇستىدىن ئازاب كۆتۈرۈلدى.

كېيىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئاتىسىنىڭ ئىسمى يۇشەدۇر. داۋۇد ئەلەيھىسسالام رەسۇللەردىن ئىدى. بەنى ئىسرائىل پادىشاھى بولغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن زەكەرىيا ئىبنى مەسسان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلياس ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئاللاھ تەئالا ئىلياس ئەلەيھىسسالامنى بەئلەبەككە ئەھلىگە رەسۇل قىلىپ ئەۋەتتى. ئەليەسەئ ئەلەيھىسسالام ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ شاگىرتى ۋە كېيىن ئۇ زاتنىڭ خەلىپىسى بولدى. ئەسباتلار يەئقۇب ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىدىن تارقالدى، ئۇ زاتنىڭ ئون ئىككى پەرزەنتى بار ئىدى. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام مىسىر زېمىنىدا 17 يىل ياشىدى، يېشى 147 ياشتا ئىدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتتىن كېيىن 23 يىل ئۆمۈر كۆردى. 120 يىل ياشىدى، 110 يىل ياشىدى، دېگەن گەپمۇ بار.

كەئبۇل ئەھباردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بەزى كىتابلاردا پەيغەمبەرلەردىن ئونى خەتنە قىلىنغان ھالەتتە تۇغۇلغانلىقى يېزىلغان: ئاللاھ تەئالا ئادەم، شىس ئىبنى ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، لۇت، ئىسمائىل، يۇسۇف، زەكەرىيا، ئىيسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خەتنە قىلىنغان ھالەتتە ياراتتى.»

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھتىن زىكرى قىلىنىدۇ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن توفاننىڭ ئوتتۇرىسى 2240 يىل ئىدى. توفان بىلەن نۇھ

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسى 350 يىل، نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسى 2240 يىل، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسى 900 يىل، مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسى 500 يىل، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسى 1100 يىل ئىدى.» بەزىلەر، بۇ سان توغرا ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«ئاد، سەمۇد (قەۋمىنى) ۋە قۇدۇق ئىگىلىرىنى (شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى سەۋەبلىك قۇدۇققا غۇلاپ ھالاك بولغان كىشىلەرنى) ھەمدە شۇ ئارىدىكى نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى (ھالاك قىلدۇق)!» (فۇرقان، 38 - ئايەت)، دەپ ئوتتۇرىدا بەك ئۇزۇن زامان ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭ مىقدارىنى ئاللاھ تەئالادىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلىك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە ئۈزۈلۈپ قالدى. باشقىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈزۈلۈشمۇ شۇنداق ئىدى. ئاللاھ تەئالا:

«ئى ئەھلى كىتاب، مانا ئەلچىمىز (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئاۋۋالقى پەيغەمبەرلەردىن ئۇزۇن زامان ئۆتۈپ: ‹بىزگە نە بىر (جەننەت ھەققىدە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە نە بىر (دوزاخ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىگەن›، دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە دىن ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدى. ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر!» (مائىدە، 19 - ئايەت)، دېدى. بۇ فىترەت، يەنى «ئۈزۈلۈش» دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى دىن ئۈزۈلۈپ قالغان. قەتادە ئىككىسىنىڭ ئارىسى 560 يىل ئىدى، دەيدۇ. كەلبىي 540 يىل دېگەن. مۇقاتىل 600 يىل دېگەن. زەھھاكمۇ شۇنداق

دېگەن. ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھ ئىككىسىنىڭ ئارىسى 620 يىل، دەيدۇ.

ئاللاھ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا مەلۇم بولغان كىتابلار تۆت: مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن تەۋرات؛ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن زەبۇر؛ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ئىنجىل؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن فۇرقان (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ سالاتۇ - سالامى بولسۇن).

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تەئالا يۈز سەھىفە ۋە تۆت كىتاب نازىل قىلدى: تۇنجى سەھىپە شىس ئىبنى ئادەمگە، 30 سەھىپە ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا، 20 سەھىپە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولدى. ئادەملەر زۇلقەرنەيىن ۋە لوقمان ھەققىدە ئۇلار پەيغەمبەر بولغانمۇ ياكى يوقمۇ، دەپ ئىختىلاپ قىلىشتى. كۆپچىلىك ئەھلى ئىلىملەر، لوقمان ھەكىم بولغان، نەبىي بولمىغان، زۇلقەرنەيىن بولسا سالىھ پادىشاھ بولغان، پەيغەمبەر بولمىغان، دېيىشتى. ئىكرىمە: «زۇلقەرنەينمۇ، لوقمانمۇ پەيغەمبەر بولغان»، دەيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن زۇلقەرنەيىن ھەققىدە سوراشقاندا: «ئۇ سالىھ كىشى بولغان»، دەپ جاۋاب بەرگەن. بەزىلەر: «زۇلقەرنەيىن دەپ ئاتىلىشى فارس ۋە رۇم پادىشاھى بولغانلىقى ئۈچۈن»، دەيدۇ. بەزىلەر: «ئۇنىڭ بېشى شاخقا ئوخشاش ئىدى»، دېسە. بەزىلەر: «ئۇ قۇياشنىڭ ئىككى تەرىپى، يەنى مەغرىب - مەشرىققىچە ساياھەت قىلغانلىقى ئۈچۈن»، دېگەن. بەزىلەر: «ئۇ ئىككى قەرنە — ئىككى ئەسىر ياشىدى»، دەيدۇ. بەزىلەر: «ئۇ يىگىتلىك چېغىدا، چۈشىدە قۇياشقا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئىككى شېخىدىن تۇتتى ۋە بۇنى ئۆز قەۋمىگە خەۋەر قىلدى. نەتىجىدە ئۇنى زۇلقەرنەيىن دەپ ئاتاشتى. ئەسلى



www.uyghurkitap.com

نامى ئىسكەندەر ئىدى»، دەيدۇ.

ئېيتىلىدۇكى، پەيغەمبەرلەردىن بەشىنىڭ تىلى ئەرەبىيدۇر. ئىسمائىل، هۇد، سالىھ، شۇئەيب ۋە مۇھەممەد (سەلەۋاتۇللاھى ۋە سەلامۇھۇ ئەلەيھىم ئەجمەئىن).

ئادەملەر ئىبراھىم بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغاندىكى بالا ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر ئۇ ئىسمائىل، بەزىلەر ئىسھاق دەيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئىكرىمە، مۇقاتىل، كەبۇلئەخبار ۋە ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھلەر، ئىسھاق ئىدى، دېگەن. ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، مۇجاھىد، مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىي ۋە كەلبىيلەر: «ئۇ ئىسمائىل ئىدى»، دېگەن. بۇ سۆز كىتاب ۋە سۈننەتكە ماس. چۈنكى كىتابتا ئاللاھ تەئالا:

«بىز (ئىسمائىلنىڭ) ئورنىغا (ئىبراھىمغا) چوڭ بىر (قوچقار) قۇربانلىقنى بەدەل قىلىپ بەردۇق (چوڭ بىر قوچقارنى جەننەتتىن چۈشۈردۇق).» (سافقات، 107 - ئايەت)، دەيدۇ. زەبھى قىسسىسىدىن كېيىن:

«يەنە بىز ئۇنىڭغا ــــ پەيغەمبەر بولىدىغان ياخشىلاردىن (بولىدىغان) ئىسھاقنىڭ خۇشخەۋىرىنى بەردۇق» (سافقات، 112 - ئايەت)، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئىككى زەبىھنىڭ ئوغلىمەن»، يەنى، ئاتىسى ئابدۇللاھ ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام. پۈتۈن ئۈممەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن دەپ ئىتتىپاق قىلغان. تەۋرات ئەھلى قۇربانلىق ئۈچۈن ياتقۇزۇلغان بالا ئىسھاق ئىدى، دەيدۇ.

ئېيتىشىچە، دۇنيا ئۆتكەن پادىشاھلاردىن تۆتىدىن باشقىسى پۈتۈن دۇنياغا پادىشاھلىق قىلالمىغان: ئىككىسى مۇسۇلمان ۋە ئىككىسى كاپىر. ئىككى مۇسۇلمان — سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ۋە زۇلقەرنەيىن. ئىككى كاپىر — نەمرۇد ئىبنى كەنئان ۋە بۇختەننەسىر. ئۇ مۇقەددەس بەيتۇللاھنى خاراپ قىلغان ۋە ئاھالىسىدىن يەتمىش مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يەتمىش مىڭنى ئەسىر ئالغان. ئەسىرلەرنى بابىلغا ئېلىپ بارغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دانىيال ئەلەيھىسسالاممۇ بار ئىدى. تېخى كىچىك ئىدى. ئۇ كىشى نەبىي بولغان.

تۆت بوۋاق گەپ قىلغان. بىرسى ئىيسا ئىبنى مەريەم، ئىككىنچىسى ئەسھابۇلئۇخدۇد، ئۈچىنچىسى جۇرەيج راھىب قىسسىسىدىكى بالا، تۆتىنچىسى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھىبلىرىدىن.

ئاللاھ تەئالا: «(يۇسۇف) ئېيتتى: ‹ئۇنىڭ ئۆزى مېنى يولدىن ئازدۇرماقچى بولدى›. (شۇ چاغدا زۇلەيخانىڭ) ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرى گۇۋاھلىق بېرىپ: ئەگەر يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكى ئالدى تەرەپتىن يىرتىلغان بولسا، ئۇ ھالدا (زۇلەيخانىڭ) گېپى راستتۇر ۋە (يۇسۇف) يالغانچىلاردىندۇر.» (يۇسۇف، 26 ـ ئايەت)، دېگەن. ئىنسانلار بۇ ئايەت ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان.

بەزىلەر گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەم كاتتا ئادەم ئىدى، ياش بالا ئەمەس، دېيىشتى.

كەئبۇل ئەھباردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا كۆردۈمكى (ئۇلارغا ئاللاھنىڭ سالاتى ۋە سالامى بولسۇن)، ئادەم ئەلەيھىسسالام

930 يــل، نــۇھ ئەلەيھىســسالام 950 يــل، ئىبراھــم ئەلەيھىســسالام 195 يــل، ئىســمائىل ئەلەيھىســسالام 137 يــل، ئىســھاق ئەلەيھىســسالام 180 يــل، يەئقــۇب ئەلەيھىســسالام 149 يــل، يۇســۇف ئەلەيھىســسالام 123 يــل، داۋۇد ئەلەيھىســسالام 70 يــل، سـۇلايمان ئەلەيھىســسالام 180 يــل، شـۇئەيب ئەلەيھىســسالام 254 يــل، سـالىھ ئەلەيھىســسالام 180 يــل، ھـۇد ئەلەيھىســسالام 165 يــل، ئىيسـا ئەلەيھىســسالام 33 يــل، پەيغەمبىرىمىــز مۇھەممــەد ئەلەيھىســسالام 63 يــل ئۆمــۈر كۆرگــەن.» ئالــلاھ سـۇبھانەھۇ ۋەتەئـالا ئــەڭ بىلگۈچىــدۇر.

ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىر يۈز توققۇزىنچى باب: ئاللاھ تەئالا ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تەئالا 18 مىڭ ئالەمنى ياراتتى، بۇ دۇنيا بىر ئالەم»، دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «ئاللاھ تەئالا زېمىندا مىڭ ئۈممەتنى ياراتتى 600 نى دېڭىزدا، 400 نى قۇرۇقلۇقتا.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «ئاق خورازنى سۆكمەڭلار، چۈنكى ئۇ نامازغا – ئىبادەتكە چاقىرىدۇ.» ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ئېيتىدۇ: «كەئب ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ئى كەئب، ماڭا بەيتۇلمەئمۇر ھەققىدە گەپ قىلىپ بەر، ئۇ نەدە؟»، دېدى. «ئۇ تۆتىنچى ئاسماندىكى ئۆي. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا يەتمىش مىڭ پەرىشتە كىرىدۇ، بىر قېتىم كىرگەن پەرىشتە تا قىيامەت قايىم بولغۇچە قايتا كىرەلمەيدۇ»، دېدى كەئب.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەخلۇقاتلارنىڭ قايسىسىنىڭ قاتتىق، كۈچلۈكلۈكى ھەققىدە سورىدى. ئۇ زات: «مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ئىگىز تاغلار، تۆمۈر ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك، تاغلار تۆمۈر بىلەن

كېسىلىدۇ، ئوت تۆمۈردىن غالىپ كېلىدۇ. سۇ ئوتنى ئۆچۈرىدۇ، بۇلۇت سۇنى كۆتۈرىدۇ، شامال بۇلۇتنى كۆتۈرىدۇ، ئىنسان شامالدىن بىنا قۇرۇش بىلەن غالىپ كېلىدۇ، ئۇيقۇ ئىنسانغا غالىپ كېلىدۇ، غەم ئۇيقۇغا غالىپ كېلىدۇ. ئاللاھ تەئالا ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى غەم ۋە ئۆلۈمدۇر»، دېگەن.

www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئونىنچى باب: ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تەئالا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ بىرىنچىسى قەلەم. ئاللاھ ئۇنى خاھلىغىنىچە تاشلاپ قويدى، ئۇ تامچە - تامچە بولۇپ تامدى ۋە مىڭ يىل ئاقتى. قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغان نەرسىلەرنى يازدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىلىقنى ياراتتى ۋە يەرنى ئۇنىڭ ئۈستىگە جەملىدى.»

ئېيتىلدۇكى، ئاللاھ زېمىننى يارىتىشتىن بۇرۇن، زېمىننىڭ ئورنى پۈتۈنلەي سۇ بولغان. نەتىجىدە كەئبىنىڭ ئورنىدا كۆپۈك توپلانغان. كېيىن قۇرۇپ قىزىل دۆۋە پەيدا بولغان. بۇ يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈمان بولۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن، ھەتتا ئاسمانغا يەتكەن. ئاللاھ تەئالا ئۇنى يېشىل مارجان قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاسماننى ياراتقان. دۈشەنبە كۈنى بولغاندا قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنى ياراتقان. كېيىن زېمىننى يايغان. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ:

«(ئى مۇشرىكلار)، سىلەرنى يارىتىش قىيىنراقمۇ ياكى ئاسماننىمۇ؟ (ئاللاھ) ئاسماننى بىنا قىلدى.» (نازىئات، 27 - ئايەت)، دېگەن سۆزىدە خەۋەر قىلىنغان. سەيشەنبە كۈنى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى، قۇشلارنى ياراتقان. چارشەنبە كۈنى دەريالارنى ئاققۇزغان، دېڭىزلارنى بويسۇندۇرغان،

دەرەخلەرنى ئۆستۈرگەن، رىزقلارنى تەقسىم قىلغان ۋە بەلگىلىگەن. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئۇ زات (زېمىننىڭ) ئۈستىدە تاغلارنى (پەيدا) قىلدى ۋە ئۇنى بەرىكەتلىك قىلدى ھەمدە شۇ (زېمىن)دە ئۇنىڭ يېمەكلىرىنى (زېمىن ئەھلىنىڭ رىزقى - نېسىۋىلىرىنى) تولۇق تۆت كۈندە بەلگىلەپ - تەقسىملىگەن. (بۇ تەپسىلات) سورىغۇچىلار ئۈچۈن جاۋاپتۇر.» (فۇسسىلەت، 10 - ئايەت)، دېگەن سۆزىدۇر. ئېيتىشىچە، زېمىن سۇ يۈزىدە چايقىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تەئالا مۇستەھكەم تاغلارنى ياراتتى ۋە ئۇلارنى زېمىنگە قوزۇق قىلدى. نەتىجىدە زېمىن ئۆز ئورنىدا قارار تاپتى.

پەيشەنبە كۈنى جەننەت ۋە دوزاخنى ياراتتى. جۈمە كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى خەلق ئەتتى ۋە ئاسماندا ئون ئىككى بۇرج يۇلتۇزنى ياراتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا ئېيتىدۇ:

«ئاسماندا بۇرۇجلارنى پەيدا قىلغان زات بەرىكەتلىك – بۈيۈكتۇر» فۇرقان، 61 – ئايەت.

«بۇرۇجلار ئىگىسى بولغان ئاسمانغا قەسەم» بۇرۇج، 1 - ئايەت.

بۇرۇجلارنىڭ ناملىرى: ھەمەل، ئۇي، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، سۇنبۇلا، مىزان، ئەقرەب (چايان)، قەۋس، جەدىي (ئۆچكە)، دەلۋە، ھۇت.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «ئاي 40 تە 40 پەرسەخ، قۇياش 60 تا 60 پەرسەختۇر، ھەر بىر يۇلتۇز دۇنيادىكى تاغدەك بار.» بەزىلەر: «قۇياش دۇنيا كەڭلىكچىلىكتۇر، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا دۇنيانىڭ ھەممىسىنى يورۇتالماس ئىدى، ئايمۇ شۇنداق»، دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «يۇلتۇزلار خۇددى قەندىلدەك ئاسمانغا مۇئەللەق ئېسىلغاندۇر.» بەزىلەر: «يۇلتۇزلار ئىشىكلەر ۋە ساندۇقلاردىكى يۇلتۇزلاردەك ئاسمانغا ئورناشقاندۇر»، دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «چاقماق بۇلۇتلارنى ھەيدەيدىغان پەرىشتىنىڭ ئىسمى، ئىنسانلار ئاڭلايدىغان ئاۋاز بولسا ئۇنىڭ ئاۋازى.»

ئېيتىلىدۇكى، گۈلدۈرماما بۇلۇتلارنى ھەيدەيدىغان پەرىشتىلەرنىڭ قوللىرىدىكى يول ئاچىدىغان ئەسۋاب.

ئېيتىلىدۇكى، «ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە 500 يىللىق يول، مەشرىق ۋە مەغرىبنىڭ ئارىسى 500 يىللىق يول، بۇنىڭ كۆپ قىسمى چۆل، دېڭىز، تاغلاردۇر ۋە ئاز قىسمى ئىنسانلار ياشايدىغان جايلاردۇر. بۇنىڭمۇ كۆپ قىسمى كاپىرلار ۋە ئاز قىسمى مۇسۇلمانلاردۇر. دۇنيانىڭ ئەتراپى زۇلمەتتۇر، زۇلمەتنىڭ ئالدىدا قاف تېغى جايلاشقان. بۇ تاغ يېشىل زۇمرەتتىن بولۇپ، ئاسماننىڭ چېتى ئۇنىڭغا يېپىشقان.»

ئېيتىلىدۇكى: «دۇنيادا ھەر قانداق بىر تاغ بولسا، ئۇنىڭ يىلتىزى بۇ قاف تېغىغا باغلانغان بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تەئالا بىر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى بولسا، پەرىشتىگە ئەۋەتىدۇ، پەرىشتە تاغنىڭ يىلتىزىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ.»

ئىبنى بۇرەيدە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيا ئاسمىنى قاتۇرۇلغان دولقۇندۇر ۋە ئىككىنچىسى ئاق زۇمرەتتۇر، ئۈچىنچىسى تۆمۈردىندۇر، تۆتىنچىسى ئالتۇندىن، بەشىنچىسى مىستىن، ئالتىنچىسى كۈمۈشتىن،

يەتتىنچىسى تىللا پەردىدۇر. يەتتىنچىسى ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىن ئالدىنقىلىرىنىڭ ئارىسىدا نۇردىن تولغان دېڭىز بار.» كەئب: «يەتتىنچىسى ياقۇتتىن»، دەيدۇ. بۇلار پەقەت مۇنەججىملەرنىڭ سۆزى ئەمەس، تەۋھىد ئەھلىنىڭ سۆزلىرىدۇر. ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز ئون بىرىنچى باب: جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: جەننەت ئاللاھ تەئالا ئېيتقاندەك تۆتتۇر:

«پەرۋەردىگارى (ھۇزۇرىدا) تۇرۇشتىن (ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگار ئالدىدا تۇرۇپ، ھاياتى دۇنيادا قىلىپ ئۆتكەن بارچە ئەمەللىرىگە جاۋاب بېرىشتىن) قورققان كىشى ئۈچۈن ئىككى جەننەت باردۇر.» (رەھمان، 46 - ئايەت)، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە: «ئۇ ئىككى (جەننەت)تىن تۆۋەنرەكتە يەنە ئىككى جەننەت باردۇر.» (رەھمان، 62 - ئايەت). بەس، بۇلارنىڭ بىرىسى جەننەتۇلخۇلد، ئىككىنچىسى جەننەتۇلفىردەۋس، ئۈچىنچىسى جەننەتۇلمەئۋا ۋە تۆتىنچىسى جەننەتۇ ئەدن. جەننەتلەرنىڭ ئىشىكى سەككىز، بۇ ھەقتە خەۋەرلەردە كەلگەن، لېكىن ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابىدا ئىشىكلەرنىڭ سانى زىكرى قىلىنمىغان. بەزىلەر ئېيتىشىدۇكى، ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابىدا جەننەت ئىشىكىنىڭ سەككىزلىكىگە دەلىل بار، چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

«قاچان ئۇلار دەرۋازىلىرى ئېچىلغان ھالدىكى (جەننەتكە) كېلىپ يەتكەندە...» (زۇمەر، 73 - ئايەت)، دەپ، «ۋ» ھەرپى بىلەن ئېيتىدۇ. دوزاخنىڭ زىكرىدە:

«قاچان ئۇلار (جەھەننەمگە) كېلىپ كەلگەندە، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ.» (زۇمەر، 70 - ئايەت)، دەپ، بۇ يەردە «ۋ» ھەرپىنى

ئېيتمىدى. جەننەت ئىشكلىرىدە ئۇ ھەقتە ئېيتقان ئىدى. بۇ جەننەت ئىشكلىرىنىڭ سەككىز ئىكەنلىكىگە دەلىل، چۈنكى «ۋ» ھەرپى سەككىز سانى ئالدىدىن ئېيتىلىدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇشبۇ سۆزىگە قاراڭ:

«تېخى ئۇلار: (ئەسھابۇلكەھف) ‹ئۈچتۇر، تۆتىنچىسى ئىتىدۇر›، دېسە، بەزىلىرى: ‹ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئىتىدۇر، دەيدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز، قارىسىغا ئېيتىلغان سۆزدۇر.» (كەھف، 22 - ئايەت). ئاللاھ تەئالا بۇ يەردە 4 ۋە 6 دىن بۇرۇن «ۋ» ھەرپىنى ئېيتمىدى، يەنە:

«ئۇلار يەتتىدۇر، سەككىزىنچىسى ئىتىدۇر» (كەھف، 22 - ئايەت)، دېگەندە «ۋ» نى ئېيتتى. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تەئالا:

«(ئۇلار - تەۋبە قىلغۇچىلار (ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا) ئىبادەت قىلغۇچىلار، شۈكۈر قىلغۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ - سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشىلىققا بۇيرۇغۇچىلار، يامانلىقتىن توختاتقۇچىلار.» (تەۋبە، 112 - ئايەت)، دەپ تۇرۇپ كېيىن، سەككىزىنچىسىدە «ۋە ئاللاھ بەلگىلەپ قويغان قانۇن - قائىدىلەرگە ھەمىشە رىئايە قىلغۇچى (مۇئمىنلەر)دۇر.» (تەۋبە، 112 - ئايەت)، دەپ، «ۋ» نى كەلتۈرگەن. يەنە:

«ئەگەر ئۇ سىلەرنى تالاق قىلسا پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ئۇنىڭغا سىلەردىن ياخشىراق مۇسلىمە، مۇئمىنە (ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە) ئىتائەت قىلغۇچى تەۋبە - ئىستىغفار قىلغۇچى، ئابىدە (ھەمىشە ئاللاھنىڭ يولىدا) ماڭغۇچى جۈۋان ۋە قىزلارنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ.» (تەھرىم، 5 - ئايەت)، دەپ سەككىزىنچىسىدە ‹ۋ› ھەرپىنى ئېيتقان. توغرا گەپ شۇكى، خەۋەرلەردىن جەننەت ئىشكلىرى سەككىزلىكى مەلۇم

دېيىشىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «جەننەت ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلىرى ئۈچۈن جەننەتتىكى ئورۇن 500 يىللىق مۇساپەدۇر ۋە ئۇنىڭدا 500 ھۆر بولىدۇ. دۇنيا ھاياتىدىكىدەك خوتۇنى ئۇنى قۇچاقلايدۇ، داستىخان ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ، ئەمما دۇنيا ھاياتىدىكىدەك تويۇش بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ، ئىچمىلىكمۇ شۇنداق.»

ئېيتىلىدۇكى، جەننەتتىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ دۇنيادا ئوخشىشى بار. جەننەت ئەھلى يەيدۇ، ئىچىدۇ، ئەمما چوڭ – كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. دۇنيادىكى ئۇنىڭ ئوخشىشى قۇرساقتىكى بالىدۇر. جەننەت ئەھلى ئۈچۈن خىزمەتكارلار بار. ئەگەر كىشى بىرەر نەرسە خالىسا، ئۇلارغا بۇيرىماستىن بۇرۇن ئۇنى كەلتۈرىدۇ. گەپ قىلىشتىن بۇرۇن ھاجىتىنى بىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ دۇنيادىكى ئوخشىشى ئۇنىڭ ئەزالىرىدۇر، ئەگەر ئىنسان بىرەر نەرسىنى خالىسا، ئۇنىڭ ئەزالىرى بۇنى بىلىدۇ ۋە بۇيرىماستىن بۇرۇن قىلىدۇ.

جەننەتتە بىر دەرەخ بار، ئۇنى تۇبا دەپ ئاتايدۇ، ئۇنىڭ ئەسلى يىلتىزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە، شاخلىرى ھەر بىر ئۆي ۋە ھەر بىر ئورۇندا. ئۇنىڭ ئوخشىشى قۇياشتۇر. دەرھەقىقەت، قۇياشنىڭ نۇرى ھەر بىر ھويلا ۋە ھەر بىر ئورۇنغا يېتىدۇ، ھەر قانداق يۈكسەكلىككە، ھەر قانداق دالاغا، ھەر قانداق تۆشۈككە كىرىدۇ ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. جەننەتنىڭ تائامى تۈگىمەيدۇ، گەرچە ئۇنىڭدىن ھەر قانچە يېسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە كېمەيمەيدۇ. ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئوخشىشى قۇرئاندۇر. ئىنسانلار ئۇنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇ ئۆز ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە كېمەيمەيدۇ. جەننەتتە ئۇزۇن سايە بار، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئوخشىشى

www.uyghurkitap.com

قوياشنىڭ چىقىشىدىن ئىلگىرىكى ۋە پېتىشىدىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇق كىرگۈچە بولغان ۋاقىت. جەننەتنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن سايەدۇر ۋە بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىدىن كېلىدۇ:

«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (قۇدرىتىنى) ـ سايىنى قانداق سوزغانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟!» فۇرقان، 45 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى: «سىلەرگە جەننەت ئەھلىنىڭ بىر ۋاقتىغا ئوخشاش ۋاقتىنىڭ خەۋرىنى بېرەيمۇ، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇ قۇياش چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتۇر، ئۇنىڭ سايىسى ھەمىشە بولىدۇ، رەھمىتى كەڭ يېيىلغان ۋە بەرىكىتى كۆپ. جەننەت خەزىنىسىنىڭ ئىسمى رىزۋان دېيىلىدۇ. دەرھەقىقەت، ئۇ رەھمەت ۋە مېھرىبانلىق بىلەن يۇركەلگەن.»

دوزاخ، يەتتە بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئاستىدىدۇر. بۇ خەۋەر ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىدە كېلىدۇ:

«ئۇنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ھەر بىر دەرۋازىسىدىن ئۇلارنىڭ بىرسى كىرىدۇ.» (ھىجر، 44 ـ ئايەت). ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئەڭ يۇكسەك بولغىنى جەھەننەم بولۇپ، قىيامەت كۈنىدە خەلق ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئۆتىدۇ. ئاللاھ تەئالا:

«سىلەردىن ھەر بىرىڭلار ئۇنىڭغا چۈشكۈچى سىلەر. (بۇ) پەرۋەردىگارىڭلار (ئەمرىگە بىنائەن) ۋاجىپ بولغان ھۆكۈمدۇر.» (مەريەم، 71 ـ ئايەت)، دەيدۇ. ئىككىنچىسى لەزا، ئۇچىنچىسى ھۇتەمە، تۆتىنچىسى سەئىر، بەشىنچىسى سەقەر، ئالتىنچىسى جەھىم، يەتتىنچىسى ھاۋىيە بولۇپ، ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدۇر، ئازابىنىڭ ئەڭ قاتتىقى ئۇنىڭدا،

ئۇ زىندىقلارغا تەييارلاپ قويۇلغاندۇر، ئۇلار مۇناپىقلاردۇر. دوزاخنىڭ قورۇقچىلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى مالىك دېيىلىدۇ، ئۇ غەزەپ ۋە ھەيۋەتكە پۈركەلگەندۇر. بۇنىڭدىن، ئى پەرۋەردىگار، بىزنى ئۆز پەزلىڭ ۋە كارامىتىڭ بىلەن قۇتقۇز، يا ئەرھەمەرراھىمىن، ئامىن.

www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز ئون ئىككىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى، پەرزەنتلىرى ۋە ئاياللىرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز نەسەبلىرىنى زىكىر قىلىپ: «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇمەنناف ئىبنى قۇسەي ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەي ئىبنى غالىپ ئىبنى فىھر ئىبنى مالىك ئىبنى نەزر ئىبنى كەنانە ئىبنى خۇزەيمە ئىبنى مۇدرىكە ئىبنى ئىلياس ئىبنى مۇزەر ئىبنى نەزەر ئىبنى مەئد ئىبنى ئەدنان»، دېگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەدناندىنچە باغلىنىدىغانلىقىنى ۋە نەسەبلىرى ئەدناندىن ئۆتمەسلىكىنى رىۋايەت قىلدى. كەئبۇلئەھبار ۋە باشقىلاردىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەسەبلىرىنى ئادەمگىچە زىكرى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بەزىلەر بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئېيتىدۇ: «نەسەب ئېيتقۇچىلار يالغان گەپ قىلدى، چۈنكى ئاللاھ تەئالا:

ئاد، سەمۇد (قەبىلىلىرىنى) ۋە قۇدۇق ئىگىلىرىنى ھەمدە شۇ ئارىدىكى ئۇزۇن زامان ئىچىدە ئۆتكەن قەۋملەرنى ھالاك قىلدۇق.» فۇرقان، 38 - ئايەت.

«سىلەرگە ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ــ نۇھ قەۋمىنىڭ، ئاد،

سەمۇد (قەبىلىلىرىنىڭ) ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئۆتكەن، (سان - ساناقلىرىنى) پەقەت ئاللاھلا بىلىدىغان قەۋملەرنىڭ خەۋىرى كەلمىدىمۇ؟!» (ئىبراھىم، 9 - ئايەت)، دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئانىسى ھامىلىدار ۋاقتىدا ئاتىسى ۋاپات قىلىپ، شۇ سەۋەبلىك بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسكەن. ئابدۇلمۇتتەلىب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سەككىز ياشقا كىرگەندە ۋاپات قىلدى ۋە تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە بىنتى ۋەھبدۇر، رەسۇلۇللاھ ئالتە ياشتا ئانىسىمۇ ۋاپات قىلدى. رەسۇلۇللاھنى ئېمىتكەن ئىنىك ئانىسى تائىفلىق ئايال ھەلىمەدۇر.

ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىرىق يېشىدا ۋەھيي چۈشۈردى. رەسۇلۇللاھ ۋەھيىدىن كېيىن مەككىدە ئون ئۈچ يىل تۇردى، كېيىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى ۋە ئۇ يەردە ئون يىل ياشاپ، ئاتمىش ئۈچ يېشىدا ۋاپات قىلدى. ۋاپات قىلغاندا توققۇز ئايالى بار ئىدى. جەمئىي ئۆيلەنگەن ئاياللىرى ئون ئۆتتۇر. 1. خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد. ئۇ ئاياللارنىڭ سەييىدەسى ئىدى. ئىنسانلاردىن بىرىنچى بولۇپ ئىسلامغا كىرگەن كىشىدۇر. 2. سەۋدە بىنتى زەمئە. 3. ئائىشە بىنتى ئەبۇ بەكرى. بۇ ئاياللارغا مەككىدە ئۆيلەنگەن. 4. ھەفسە بىنتى ئۆمەر. 5. ئۇممۇ سەلەمە بىنتى ئەبۇ ئۇمەييە. 6. ئۇممۇ ھەبىبە بىنتى ئەبۇسۇفيان. بۇ ئالتىسى قۇرەيشتىن. 7. جۇۋەيرىيە، بەنى مۇستەلىقتىن. 8. سەفىيە بىنتى ھۇيەيە ئىبنى ئەھتەب، 9. زەينەپ بىنتى جەھش، ئۇ زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ خوتۇنى ئىدى، ئۇنىڭغا سېخىيلىقى سەۋەبلىك مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى دېيىلىدۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ۋاپات قىلغان ئاياللىرىنىڭ بىرىنچىسى. 10. مەيمۇنە بىنتى ھارىس

www.uyghurkitap.com

ئەسلەمىيە، ئۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاممىسى. 11. زەينەپ بىنتى خۇزەيمە. 12. بەنى ھىلالدىن بىر ئايال، ئۇ ئۆزىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلغان. 13. كىندى قەبىلىسىدىن بىر ئايال، ئۇ رەسۇلۇللاھتىن پاناھ تىلىگەن ئىدى، كېيىن ئۇنى تالاق قىلغان. 14. كەلب قەبىلىسىدىن بىر ئايال.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈچ ئوغلى ۋە تۆت قىزى بار ئىدى. 1 - قاسىم، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامى بىلەن كۇنىيە ئالدى (ئەبۇلقاسىم - قاسىمنىڭ ئاتىسى)، قىزى زەينەپ، ئوغلى ئابدۇللاھ، ئۇنىڭ ئىسمى تاھىر ئىدى، ۋەھيي نازىل بولغاندىن كېيىن تۇغۇلدى، شۇ سەۋەبلىك تاھىر دەپ ئاتالدى. قىزلىرى ئۇممۇ كۇلسۇم، فاتىمە، رۇقىيە، ئۇلارنىڭ بارچىسى مەككىدە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلدى. كېيىن مەدىنىدە ئوغلى ئىبراھىم قىبتىي مارىيە دېگەن ئايالدىن تۇغۇلغان. فاتىمەنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلغان، رۇقىيەنى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەرگەن. رۇقىيە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدر جېڭىگە كەتكەندە ۋاپات قىلغان. بەدردىن قايتقاندا ئوسمانغا ئۇممۇ كۇلسۇمنى بەرگەن. شۇ سەۋەبلىك ئوسمان زۇننۇرەيىن (ئىككى نۇر ئىگىسى) دەپ ئاتالغان. زەينەپنى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئكە بەرگەن. پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھتىن ئىلگىرى ۋاپات قىلغان، پەقەت فاتىمە رەسۇلۇللاھتىن كېيىن 6 ئاي ياشىغان. رەسۇلۇللاھنىڭ بارچە ئاياللىرى سەييىبە ــ چوكان ئىدى، پەقەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قىز ئىدى. نىكاھلانغاندا ئالتە ياشتا ئىدى. توققۇز ياشقا كىرگەندە رەسۇلۇللاھ بىلەن قوشۇلغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى شۇ ۋاقىتتا توققۇز ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تۆت قېتىم ئۆمرە ۋە بىر قېتىم ھەج قىلغان، بۇ ھەج ھەججەتۇلۋىدادۇر.

ھىجرەتتىن ئالتە يىل كېيىن خەيبەر، سەككىز يىل كېيىن مەككە فەتھى قىلىنغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ دۈشەنبە كۈنى ئىدى.

بىز يېزىۋاتقان كۈنلەر ھىجرىيەدۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يىل بېشىنى ھىجرەتتىن باشلاشقا بۇيرىغان.

زەيد ئىبنى ھارىسە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇ ئاۋۋال خەدىچەنىڭ ئىدى، كېيىن ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇللىرىدىن يەنە بىرى ئەبۇرافىئ بولۇپ، ئۇ ئابباسنىڭ قۇلى ئىدى، ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلغان. ئابباس مۇسۇلمان بولغاندا ئەبۇرافىئ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىك خۇش خەۋىرىنى بەرگەن، شۇ ھامان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئازاد قىلغان. قۇللىرىدىن يەنە بىرى سەفىنە بولۇپ، ئەسلى رەۋھەن ياكى مىھران ئىدى. ئۇنى رىباھ دەپ ئاتىشاتتى. بەزى سەپەرلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ يۈكىنى ئېلىپ ماڭاتتى. بىر قېتىم كۆپ نەرسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن سەفىنەسەن» (كېمىسەن)، دېگەن ئىدى، كېيىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. سەۋبەن، شەيبەن، شەكران، يەسار ۋە باشقىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئازاد قىلغان قۇللاردۇر.

www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئون ئۈچىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرىنىڭناملىرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر ئىختىلاپ قىلىشتى. ئەنسارلار: «بىزدىن بىر ئەمىر، سىلەردىن بىر ئەمىر بولسۇن»، دېدى. مۇھاجىرلار: «ئەمىر بىزدىن بولىدۇ»، دېيىشتى. بەزىلەر: «خەلىپىلىك ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خاس»، دېدى. بەزىلەر: ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ خەلىپە بولسۇن»، دېدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىشتى. ئۇ زات ئىككى يىل خەلىپىلىك قىلدى. ئىسمى ئابدۇللاھتۇر. ئىسلامدىن بۇرۇن ئابدۇلكەئبە بولغان، چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدە كەئبىدىن چىقماس ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتقا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم بەرگەن. ئەبۇ بەكرىنى «رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى»، دېيىشەتتى. ئۇ زات ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالىي بولدى. ئۇ زات ساھابىلەرگە: «سىلەر ئەبۇ بەكرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى دەيتتىڭلار. ئەمدى مېنى قانداق ئاتايسىلەر؟» دېدى. بەزىلەر: ‹رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسىنىڭ خەلىپىسى›، دەيمىز»، دېيىشتى. «بۇ ئىسىم بەك ئۇزۇن، ئېغىرلىق قىلىدۇ، سىلەر مۇئمىن ئەمەسمۇ؟ ئەمىرۇلمۇئمىنىن، دەڭلار»، دېدى. ئەمىرۇلمۇئمىنىن دەپ ئاتالغان بىرىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى

خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى. ئۇ زاتنىڭ خەلىپىلىكى ئون يىل بولدى. ئۇنى مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ قۇلى مەلئۇن ئەبۇلۇلۇئە ئۆلتۈردى. كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولدى، ئۇ كىشىنىڭ خەلىپىلىكى ئون ئىككى يىل داۋام قىلدى. ئوسماننى فىتنىچىلەر ئۆلتۈردى. ئۇ زاتتىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىر بولدى. ئۇنىڭ خەلىپىلىكى ئالتە يىل بولدى. ئۇ زاتنى ئابدۇررەھمان ئىبنى مۇلجەم ئۆلتۈردى (مۇلجەم ــــ يۈگەنلەنگەن، يەنى، ئاللاھ ئاغزىنى ئوتلۇق يۈگەن بىلەن يۈگەنلىگەن دېگەن مەنىدە.) كېيىن مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان ئەمىر بولدى. ئۇنىڭ ئەمىرلىكى ئون يىل داۋام قىلدى. كېيىن يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە بولدى. ئۇ ئۈچ يىل ئەمىرلىك قىلدى، ئۇ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، پىتنە تارقالدى. ئىراق ئەھلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە، شام ئەھلى مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە بەيئەت قىلدى، ئۇنىڭ ۋالىيلىقى توققۇز ئاي داۋام قىلدى. كېيىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ۋالىي بولدى. ئابدۇلمەلىك ھەججاج ئىبنى يۇسۇفنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە ھۇجۇمغا ئەۋەتتى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۇچاغدا مەككىدە ئىدى، ھەججاج ئۇنى قامال قىلىپ ئەسىر قىلىپ، ئېسىپ ئۆلتۈردى. پۈتۈن باشقۇرۇش ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا ئۆتتى، ئۇنىڭ ۋالىيلىقى ئون يىل بولدى. پەرغانىغىچە بولغان ئۇمەۋىي فەتھى ئۇنىڭ ۋالىيلىقى دەۋرىدە يۈز بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ۋالىي بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك، ئۇنىڭدىن كېيىن سالىھ بەندە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك، ئۇنىڭدىن كېيىن يەزىد ئىبنى ۋەلىد، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىم ئىبنى ۋەلىد، ئۇنىڭدىن كېيىن مەرۋان ئىبنى مۇھەممەد. بۇلارنىڭ

ھەممىسى مۇئاۋىيەدىن باشلاپ ئۇمەۋىيلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ پايتەختى شام ئىدى. كېيىن ۋالىيلىق ئابباسنىڭ ئەۋلادىغا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ پايتەختى ئىراق بولدى، ئۇلار باغداد شەھرىنى قۇردى. ئەبۇل ئابباس ۋالىي بولدى، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ بۇرادىرى ئەبۇ جەئفەر داۋانىقىي (ئۇنى مەنسۇر دېيىشەتتى)، كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ۋالىي بولدى (ئۇنى مەھدىي دېيىشەتتى). كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئىبنى مۇھەممەد بولدى، كېيىن ئۇنىڭ باشقا ئوغلى ـــ راشىد ئىبنى مۇھەممەد ۋالىي بولدى. كېيىن مۇھەممەد ئىبنى ھارۇن بولدى (ئەمرلىك ئۇنىڭدا قارار تاپمىدى)، كېيىن مەئمۇن دەپ ئاتالغان ئابدۇللاھ ئىبنى ھارۇن ئەمىر بولدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز ئون تۆتىنچى باب: مۇستەھەب بولغان ئىسملار ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ئەۋتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزى، ئىسمى، ئاۋازى چىرايلىق ئىدى» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ماڭا ئەلچى ئەۋەتسەڭلار، يۈزى ۋە ئىسمى چىرايلىقىنى ئەۋەتىڭلار.»

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. ھەسەن تۇغۇلغاندا ئۇنى ھەرب (ئۇرۇش) دەپ ئاتىدىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىردى. ئۇ زاتقا بۇنى ئېيتقان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ: «ياق، بۇ ھەسەندۇر»، دېدى. (ھەسەن - چىرايلىق، دېمەكتۇر.) ھۈسەين تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا يەنە ھەرب دەپ ئىسىم قويدۇم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىرىپ، يەنە: «ياق، بۇ ھۈسەين»، دېدى. (ھۈسەين - كىچىك ھەسەن دېگەن گەپ) كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹مەن بۇ ئىككىسىنى ھارۇننىڭ ئىككى ئوغلى شىبر ۋە شۇبەيرلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىدىم›، دېدى.»

سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇنىڭ بوۋىسى ھەزن ئىبنى بەشىر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئىسمىڭ نېمە؟› دەپ سورىدى. ئۇ: ‹ھەزن ئىبنى بەشىر›، دېدى (ھەزن

- خافا، پەرىشان، دىگەن گەپ). رەسۇلۇللاھ: ‹ياق، سەن سەھلسەن›، دېدى (سەھل - ئاسان، دېمەكتۇر.) ئۇ: ‹ئاتا - ئانام قويغان ئىسمنى ئۆزگەرتمەيمەن›، دېدى.»

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: «ئۇ شۇ كۈنگىچە خاپا بولۇپ يۈردى»، دەيدۇ.

مۇھلەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرا ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا كىردى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن ئىسمى ۋە نەسەبى ھەققىدە سورىدى، ئۇ: «مەن سارىق» (سارىق - ئوغرى دېمەكتۇر)، ئىبنى قاتىئ (قاراقچى) ئىبنى زالىم ئىبنى پالان ئىبنى پالان»، دەپ ئېيتىپ كەتتى، ھەتتا كېملەرنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كېتىدىغان پادىشاھ جەلەندىگىچە نەسەبىنى يەتكۈزدى. مۇھلەب: «ئاتامنىڭ ئۇستىدە زەپەر رەڭلىك بويالغان ئىشتان بولاتتى»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سارىق ۋە قاتىئنى تاشلا، سەن ئە بۇسۇفراسەن»، دېدى. ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇچۇن دۇنيادا سىزدىن يامانراق بىرەر ئادەم يوق ئىدى، ئەمدى مەن ئۇچۇن سىزدىن سۆيۈملۈكرەك ئادەم يوق. كېچىدىن قىزىم تۇغۇلدى، مەن ئۇنى سۇفرا دەپ ئاتىدىم، مانا، كۈنيەم ئۇنىڭ ئىسمىغا مۇۋاپىق كەلدى»، دېدى.

ئەرەبلەر پەرزەنت كۆرگەندە، ئۇنىڭ نامى بىلەن كۈنيە ئالىدۇ. ئايال ئېرىگە ئەبۇ پالان، ئېرى ئايالىغا ئۇممۇ پالان دەيدۇ. ئەبۇسەلەمە، ئۇممۇ سەلەمە، ئەبۇ دەردا، ئۇممۇ دەردا، ئەبۇزەر، ئۇممۇ زەر دېيىلگەندەك. كىشى پەرزەنتلىك بولمىغۇچە كۈنيە ئالمايدۇ.

مۇئەممەر ئىبنى خەشىم رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ماڭا: «ئى مۇئەممەر، كۈنيەڭ نېمە؟» دېدى. مەن: «كۈنيەم يوق، تېخى پەرزەنتلىك بولغىنىم يوق»، دېدىم. ئۇ: «كۈنيە قويۇشتىن نېمە توسىدۇ؟» دېدى. مەن: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتقان ھەدىستە: «بىر كىشى بالىسى تۇغۇلماستىن بۇرۇن كۈنيە ئالسا، ئۇ ئەبۇجەئىدەدۇر» (بۆرە دېگەندەك گەپ)، دېدىم.

ئۇ: «بۇ ئەلىنىڭ سۆزى ئەمەس، چۈنكى بىز بالىلىرىمىز كىچىكلىكىدە ئۇلارغا يامان لەقەم قويۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، كۈنيە قويۇپ قويىمىز»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئاتىلىڭلار، كۈنيەم بىلەن كۈنيەلەنمەڭلار ۋە ئەھلى ئائىلەم بىلەن ناملانماڭلار.» بۇ ھەدىسنى مەنسۇخ دېيىشىدۇ، چۈنكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەنەفىدىن تۇغۇلغان ئوغلىنى مۇھەممەد دەپ ئىسىم ۋە ئەبۇلقاسىم دەپ كۈنيە قويغان. دەرھەقىقەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن بۇنىڭغا رۇخسەت سوراشقاندا، رۇخسەت بەرگەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئوغۇللىرىڭلارنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھ تەئالاغا ئىسىملارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇرەھماندۇر.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: «مەن ئەجەملەرنىڭ ئابدۇرەھمان ياكى ئابدۇرەھىم دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىنى ياخشى كۆرمەيمەن، چۈنكى ئۇلار بۇنىڭ تەپسىرىنى (مەنىسىنى) بىلمەيدۇ. بۇ ئىسىملەرنى كىچىكلىتىش ئۇسۇلىدا ئىشلەتسە، يېقىمسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇنداق ئىسىملەر

بلـەن ئاتىلىـش دۇرۇسـت بولمايـدۇ.

رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام قۇللارنـى نافــئ (پايدىلىــق)، يەسـار ياكـى بەرىكـەت دەپ ئاتاشـتىن مەنئـى قىلغـان، چۈنكـى ئەگـەر بىر كىشـى سـورىغاندا، بـۇ يــەردە بەرىكــەت ياكـى پايـدا بەرگۈچـى يـوق، دەپ ئېيتىــش دۇرۇسـت بولمايـدۇ.

ئۆمــەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىـر كىشــىگە: «ئىسـمىڭ نېمـە؟»، دېـدى. «جەمــرە»، دېــدى. ئۆمــەر: «كىمنىــڭ ئوغلىســەن؟»، دەپ ســورىدى. «شــىھاب»نىڭ (ئــوت پارچىســى)، دېـدى. ئۆمــەر: «ئــۇ كىمنىــڭ ئوغلــى؟»، دەپ ســورىغان ئىــدى، «ھەرقە»نىــڭ (كۆيــدۈرۈش)، دېـدى. ئۆمــەر نــەدە ياشـايدىغانلىقىنى سـورىدى. ئــۇ: «ھـۇررە»دە (ئىسســىق جايـدا)، دېـدى. ئۆمـەر ئۇنىڭغـا: «ئائىلەڭگـە بـار. ئـۇلار كۆيـۈپ كەتتـى»، دېدى. ئۇ كىشـى ئائىلىسـىگە قايتقانــدا، ھەقىقەتــەن، ئۇلارنىــڭ ھەممىسـى كۆيـۈپ كەتكـەن ئىــدى.

مالىــك ئىبنــى ئەنــەس يەھيـا ئىبنــى ســەئىدتىن رىۋايــەت قىلىــدۇ: «رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام: ‹تۆگىنـى كىـم سـاغىدۇ؟›، دېـدى. بىـر كىشـى ‹مـەن›، دېـدى. رەسـۇلۇللاھ: ‹ئىسـمىڭ نېمـە؟› ، دەپ سـورىدى. ئـۇ: ‹مـۇررە› (ئاچچىــق)، دېـدى. رەسـۇلۇللاھ: ‹ئولتـۇر›، دېـدى. كېيىـن يەنـە: ‹تۆگىنـى كىـم سـاغىدۇ؟›، دېـدى. يەنـە بىـر كىشـى تـۇرۇپ: ‹مـەن›، دېـدى. رەسـۇلۇللاھ: ‹ئىسـمىڭ نېمـە؟› دېـدى. ئـۇ: ‹ھـەرب› (ئـۇرۇش)، دېـدى. ‹ئولتـۇر›، دېـدى. كېيىـن: ‹تۆگىنـى كىـم سـاغىدۇ؟›، دېدى. بىـر كىشـى ئورنىدىن تـۇرۇپ: ‹مەن›، دېـدى. رەسـۇلۇللاھ: ‹ئىسـمىڭ نېمـە؟›، دېـدى. ئـۇ: ‹يەئىــش› (ھايـات) دېـدى. رەسـۇلۇللاھ: ‹سـەن ساغىسـەن›، دېـدى. ئـۇ سـىغىپ كەلـدى.»

ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز ئون بەشىنچى باب: كۈنلەر ۋە ئايلارنىڭ زىكرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: «بىلگىنكى، بىر يىل 12 ئايدىن ئىبارەت. بىرىنچىسى مۇھەررەم دەپ ئاتالغان، چۈنكى جاھىلىيەت ۋاقتىدا بۇ ئايدا ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئىدى. كېيىن سەپەر ئېيى. سەپەر دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئىنسانلارغا بىر كىسەللىك يەتكەندە، ئۇلارنىڭ يۈزى سارغىيىپ كېتىدۇ، شۇ ئايدا يۈزلەر سارغايغانلىقى سەۋەبلىك سەپەر - سېرىق دەپ ئاتالغان. ئېيتىلىدۇكى، سەپەر دەپ ئاتىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، مۇھەررەم ئېيىدىن چىقىپ، ئۇرۇش ھالال بولغاندا، ئىبلىس ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن ئەركىن، ئازادە بولىدۇ. كېيىن رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيى، چۈنكى بۇ كۈزنىڭ ئاۋۋىلىغا توغرا كەلگەن، شۇ سەۋەبلىك، ئاۋۋالقى باھار، دەپ ئاتالغان. كېيىن رەبىئۇلئاخىر ئېيى، چۈنكى بۇ كۈزگە توغرا كېلىدۇ، شۇ سەۋەبلىك بۇنى ئىككىنچى باھار نامى بىلەن ئاتىدى. كېيىن جامادىيەلئەۋۋەل، ئۇنىڭدىن كېيىن جامادىيەلئاخىر. بۇ ئىككى ئاينى شۇنداق دەپ ئاتىدى، چۈنكى بۇلار قىش كۈنلىرىگە، سوغۇق قاتتىق بولۇپ، سۇ مۇزلىغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. ئارقىدىن رەجەب ئېيى، رەجەب دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئەرەبلەر بۇ ئاينى ئۇلۇغلايدۇ، يەنە بۇنى ئاسام ئېيى دەپمۇ ئاتايدۇ، چۈنكى بۇلار بۇ ئايدا ئۇرۇش ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شەئبان ئېيى، بۇ

ئاينىڭ شەئبان دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئەرەب قەبىلىلىرى بۇ ئايدا داللارغا تارقاپ كېتىدۇ. ئىپتىلىدۇكى، شەئبان دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بۇ ئايدا رامىزان ئۈچۈن كۆپ ياخشىلىقلار تارقىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رامىزان كېلىدۇ. رامىزان دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، بۇ ئاي ئىسسىق ۋاقتىغا توغرا كەلگەن، «رامىزان» سۆزىنىڭ مەنىسى قاتتىق ئىسسىق دېگەن سۆز. يەنە ئىپتىلىدۇكى، چۈنكى بۇ ئايدا گۇناھلار كۆيۈپ كېتىدۇ. كېيىن شەۋۋال كېلىدۇ. ئەرەب قەبىلىلىرى بۇ ئايدا ئۆز جايىدىن كۆچۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شەۋۋال دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇلقەئدە كېلىدۇ. بۇ ئاينىڭ زۇلقەئدە دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار بۇ ئايدا ئۇرۇشتىن ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زۇلھەججە ئېيى كېلىدۇ، بۇ ئايدا ئۇلار ھەج قىلىدۇ.

بۇ ئايلار قەمەرىيە كالېندارى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئەرەبىي ئايلارنىڭ ناملىرىدۇر. قەمەرىيە كالېندارىنىڭ ھېسابى ئاينىڭ ئايلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك. مۇسۇلمانلار ۋاقىتلىرىنى ۋە ئىبادەتلىرىنى مۇشۇ ھېساب بويىچە ئېلىپ بارىدۇ.

شەمسىي ئايلار رۇمىي ھېسابى بىلەن، قۇياشنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلىنىدۇ. ئىسمى سۇريانىي تىلىدا. بۇ ئايلار مېھرىجان ئايلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئايلارنىڭ ئاۋۋىلى تەشرىنى ئاۋۋال، تەشرىنى سانىي، كانۇنۇ ئاۋۋال، كانۇنى سانىي، شۇبات، ئازار ، نيسان، ئەييار، ھەزىران، تەممۇز، ئاب، ئەيلۇل.

بۇ ئايلارنىڭ فارسچە ناملىرىمۇ بار. ئۇ نەۋرۇز كۈنىدىن باشلىنىدۇ. ئاۋۋل فەرۇردىن، كېيىن ئاردۇ بەھەشت، خۇرداد، يەبرۇ، مەرداد، شەھر

بار، مىھر، ئابان. كېيىن يىل كۈنلىرىدىن ھېسابلانمايدىغان بەش كۈن بار، بۇنى ئەييامۇل مەسرۇقە ئوغرىلانغان كۈنلەر دەپ ئاتايدۇ. ئاندىن كېيىن ئەرد، دىي، بىھەن، ئىسفەندىيارى مەدۇر. فارسىي ئاينىڭ 10 كۈنى ئۆتكەندە، يەنى ھەر ئاينىڭ ئونىنچى كۈنى رۇمىي ئايلىرىدىن بىر ئاي باشلىنىدۇ. ھەر يىلى نەۋرۇز جۇمە كۈنلىرىدىن بىر كۈن كېيىن بولىدۇ. ئەگەر نەۋروز بۇ يىل پەيشەنبە كۈنى بولسا، كەلگۈسى يىل جۇمە كۈنى بولىدۇ، ئۈچىنچى يىلىدا شەنبە كۈنى كېلىدۇ. ئەرەبىي (قەمەرىي) ئايلار ھەر يىلى 10 كۈن كېمىيىدۇ، كۆپىنچە 11 كۈن كېمىيىدۇ. بۇلاردىن ئالتە كۈنى ئايلارنىڭ قىسقىرىشى بىلەن بولىدۇ، تۆت كۈنى، ئەييامۇل مەسرۇقە (ئوغرىلانغان كۈنلەر). بىر كېچە - كۈندۈز 24 سائەت، بۇنىڭدىن كۆپمۇ كەممۇ بولمايدۇ. كېچە قىسقارغان ۋاقىتتا كۈندۈز ئۇزۇن بولىدۇ، كۈندۈز قىسقارغاندا كېچە ئۇزۇن بولىدۇ، كۈندۈزنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ۋاقتى ھەزىران ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ئۇ كۈندە كۈندۈز 15 سائەت، كېچە 9 سائەت بولىدۇ ۋە بۇ كېچىنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقتى. كېيىن كۈندۈز قىسقىرىپ، كېچە ئۇزىرايدۇ، بۇ تا مىھرجان كۈنلىرى كەلگىچە داۋاملىشىدۇ. مىھرجاندا كۈن ۋە تۈن تەڭلىشىپ، ھەر ئىككىسى ئون ئىككى سائەتتىن بولىدۇ، ھەتتا كانۇنى ئاۋۋال ئېيىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈندە كېچە 15 سائەتكە يېتىدۇ ۋە بۇ كېچىنىڭ ئەڭ ئۇزاق ۋاقتىدۇر. شۇ چاغدا كۈندۈز 9 سائەت بولىدۇ، بۇ كۈندۈزنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقتى، كېيىن كېچە قىسقىرىشقا باشلايدۇ، ھەتتا نەۋرۇزدىن 19 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق بۇرۇن كېچە ۋە كۈندۈز باراۋەر بولىدۇ، كېيىن ھەزىران ئېيىنىڭ يىرىمىغىچە كۈن ئۇزىراپ بارىدۇ. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ:

«قۇياش (بىر سانىيە توختىماي) ئۆز قارارگاھىدا ئايلىنىدۇ.» (ياسىن، 38 ـ ئايەت) ۋە: «ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ.» (ھەدىد، 6 ـ ئايەت)، دېگەن سۆزلىرىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابىي تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب: ئىنسان تەبىئىتى ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بىلگىنكى، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مەخلۇقاتنى ياراتتى ۋە ئۇنىڭغا تۆت تەبىئەتنى ـــ قۇرۇقلۇق، نەملىك، ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇقنى كىرگۈزدى ۋە بەدەننىڭ پايدىسى ئۈچۈن نەپسىدە تۆت نەرسىنى ياراتتى. جەسەد پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ: سەۋدا، سەپرا، قان ۋە بەلغەم. قۇرۇقلۇقنىڭ ئورنىنى سەۋدادا، نەملىكنىڭ ئورنىنى سەپرادا، ئىسسىقلىقنىڭ ئورنىنى قاننىڭ ئىچىدە ۋە سوغۇقلۇقنىڭ ئورنىنى بەلغەمنىڭ ئىچىدە قىلدى. قايسى بەدەندە بۇ تۆتى مۆتىدىل بولسا، سالامەتلىك كامىل بولىدۇ، ئەگەر بىرسى يەنە بىرسىدىن ئېشىپ كەتسە، كېسەللىك تۇغۇلىدۇ، قايسى بىرى كېمەيسە، زەئىپلىك كىرىدۇ. بۇ تەبىئەتلەر ئەخلاقىي فىترەت ـــ تەبىئەتكە ئايلىنىدۇ، قۇرۇقلۇقتىن مەقسەت ـــ قەتئىيلىك، نەملىكتىن مۇلايىملىق، ئىسسىقلىقتىن قىزىققانلىق، رەشىك، غەزەپ ۋە سوغۇقلۇقتىن سەبىر، بەرداشلىق پەيدا بولغان. ئەگەر بۇلاردىن بىرسى كۆپىيىپ ياكى كېمىيىپ كەتسە، شۇ تەرەپتىن ساقلىقتا نۇقسان پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا باشتا ھەر بىر نەرسىدىن مەنپەئەتنىڭ بىر تۈرنى پەيدا قىلغان، كۆرۈشنى كۆزدە، ئاڭلاشنى قۇلاقتا، پۇراشنى بۇرۇندا، سۆزلەشنى تىلدا قىلغان. شۇنىڭدەك، قورساقتا ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن بىر ماكان قىلغان: كۆلكە ۋە

خۇشاللىق ئورنىنى تال ۋە جىگەردە، قورقۇنچ ۋە ھەيۋەتنىڭ ئورنىنى ئۆپكىدە، غەزەپ ئورنىنى جىگەردە، ئىلىم ۋە چۈشەنچە - پاراسەت ئورنىنى قەلبتە، ئەقىل ئورنىنى مېڭىدە، خۇرسەنچىلىك ۋە خاپىچىلىق ئورنىنى بۆرەكتە، (يۈرەكتە دېگەن گەپمۇ بار) قىلدى. بەدەندە ئاللاھ تەئالا 360 تومۇرنى ۋە 240 سۆڭەكنى ياراتتى ۋە بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ:

«(ئى ئىنسانلار)، زېمىندە (ئۇنىڭدىكى تاغۇ تاشلار ۋە ۋادى - دالالاردا، دېڭىزلار ۋە دەريالاردا، ھايۋانات ۋە نابातات ئالەمىدە) ھەمدە ئۆزلىرىڭلاردا (ئۇشبۇ ھاياتقا كېلىپ - كېتىشىڭلاردىن تارتىپ، ۋۇجۇدلىرىڭلاردىكى ھەر بىر ئەزايىڭلاردا، بەلكى ھەر بىر ھۈجەيرەڭلەرنىڭ مۇكەممەل نازۇك تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن يارىتىلىپ، ئۆز ئورنىغا جايلاشتۇرۇلغانلىقىدا ۋە ئۆز زىممىسىدىكى ياراتقۇچى بۇيرىغان ۋەزىپىنى باش تارتماستىن ئادا قىلىپ بېرىشىدا) ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەر باردۇر. كۆرمەمسىلەر؟!» (زارىيات، 20 - 21 - ئايەتلەر)، دېگەن سۆزىدۇر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەقىل قەلبتە، رەھمەت جىگەردە، مۇلايىملىق تالدا ۋە نەفەس ئۆپكىدە بولىدۇ»، دېگەن، ۋە يەنە: «بالىنىڭ تېنى 21 ياشقىچە، ئەقلى 28 ياشقىچە ئۆسىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەقلىدە ئۆسۈش بولمايدۇ، پەقەت تەجرىبىسى ئاشىدۇ.» دېگەن.

بەزى ھۆكۈمالار: «ئەقىلنىڭ ئورنى مېڭىدە، ئەخمەقلىقنىڭ ئورنى كۆزدە، باتىلنىڭ ئورنى قۇلاقتا، ھايانىڭ ئورنى يۈزدە، روھنىڭ يولى بۇرۇندا، ھاياتنىڭ ئورنى ئېغىزدا، تەشۋىش ــــ غەمنىڭ ئورنى يۈرەكتە، كۈلكىنىڭ

ئورنى تالدا، رەھمەت ۋە غەزەپنىڭ ئورنى يۇرەكتە، خاپىلىق ۋە خۇشاللىقنىڭ ئورنى قەلبتە، كەسپنىڭ ئورنى ئىككى قولدا، قىيىنچىلىقنىڭ ئورنى ئىككى پۇتتا»، دېيىشكەن. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلا ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

# بىر يۈز ئون يەتتىنچى باب: سۇ ئۈزۈش، چەۋەندازلىق ۋە مەرگەنلىك ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئېيتىدۇ: «پەرزەنتلىرىڭلەرگە سۇ ئۈزۈشنى، چەۋەندازلىقنى ۋە مەرگەنلىكنى ئۆگىتىڭلار ھەمدە ئۇلارنى نىشانلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇڭلار.» ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بالىلىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى، چەۋەندازلىقنى ۋە مەرگەنلىكنى، ئاياللىرىڭلارغا تىكىشنى ئۆگىتىڭلار»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوق ئېتىڭلار ۋە ئۇلاغقا مىنىڭلار، ئوق ئېتىشىڭلار ئۇلاغقا مىنىشىڭلاردىن ياخشىراق. كىشى ئوينايدىغان ھەر بىر نەرسە باتىل، پەقەت ئۈچ نەرسە: ئوق ئېتىش، ئات بېقىش ۋە ئايالى بىلەن ئوينىشىش (باتىل ئەمەس).» ئاللاھ تەئالا ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىر يۈز ئون سەككىزىنچى باب: ئىت بېقىشتىن چەكلەش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: سالىم ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئىتنى چارۋا ۋە ئوۋ ئوۋلاشتىن باشقا نەرسە ئۈچۈن باقسا، ئۇ ھەر كۈنى ئۆز ئەجرىنىڭ ئىككى قىراتىدىن مەھرۇم بولىدۇ»، دېگەن.

ئەتىيە ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى چارۋا بېقىش، ئوۋ ئوۋلاش ياكى ئېتىزنى ساقلاشتىن باشقا نەرسە ئۈچۈن ئىت باقسا، ھەر كۈنى ئەجرىدىن ئىككى قىرات مەھرۇم بولىدۇ»، دېگەن.

ئىبنى ئۆمەرگە: «ئى ئەبۇ ئابدۇرەھمان، بىز بىر قىرات، دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق»، دېيىلگەن. ئۇ زات: «مەن بۇنى ئىككى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم ۋە قەلبىم بۇنى ئۆزىدە ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان زاتقا قەسەمكى ئىككى قىرات دېگەن»، دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى چارۋا بېقىش، ئوۋ ئوۋلاش ياكى ئېتىزنى ساقلاشتىن باشقا مەقسەت ئۈچۈن ئىت باقسا، ئۇ ھەر كۈنى ئۆز ئەجرىدىن بىر قىراتتىن مەھرۇم قالىدۇ.» دېگەن.

فەقىھ ئېيتىدۇ: خەۋەردە ئىتنى ھاجەت ئۈچۈن باقسا، زىيىنى يوقلۇقى، ئەمما بىكار ھەۋەس ئۈچۈن باقسا، مەكرۇھ بولىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

ئىبراھىم نەخەئىي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توگە باققان ئۆيدە ئىت بېقىشقا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببىھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام يەرگە چۈشۈرۈلگەن ۋاقىتىدا ئىبلىس يىرتقۇچ ھايۋانلارغا، بۇ سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار، ئۇنى ھالاك قىلىڭلار»، دېگەن. يىرتقۇچ ھايۋانلار توپلىنىپ، ئىتقا: «سەن بىزنىڭ ئەڭ شجائەتلىكمىزسەن»، دېگەن ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە ئەمىر قىلىپ تىكلىگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان. جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كېلىپ: «قولۇڭ بىلەن ئىتنىڭ بېشىنى سىلا»، دېگەن. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىتنىڭ بېشىنى سىلىغان. يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىت ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن دوستلاشقانلىقىنى كۆرگەندە تارقىلىپ كەتكەن. ئىلاجسىز قالغان ئىت ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئامانلىق سورىغان. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، ئىت ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ باللىرى بىلەن قالغان.» ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابخۇر بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر يۈز ئون توققۇزىنچى باب: يوق بولۇپ كەتكەن هايۋانلار هەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر ئاللاھ تەئالا يوق قىلغان مەخلۇقاتلار هەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر: «مايمۇن ۋە توڭغۇز ئاللاھ تەئالا يوق قىلغان هايۋانلار نەسلىدىن. شۇنداقلا چاشقان، دامۇس ۋە باشقا ئەسەرلەردە خەۋىرى كەلگەن مەخلۇقاتلار يوق قىلىندى»، دېيىشىدۇ. ئىلىم ئەهلى ئېيتتىكى: «بۇنداق دېيىش دۇرۇست ئەمەس. مايمۇن ۋە باشقىلار بۇرۇن يارىتىلغان ئىدى. ئاللاھ تەئالا يوق قىلغان مەخلۇقلار هالاك بولدى ۋە ئۇلاردىن نەسىل قالمىدى، چۈنكى ئۇلارغا غەزەپ ۋە ئازاب كېلىپ، ئۇلار ئۈچ كۈن ئىچىدە يەر يۈزىدىن يوقالدى.»

مۇسەۋۋەر ئىبنى ئەهناف ئېيتىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا هازىرقى مايمۇن ۋە توڭغۇزلار ئالدىنقى مايمۇن ۋە توڭغۇز نەسلىدىن دەپ ئويلامسەن؟»، دېيىشكەندە، ئابدۇللاھ: «بىرەر ئۇممەت يوق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بۇلار نەسىل قىلىنىپ قالدۇرۇلمىدى، ئۇلار ئۇزلىرىدىن بۇرۇن بولغان مايمۇن ۋە توڭغۇز نەسلىدىن»، دېگەن.

ئادەملەر زۇهرە ۋە سۇهەيل يۇلتۇزلىرى هەققىدە گەپ قىلىشتى، ۋەهالەنكى، هەر ئىككىسى يۇلتۇز ئىدى. بەزىلەر: «ئىبنى ئابباستىن

رىۋايــەت قىلىنىشــىچە، ئىككىســى يــوق بولــۇپ كەتكــەن»، دەيــدۇ.

ئەتــا: «ئىبنــى ئۆمــەر زۇھــرە ياكــى ســۇھەيلنى كۆرســە، تىللايتتــى ۋە: ‹ســۇھەيل يەمەنــدە ئۆشــرە يىغقۇچــى ئىــدى، ئادەملەرگــە زۇلــۇم قىلاتتــى. زۇھــرە ھــارۇت ۋە مارۇتنىــڭ شــېرىكى بولغــان، ئالــلاھ تەئــالا ئۇلارنــى يۇلتۇزغــا ئايلاندۇرغــان›، دەيتتــى.»

مۇجاھــد ئېيتــدۇ: «ئىبنــى ئۆمەرگــە ئەگــەر قىزىــل يۇلتــۇز (زۇھــرە) چىقىپتــۇ، دېيىلســە، ئۇنــى خــۇش كۆرمــدۇق»، دەيتتــى. بەزىلــەر: «بۇنــداق دېيىــش دۇرۇســت ئەمــەس، چۈنكــى بــۇ يۇلتــۇز ئاســمان يارىتىلغانــدا يارىتىلغــان ئىــدى»، دەيــدۇ. خــەۋەردە رىۋايــەت قىلىنىدۇكــى، ئاســمان يارىتىلغــان ۋاقىتــدا يەتتــە ســەييارە ــــ زۇھــەل، مۇشــتەرىي، بەھــرام، زۇھــرە، ئاتــارۇد، قۇيــاش ۋە ئايمــۇ يارىتىلغــان. ئالــلاھ تەئالانىــڭ ســۆزىدىمۇ ئېيتىلــدۇ:

«(ئالــلاھ) كېچــە ۋە كۈندۈزنــى، قۇيــاش ۋە ئاينــى ياراتقــان زاتتــۇر. (بۇلارنىڭ) ھەممىســى ئــۆز پەلــەك ـ ئوربىتىســدا ئايلىنىــدۇ!» (ئەنبىيا، 33 ـ ئايــەت). مانا شــۇ يەتتــە ســەييارىنىڭ دۇنيــا ئۈچــۈن پايدىســى بــار. ئۇلاردىــن ھــەر بىــرى بىــر ئەھمىيەتكــە ئىگــە. زۇھــرە رۇتۇبــەت – نەملىككــە ئىگــە. شــۇ ســۆز بىلــەن زۇھرە ۋە ســۇھەيل يــوق قىلىنغــان – يۇلتۇزلارغــا ئايلاندۇرۇلغــان، دېگــەن كىشــلەرنىڭ ســۆزى دۇرۇســت ئەمەســلىكى سابىت بولــدى، چۈنكــى زۇھــرە ۋە ســۇھەيل ئادەم ئەلەيھىسســالام يارىتىلىشــتىن بــۇرۇن بــار ئىــدى. ئىبنــى ئۆمەرنىــڭ: «ســۇھەيل يەمەنــدە ئۆشــرە يىغقۇچــى ۋە زۇھــرە بولســا ھــارۇت ۋە مــارۇت پىتنىســىگە گىرىپتا بولغــان ئىــدى. ئالــلاھ تەئــالا ئۇلارنــى يۇلتۇزلارغــا ئايلانــدۇرۇپ قويــدى»، دېگەن رىۋايىتىدىكــى گــەپ شــۇنداقكى، ســۇھەيل ناملىــق كىشــى ۋە زۇھــرە ناملىــق

ئايال بار ئىدى. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى يۇلتۇزلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان، لېكىن ئۇلار قالمىدى، ھالاك بولدى ۋە دوزاخقا چۈشتى، دېيىشىدۇ. ئەمما ئىبنى ئۆمەر ئۇلارنى سۆكەتتى، دېگەن رىۋايەت بولسا، ئېھتىمال قىلىندۇكى، ئۇ زات يۇلتۇزلارنى سۆكمىگەن، بەلكى زالىم سۇھەيلنى سۆككەن، خۇددى شۇنىڭدەك، زۇھەرە ھەققىدىمۇ، بەلكى زۇھەرە ناملىق ئايالنى سۆككەن، يۇلتۇزنى ئەمەس. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

## بىر يۈز يىگىرمىنچى باب: ئىمان ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەزى ئادەملەر ئۆز نەفسىگە مەن مۇئمىنمەن دېيىشنى مەكرۇھ ھېسابلىدى، پەقەت ئىستىسنا قىلىپ، مەن ئىنشائاللاھ، مۇسۇلمانمەن دېسە، جائىز دېيىشتى. چۈنكى بۇ لەپزى مەدھ ـ ماختاشتۇر، ئۆزىنى ماختاش جائىز بولمايدۇ. خۇددى مەن زاھىد، مەن ئابىد دېيىش جائىز بولمىغاندەك. شۇنىڭدەك، «مەن مۇئمىنمەن دېيىشمۇ جائىز بولمايدۇ» دەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەئالا مۇئمىنلەرنى ئالامەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى، كىمدە شۇ ئالامەتلەر تېپىلمىسا، مۇئمىن دەپ ئاتىلىشى جائىز ئەمەس. بۇ ئالامەتلەر ھەققىدە ئاللاھ تەئالا شۇنداق دەيدۇ:

«پەقەت ئاللاھ (نامى) زىكرى قىلىنغاندا قەلبلىرىگە قورقۇنچ چۈشىدىغان، ئۇنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغاندا ئىمانلىرى زىيادە بولىدىغان ۋە پەرۋەردىگارىغىلا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەر (ھەقىقىي) مۇئمىنلەردۇر. ئۇلار نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ ۋە بىز ئۇلارنى بەھرىمەن قىلغان نەرسىلەردىن نەپەقە ـ ئېھسان قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارلىرى ھۇزۇرىدا (جەننەتتە، يۈكسەك) دەرىجىلەر، مەغپىرەت ۋە مول رىزىق باردۇر.» ئەنفال، 2 ـ 4 ـ ئايەتلەر.

يەنە ئاللاھ تەئالا ئېيتىدۇ: «ئەرابىيلار: ‹ئىمان كەلتۈردۇق›، دېدى.

(ئـى مۇھەممـەد، ئۇلارغـا) ئېيتقـىن: ‹سـىلەرنىڭ ئىمـان كەلتۈرگىنـىڭلار يـوق، لېكىـن سـىلەر «بويسـۇندۇق»، دەڭلار، (چۈنكـى تېخىچـە) ئىمـان دىللىرىڭلارغا كىرگـەن ئەمەسـتۇر. ئەگـەر سـىلەر ئاللاھقـا ۋە ئۇنىـڭ پەيغەمبىرىگـە ئىتائـەت قىلسـاڭلار، ئـۇ زات سـىلەرگە (قىلغـان ياخشـى) ئەمەللىرىڭلاردىـن (ئۇلارنىـڭ ساۋابىدىن) بىـرەر نەرسـىنى كـەم قىلمايـدۇ. ئەلۋەتتـە ئاللاھ مەغپىرەتلىـك، مېھرىبانـدۇر›.» ھۇجـۇرات، 14 - ئايـەت.

شـۇنداق قىلىـپ، ئاللاھ ئۇلارنـى ئـۆز نەپسـلىرىنى مۇئمىـن دەپ ئاتاشـتىن چەكلـەپ، ئۇلارغـا ئۆزلىرىنـى مۇسـۇلمانمەن ــــ بويسـۇنغۇچى دەپ ئاتاشـنى بۇيرىـدى.

باشـقىلار تۆۋەندىكـى ھەدىسـكە بىنائـەن بۇنىـڭ زىيىنـى يـوق، دەيـدۇ. ئەتـا ئېيتىـدۇ: «رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بىـز مۇئمىـن - مۇسـۇلمانلارمىز، دېگەنلىكىنـى بىلمـەن.» زەيـد ئىبنـى ئەلەقـە ئابدۇللاھ ئىبنـى يەزىـد ئەنسـارىيدىن رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ئەگـەر بىرىڭلاردىـن ئىمـان ھەققىـدە سورالسـا، ئـۇ ھېـچ شۈبھىلەنمىسـۇن»، دېگـەن. ئىبراھىـم تەيمـي: «سـىلەرنىڭ بىرىـڭلار مۇسـۇلمانمەن دېيىشـىنى ھېـچ مەكـرۇھ سانىمىسـۇن، ئەگـەر ئـۇ سـۆزىدە توغـرا بولسـا، سـۆزىگە بىنائـەن، ئەلۋەتتـە، ئەجـر ئالىـدۇ. ئەگـەر يالغانچـى بولسـا، ئۇنىڭـدا ئۇنىـڭ كۇفرىدىـن، يالغىنىدىـن يامانراق نەرسـە كىرمەيـدۇ»، چۈنكـى ئاللاھ تەئـالا:

«ئـى مۇئمىنلـەر، تەقۋادار كىشـىلەر بولۇشـۇڭلار ئۈچـۈن سـىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرگـە پـەرز قىلىنغىنىـدەك سـىلەرگىمۇ ساناقلىق كۈنلـەردە روزا تۇتـۇش پـەرز قىلىنـدى.» (بەقـەرە، 183 - ئايـەت)، دېـدى، يەنـە بىـر ئايەتتـە:

«ئى مۇئمىنلەر، نامازغا تۇرغىنىڭلاردا يۈزلىرىڭلارنى ھەمدە قولliرىڭلارنى جەينەكلىرىڭلارغىچە يۇيۇڭلار، باشلىرىڭلارغا مەسھى تارتىڭلار (نەم قوللىرىڭلار بىلەن سىلاڭلار) ۋە پۇتلىرىڭلارنى ئوشۇقلىرىغىچە يۇيۇڭلار!» (مائىدە، 6 ـ ئايەت)، دېدى. كىمكى ئۆزىنىڭ مۇئمىن ئىكەنلىكىگە شەك ـ شۈبھە قىلسا، ئۇنىڭغا روزا ۋە نامازنى ئادا قىلماسلىقى كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تەئالا بۇلارنى پەقەتلا مۇئمىنلەرگە ۋاجىپ قىلدى»، دەيدۇ.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر بىرىڭلار مەن، ئىنشائاللاھ، مۇئمىن ھالەتتە ئۆلىمەن، دېسە جائىز بولمايدۇ، چۈنكى ئىستىسنا قايتىدىن باشلىغۇچىغا ئىشلىتىلىدۇ، ھازىرقى ۋە ئۆتكەن زامانغا ئىشلىتىلمەيدۇ، چۈنكى سۆزدە: «بۇ نەرسە خۇدا خاھلىسا كىيىم» ۋە «بۇ، ئىنشائاللاھ سېلىنىدۇ» دېيىش دۇرۇست بولمايدۇ.

ھەسەن بەسرىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىنشائاللاھ، بۇنداق قىلمەن دېسە، بۇ گەپ كىشىنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن، ئەگەر، ئىنشائاللاھ، بۇ ئىشنى قىلدىم، دېسە، بۇ ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىدىن.» تالاق ۋە ئىتاقتا (قۇلنى ئازاد قىلىش) ئىستىسنا قىلسا، تالاق ۋە ئىتاق بولمايدۇ، ئەگەر ئۆز ئىمانىدا ئىستىسنا قىلسا، ئىمانغا دەخلى ۋە قۇسۇر يېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىر يۈز يىگىرمە بىرىنچى باب: ئىماننىڭ زىيادە بولۇشى ياكى بولماسلىقى ھەققىدە

فەقىھ رەھىمەھۇللاھ: ئادەملەر ئىمان ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر، ئىمان زىيادە بولىدۇ ۋە كېمىيىدۇ، دېدى. بەزىلەر، زىيادە بولمايدۇ ھەم كېمەيمەيدۇ، دېدى. يەنە بەزىلەر: زىيادە بولىدۇ، لېكىن كېمەيمەيدۇ، دېدى.

ئىمان زىيادە بولىدۇ ھەم كېمىيىدۇ، دېگەنلەرنىڭ ھۆججىتى ئاللاھ تەئالانىڭ: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇش ئۈچۈن...» (فەتھى، 4 ـ ئايەت) ۋە «ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئىمانلىرىنى زىيادە قىلدۇ.» (تەۋبە، 124 ـ ئايەت)، دېگەن سۆزىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەن قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىمەن، شۇ چاغدا دوزاختىن ئۇنىڭ قەلبىدە بىر بۇغداي دانىسىچە ئىمانى بولغان كىشى چىقىدۇ. كېيىن يەنە شاپائەت قىلغىنىمدا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر قىچا دانىسىچە ئىمانى بولغان كىشى دوزاختىن چىقىدۇ. كېيىن يەنە شاپائەت قىلىمەن، بۇ چاغدا قەلبىدە زەررە قەدەر ئىمانى بولغان كىشى دوزاختىن چىقىدۇ»، دېگەن.

ئىمان زىيادە بولىدۇ، كېمەيمەيدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى مۇئاز ئىبنى جەبەلدىن قىلىنغان رىۋايەت بولۇپ، مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالالتتى،

ئەمما كاپىر مۇسۇلماندىن مىراس ئالالمايتتى. ئۇ كىشى ئېيتتىكى: «مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹ئىسلام زىيادە بولىدۇ، لېكىن كېمەيمەيدۇ›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىمان زىيادە بولىدۇ، ئەمما كېمەيمەيدۇ»، دېيىلگەن.

ئىمان زىيادە بولمايدۇ ۋە كېمەيمەيدۇ، دېگەنلەرنىڭ ھۆججىتى ئەبۇمۇتىئ ھەمماد ئىبنى سەلەمەدىن، ئۇ ئەبۇ مەخزۇمدىن، ئۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر: «سەقىف قەبىلىسىدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەلچىلەر كەلدى ۋە ئېيتتىكى: ‹ئى رەسۇلۇللاھ، ئىمان كەم – زىيادە بولامدۇ؟› رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئىمان قەلبتە مۇكەممەلدۇر، ئۇنىڭ زىيادە بولۇشى ۋە ئاجىزلىششى كۇفرىدۇر›، دېدى.» ئەۋن ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىندۇ:

«مەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: ‹ئەگەر ئىش ئۇ شۈبھىچى، ئاداشقان ۋە شەك كەلتۈرگۈچىلەر ئېيتقانىدەك، گۇناھلار ئىماننى كېمەيتىدىغان بولسا ئىدى، بىرسىمىز كەچ كىرگەندە ئىمانى قانچىگە كۆپەيگەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭدىن قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلمەيتتى›، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.»

ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئىمانلىرىغا ئىمان قوشۇلۇش ئۈچۈن...» (فەتھى 4 - ئايەت) دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر: چىن ئېتىقادى زىيادە بولىدۇ، دېيىلمەكتە، دېيىشكەن. دەرھەقىقەت، ئىمان قۇرئاندا بىر نەچچە ئۇسلۇبتا زىكىر قىلىنغان. ئۇلارنىڭ مەنىلىرى تەپسىر ئەھلىنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ.

ئەبۇ مۇتىئ: «ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ ئىمانى بىردۇر، ئۇلار ئارىسىدا زىيادىلىك ۋە نۇقسان يوق»، دەيدۇ. ھىشام ئەبۇ يۇسۇفتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ھەقىقەتەن مۇئمىنمەن ۋە مەن ئاللاھ ھۇزۇرىدا مۇئمىنمەن، ئەمما ئىمانىم جىبرىل ئەلەيھىسسالام ۋە مىكائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانلىرىغا ئوخشاش، دەيمەن.» مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن: «مەن: ‹ئىمانىم جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانىغا ئوخشاش›، دېگەن كىشىنى يامان كۆرىمەن. بەلكى جىبرىل ۋە مىكائىل ئىمان كەلتۈرگەن زاتقا ئىمان كەلتۈردۇم، دېسۇن، شۇنىڭدەك، ئىمانىم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانىدەك دېمىسۇن، لېكىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمان كەلتۈرگەن زاتقا ئىمان كەلتۈردۇم، دېسۇن»، دەيدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن يەنە ئېيتتىكى: «سۇفيان سەۋرىي: ‹ئىنشائاللاھ، مەن مۇئمىنمەن›، دەيتتى، كېيىن بۇ سۆزىدىن قايتتى ۋە ئىستىسنانى تەرك ئەتتى ۋە: ‹مەن مۇئمىنمەن›، دېدى.»

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن يەنە ئېيتىدۇ: «ئەگەر ئىش مېنىڭ قولۇمدا بولسا ئىدى، تۇرمىلەرنى ئوغرىلار بىلەن ئەمەس، ئىمانىم جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانىدەك، دەيدىغان كىشىلەر بىلەن تولدۇراتتىم. ۋەھالەنكى، مەن، جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىمان كەلتۈرگەن زاتقا ئىمان كەلتۈردۇم، دەيمەن.»

# بىر يۈز يىگىرمە ئىككىنچى باب: ئىمان ئەمەلمۇ ياكى ئىقرارمۇ

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر ئىمان ھەققىدە گەپ قىلىپ، بەزىلىرى، ئىمان سۆز ۋە ئەمەلدۇر، دېدى. بۇ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىسھاق ئىبنى راھىۋەيھ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سۆزى. بەزىلەر، ئىمان ــــ قەلب بىلەن تونۇش، دېدى. بۇ جەھم ئىبنى سەفۋان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سۆزى. باشقىلار، ئىمان تىل بىلەن ئىقرار بولۇپ، دىل بىلەن تەستىقلاش ۋە ئۇنىڭ شەرىئەت – قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش، دېدى، بۇ ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سۆزىدۇر. بىز مۇشۇ گەپنى ئالىمىز. ئىمان سۆز ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت، دېگەن كىشىلەرنىڭ ھۆججىتى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتىدۇر:

«ئاللاھ ئىمانىڭلارنى (نامازلىرىڭلارنى) زايا قىلغۇچى ئەمەستۇر.» بەقەرە، 143 ـ ئايەت) ـ ئاللاھ تەئالا قۇددۇسقا قاراپ ئوقۇلغان نامازنىڭ زايا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىمان سۆزدىن ئىبارەت دېگەن كىشىلەرنىڭ ھۆججىتى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇشبۇ سۆزى:

«دېگەن گەپلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارنى مۇكاپاتلىدى.» مائىدە، 85 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەن ئىنسانلار ھەتتا ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر بۇ سۆزنى ئېيتسا، مەندىن قانلىرى ۋە ماللىرىنى ساقلايدۇ ياكى ھەققىنى (جىزيە) بېرىپ ساقلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھېساب - كىتابى ئاللاھقا ھاۋالە»، دېدى. ئىمان - قەلب بىلەن تونۇش، دېگەن كىشىلەرنىڭ ھۆججىتى، ئەگەر كىشى كۇفر ئېتىقادىدا بولسا، بۇنى ئوچۇق ئېيتمىسىمۇ، ئۇ كاپىرغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىمان كەلتۈرسە ۋە ئۇنى ئوچۇق ئېيتمىسىمۇ، مۇئمىن بولىۋېرىدۇ.

ئىمان ــــ تىل بىلەن ئىقرار بولۇش، دىل بىلەن تەستىقلاش، دېگەنلەر جىبرىل ئەلەيھىسسالام رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئىمان ھەققىدە سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىمان ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ مالائىكىلىرى، كىتابلىرى، رەسۇللىرى، ئاخىرەت كۈنى، ئۆلۈمدىن كېيىن تىرىلىش، قەدەرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقى ئاللاھ تەئالادىن ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش»، دەپ بەرگەن جاۋابلىرىغا ئاساسلىنىدۇ. جىبرىل ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا: «راست گەپ قىلدىڭ»، دېگەن. جىبرىل ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرگە تەلىم بېرىشنى، دىن ۋە شەرىئەتنى زاھىر قىلىشنى ئىرادە قىلغان، ئاللاھ تەئالا:

«ئېيتقىن (ئى مۇھەممەد): ‹ئى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە نەسرانىيلار)، بىزگىمۇ، سىلەرگىمۇ ئورتاق بولغان بىر سۆزگە كېلىڭلار›.» (ئال ئىمران، 64 - ئايەت)، دېگەن. سابىت بولدىكى، كىشى سۆز بىلەن مۇئمىن بولىدۇ، سۆز تەستىقلاش بىلەنلا تولۇق بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تەئالا مۇناپىقلار قىسسىسىدە:

«ئادەملەر ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۆزلىرى مۇئمىن بولمىغان ھالدا ‹ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈردۇق›، دەيدۇ» (بەقەرە، 8 - ئايەت)، دېگەن. ئاللاھ ئۇلاردىن ئىماننى نەفىي قىلدى، چۈنكى ئۇلاردا سۆزنىڭ تەستىقى يوق ئىدى. ئەگەر سۆز تەستىق بىلەن بىرگە بولسا، مۇئمىن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىلىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىر يۈز يىگىرمە ئۈچىنچى باب: ئىمان مەخلۇقمۇ، مەخلۇق ئەمەسمۇ؟

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر ئىمان ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر ئۇنى مەخلۇق دېدى؛ بەزىلەر مەخلۇق ئەمەس، دېدى. ئىمان مەخلۇق دېگۈچىلەرنىڭ ھۆججىتى: ئەلۋەتتە ئىمان تىل بىلەن ئىقرار بولۇش ۋە دىل بىلەن تەستىقلاش ۋە ئۇلار (ئىقرار ۋە تەستىقلاش) بەندىلەرنىڭ پېئىللىرى بولۇپ، ئىمان مەخلۇقتۇر. چۈنكى بەندە پۈتۈن پېئىللىرى بىلەن مەخلۇقتۇر. ئاللاھ تەئالا:

«ئاللاھ سىلەرنى ۋە قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى ياراتتى.» (ساففات، 96 ـ ئايەت)، دېگەن. ئىمان مەخلۇق ئەمەس، دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى: ئىمان «لا ئىلاھە ئىللەللاھ»، «ۋە ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. بۇ ئاللاھنىڭ كالامىدۇر ۋە ئاللاھنىڭ كالامى مەخلۇق ئەمەستۇر. كىمكى بۇ كالامنى مەخلۇق دەپ، گۇمان قىلسا، قۇرئاننى مەخلۇق دەپ گۇمان قىلغان بولىدۇ.

فەقىھ ئېيتىدۇ: بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ يوق، چۈنكى كىمكى ئىماننى مەخلۇق دېسە، بۇنىڭ بىلەن بەندىنىڭ پېئىلىنى ۋە لەپزىنى ئىرادە قىلغان بولىدۇ. بىز بۇنى ئالىمىز. كىمكى مەخلۇق ئەمەس

دېسە، ئۇ بۇنىڭ بىلەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئىرادە قىلغان بولىدۇ، بىز شۇنى ئالىمىز. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز يىگىرمە تۆتىنچى باب: قۇرئان ھەققىدىكى سۆزلەر

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئادەملەر قۇرئان ھەققىدە پىكىر بايان قىلىشتى. بەزىلەر: «ئۇ مەخلۇق، چۈنكى سەھىپىلەردە يېزىلغان»، دېيىشتى. بۇ بەشىر مەرىسىي، ھۇسەين نەججار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سۆزى. بەزىلەر: «قۇرئان مەخلۇق ئەمەس ۋە ئۇ مۇسھەفلەردە يېزىلمىغان»، دېدى. بۇ ئەبۇ ئابدۇللاھ ئىبنى كىرام، قىلابىي ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سۆزى. بەزىلەر: «ئۇ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى، ئاللاھ ئۇنى نازىل قىلغان، بىز بۇ مەخلۇق ياكى غەيرى مەخلۇق دېمەيمىز»، دەيدۇ. بۇ جەھمىي ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سۆزى. بەزىلەر: «قۇرئان مۇسھەفتە يېزىلغان ۋە ئۇ غەيرى مەخلۇق»، دېدى. بۇ ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇف، شەقىق ئىبنى زاھىد ۋە ماشايىخلىرىمىز مەزھىبىنىڭ سۆزى. قۇرئان مەخلۇق، دېگەنلەر ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇشبۇ ئايەتلىرىنى دەلىل قىلىدۇ:

«ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر.» زۇمەر 62 – ئايەت.

«بىز ئۇنى ئەرەبىي قۇرئان ھالدا نازىل قىلدۇق.» زۇخرۇف، 3 ـ ئايەت.

«ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (قۇرئاندا) يېڭى ۋەز – نەسىھەت نازىل بولسىلا...» ئەنبىيا، 2 – ئايەت.

قۇرئاننى مەخلۇق ئەمەس، دېگەنلەر ئىبنى ئابباسنىڭ:

«(بىز ئۇنى) بىرەر ئەگرىلىكتىن خالىي ئەرەبىي قۇرئان ھالدا (نازىل قىلدۇق).» (زۇمەر، 28 ـ ئايەت)، دېگەن ئايىتى ھەققىدىكى قۇرئان غەيرى مەخلۇق، دېگەن سۆزلىرىنى ئېلىشتى. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئاگاھ بولۇڭلاركى، يارىتىش ۋە بۇيرۇش پەقەت ئۇنىڭدۇر.» (ئەئراف، 54 ـ ئايەت)، دېگەن ئايەت ھەققىدە شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: «خەلق ـ مەخلۇقلاردۇر، ئەمر ـ قۇرئاندۇر ۋە ئۇ مەخلۇق ئەمەستۇر، ئۇ ھەقتە ھەر خىل پىكىردە بولماڭلار.»

مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى مالائىي ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى جەئفەردىن، ئۇ مۇھەممەد ئىبنى ئەزھەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى ئەسكەرنىڭ باغدادتا: «قۇرئان ئاللاھنىڭ كالامى، مەخلۇق ئەمەس، كىم ئۇنى مەخلۇق دېسە، ئاللاھقا كاپىر بولغان بولىدۇ ۋە كىم لەفز بىلەن ئېيتىپ، كېيىن توختىسا، ئۇ جەھمىي بولىدۇ»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

سۇفيان سەۋرىي ئېيتىدۇ: «كىم قۇرئاننى مەخلۇق دېسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ.» ئەنەس ئىبنى مالىكتىن بىر كىشى «قۇرئان مەخلۇق»، دېگەن كىشى ھەققىدە سورىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك: «كىم قۇرئاننى مەخلۇق دېسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ پۈتۈن كەلىملىرى بىلەن پاناھ تىلەيمەن»، دېگەن. دەرھەقىقەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن باشقىسىدىن

پاناھ تىلەشتىن چەكلىگەن ئىدى. دېمەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن پاناھ تىلىگەچ، ئۇ مەخلۇق ئەمەسلىكى ئىسپات بولىدۇ، چۈنكى مەخلۇق بىرەر نەرسىدىن پاناھ بېرەلمەيدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تەئالا ياراتقان نەرسىنىڭ بىرىنچىسى قەلەم»، دېگەن. ئەگەر ئاللاھنىڭ كالامى مەخلۇق بولسا ئىدى ئىبنى ئابباس ئاللاھ ياراتقان نەرسىنىڭ بىرىنچىسى سۆز دېگەن بولاتتى، چۈنكى ئاللاھ تەئالا نەرسىلەرنى «كۇن» (بول) دېگەن سۆزى بىلەن ياراتتى.

## بىر يۈز يىگىرمە بەشىنچى باب: ئاللاھنى كۆرۈش ھەققىدە

فەقىــھ ئېيتىــدۇ: ئادەملــەر ئاللاھنىــي كــۆرۈش ھەققىــدە ئوخشــىمىغان قاراشــلارنى بايــان قىلــدى. بەزىلــەر: «بارىــي ســۇبھانەھۇ ۋەتەئــالا دۇنيــا ۋە ئاخىرەتتــە كۆرۈنمەيــدۇ»، دېــدى. بەزىلــەر: «جەننــەت ئەھلــى ئاللاھنــى ئاخىرەتتــە كەيپىيەتســىز ۋە تەشبىھســىز كۆرىــدۇ، خــۇددى ئــۇلار دۇنيــادا ئوخشىتىشسىــز بىلگەنــدەك»، دېيىشــتى. بىــز شــۇ گەپنــى ئالىمىز ۋە بۇ ســەھىھ، بىدئەدتىــن ئۇزاقتــۇر.

ئاللاھ سۇبھونەھۇ ۋەتەئالا كۆرۈنمەيدۇ، دېگەنلەر ئاللاھ تەئالانىڭ:

«كۆزلــەر ئۇنىڭغــا يېتەلمەيــدۇ.» (ئەنئــام، 103 – ئايەتنىــڭ بىــر قىســمى)، دېگــەن ئايەتنــى ۋە مۇســا ئەلەيھىســسالامغا ئېيتقــان: «ســەن مېنــى ھەرگىــز كۆرەلمەيســەن.» (ئەئــراف، 143 – ئايەتنىــڭ بىــر قىســمى)، دېگــەن ســۆزىنى دەلىــل قىلىشــىدۇ. ئۇنــى كۆرىــدۇ، دېگەنلــەر ئالــلاھ تەئالانىــڭ:

«ئــۇ كۈنــدە (مۇئمىنلەرنىــڭ) يۈزلــىرى مۇرلــۇق بولىــدۇ، پەرۋەردىگارىغــا قاراپ تۇرىــدۇر!» (قىيامــەت، 23-22 - ئايەتلــەر)؛ «ياخشــى ئەمــەل قىلغــان زاتــلار ئۈچــۈن گــۈزەل ئاقــۋەت ۋە زىيــادە نېئمەتلــەر بــاردۇر.» (يۇنــۇس، 26 – ئايەتنىڭ بىــر قىســمى) دېگــەن ســۆزلىرىنى ھۆججــەت قىلىــپ ئېلىشــتى. ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ: «زىيــادە نېئمەت»نــى ئاللاھنــى كەيپىيەتســىز كــۆرۈش،

دېگەن. ئاللاھ تەئالا يەنە ئېيتىدۇ:

«ھېچ شەك - شۈبھە يوقكى، ئۇلار شۇ (قىيامەت) كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئى قىلىنىدۇ.» مۇتەففىفىن، 15 - ئايەت.

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجلىي رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن: ‹ىبقىندا پەرۋەردىگارىڭلارنى ھېچ نەرسە توسمىغان تولۇن ئاينى كۆرگەندەك كۆرىسىلەر. قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن ۋە پېتىشتىن ئىلگىرى نامازغا مەغلۇپ بولماسلىقا قادىر بولساڭلار، شۇنى قىلىڭلار»، دېدى، كېيىن ئۇشبۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:

«... ۋە قۇياش چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە پېتىشتىن ئاۋۋال پەرۋەردىگارىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتقىن، تەسبىھ ئېيتقىن (ناماز ئوقۇغىن)!» تاھا، 130 - ئايەت.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى ئاسىم: «ئەھلى سۈننەت ئاللاھ تەئالا بۇ دۇنيادا بىرمۇ مەخلۇققا كۆرۈنمەيدۇ، جەننەت ئەھلى ئۇنى ئاخىرەتتە كۆرىدۇ»، دەپ ئىجما قىلغان، دېدى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.



www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز يىگىرمە ئالتىنچى باب: ساھابىلەر ھەققىدە قانداق گەپ قىلىش لازىم؟

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەقىللىق كىشى ساھابىلەر ھەققىدە ياخشى گەپ قىلىشى ۋە دىنى ساغلام بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى پەقەت ياخشىلىق بىلەن ئەسلەشى لازىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ، ئاللاھ، مەندىن كېيىن ساھابىلىرىم ھەققىدە يامان ئويدا بولماڭلار، كىمكى ئۇلارنى ياخشى كۆرسە، مەنمۇ ئۇلارنى مۇھەببىتىم بىلەن سۆيىمەن، كىمكى ئۇلارنى يامان كۆرسە، مەن ئۇلارنى غەزىپىم بىلەن يامان كۆرىمەن، كىمكى ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزسە، تەھقىق، ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، كىمكى ماڭا ئازار بەرسە، ئاللاھقا ئازار بەرگەن بولىدۇ ۋە كىمكى ئاللاھقا ئازار بەرسە، ئاللاھ ئۇنى تېز جازالايدۇ.»

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە تۇرۇپ: «بۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرىدىن كېيىنكى ئەڭ ياخشىراقى ــــ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن ئەڭ ياخشىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئاللاھقا قەسەمكى، ئەگەر خاھلىسام، ئۈچىنچىسىنى ئېيتىمەن»، دېدى. بەزىلەر: «ئۇ زات ئوسماننى نەزەردە تۇتتى»، دېيىشىدۇ،

www.uyghurkitap.com

بەزلەر: «ئۆزىنى نەزەردە تۇتتى»، دېيىشىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى فەزل ئېيتتى: «ئەلۋەتتە، بۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرىدىن كېيىن ياخشى كىشىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەپ ئىجما قىلىشتى، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. بىز ئېيتىمىزكى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان ساھابىلەر. ئۇلار ھەممىسى ياخشى ۋە سالىھلاردۇر. ئۇلارنى پەقەت ياخشىلىق بىلەن ئەسلەيمىز، گەپ قىلمىمىز.»

ئىبراھىم نەخەئىيدىن ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش ھەققىدە سوراشقاندا: «بىزنىڭ قوللىرىمىز ئۇ قانلاردىن پاك ۋە تىللىرىمىز ئۇنىڭ بىلەن بۇلغانمايدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «تۆت كىشىنىڭ مۇھەببىتى پەقەت مۆئمىن كىشىنىڭ قەلبىدە جەملىنىدۇ. ئۇلار: ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم.»

ئەبۇ ئىسھاق ھەمەدانىي قاسىدىن، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ ماڭا ئەبۇ بەكرنى ئاتا، ئۆمەرنى مەسلىھەتچى، ئوسماننى يۆلەنچۈك ۋە ئەلىنى ياردەمچى قىلىۋېلىشىمنى بۇيرىدى. تۆت كىشىدىن ئاللاھ تەئالا ئۇممۇلكىتابتا ۋەدە - ئەھدىلىرىنى ئالغان. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنى پەقەت تەقۋادار مۆئمىن ياخشى كۆرىدۇ ۋە بەدبەخت، فاجىر يامان كۆرىدۇ. ئۇلار نۇبۇۋۋەتنىڭ ئورۇن

باسارلىرى، دۇنيايىمنىڭ مارجانلىرى، ئىشىمنىڭ پاكلىقى ۋە ھېكمىتىمنىڭ مەدەنلىرىدۇر، بۇلار بىلەن ئالاقىلەرنى ئۈزمەڭلار، ھەسەد قىلماڭلار›، دېگەن.»

ئەبۇ زۇبەير جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن، ئۇ زات رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇ بەكرى ۋەزىرىم ۋە مەندىن كېيىن ئۈممىتىمنىڭ ئارىسىدا قائىم (باشلىق)، ئۆمەر دوستۇم، ئوسمان بىلەن ئەلى بۇرادىرىم ۋە بايراقدارىم.»

مۇھەممەد ئىبنى جۇبەير ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر خوتۇن رەسۇلۇللاھ ھۇزۇرىغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ ئايالغا بىر ئىش بۇيرىدى. ئۇ خوتۇن: ‹ئېيتىڭچۇ، ئەگەر سىزنى تاپالمىسام، نېمە قىلىمەن›، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر مېنى تاپالمىساڭ، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالدىغا بار›، دېدى.»

ئەبۇ ئىسمەت نۇھ ئىبنى مەريەم رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئەبۇ ھەنىفەدىن ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت كىملەر، دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى: ‹ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋزەل بىلگەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرگەن ۋە مەسىگە مەسھى تارتىشنى توغرا بىلىپ، ئۈممەتتىن بىرىنىمۇ بىر گۇناھ ئۈچۈن كاپىرغا چىقارمىغان، قەدەرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقى ئاللاھتىن دەپ، ئاللاھ ھەققىدە بىرەر نەرسە دېمىگەن ۋە خورما شىرنىسىنى ھارام ھېسابلىمىغان ئادەملەر›، دېدى.» ۋەللاھۇ ئەئلەم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

## بىر يۈز يىگىرمە يەتتىنچى باب: تەقدىر ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر تەقدىر ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلماسلىققا قۇربىڭ يەتسە، تالاش – تارتىش قىلما، چۈنكى بۇنىڭغا چوڭقۇر كىرىپ كېتىشتىن چەكلەنگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر قەدەر ھەققىدە گەپ بولسا، ئۆزەڭلەرنى تارتىڭلار، يۇلتۇزلار ھەققىدە گەپ بولسا، ئۆزەڭلەرنى تارتىڭلار ۋە ئەگەر ساھابىلىرىم ھەققىدە گەپ بولسا، ئۆزەڭلەرنى تارتىڭلار.»

خەۋەرلەردە زىكرى قىلىنىشىچە ئۇزەير ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن قەدەر توغرىسىدا سوراپ: «ئى رەببىم، سەن ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ بەلگىلەپ قويغانسەن، ئەمما يامان ئىش قىلىشسا، ئۇلارنى جازالايسەن»، دېگەن. ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىپ: «ئى ئۇزەير، بۇ مەسىلە ھەققىدە مەندىن سورىما، سېنى مەنئى قىلغىنىمدىن كېيىن شۇ نەرسە ھەققىدە سورىساڭ، پەيغەمبەرلەر قاتارىدىن ئىسمىڭنى ئۆچۈرىمەن»، دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تەقدىرنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى ئاللاھتىندۇر» دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن جىبرىل ئەلەيھىسسالام ئىمان ھەققىدە سورىغاندا: «ئىمان ـــ ئاللاھقا،

پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقى ئاللاھتىن ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش»، دېگەن.

ئەمر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئالدىدا ئولتۇرغان ئىدۇق، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر بۆلۈك ئادەملەر بىلەن كېلىپ، رەسۇلۇللاھقا سالام بېرىشتى. شۇ چاغدا بەزىلەر: ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، تەقدىرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقى ئاللاھتىنمۇ ياكى ياخشىلىق ئاللاھتىن، يامانلىق بىزدىنمۇ؟›، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئىككىلىسى ئاللاھتىن›، دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ھەسەناتلار (ياخشىلىقلار) ئاللاھتىن، يامانلىقلار بىزدىن›، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ياخشىلىقلارمۇ، يامانلىقلارمۇ ئاللاھتىن›، دېدى. ئادەملەرنىڭ بەزىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگەشتى، بەزىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگەشتى. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئاللاھ جىبرىل ۋە مىكائىل ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندەك، ئاراڭلاردا ھۆكۈم قىلىمەن. ئى ئۆمەر، جىبرىل سېنىڭ گېپىڭنى دېدى، ئى ئەبۇ بەكرى، مىكائىل سېنىڭ گېپىڭگە ئوخشاش نەرسىنى ئېيتتى، شۇ چاغدا جىبرىل ئېيتتىكى: ‹ئەگەر ئاسمان - زېمىن ئەھلى ئىختىلاپ قىلسا، بىرىپ، ئىسرافىلنىڭ ھۆكمىگە مۇراجىئەت قىلىمىز›، دېدى. ئۇلار ئىسرافىلغا ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىشتى ۋە ئىسرافىل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارارلىق قىلىپ، ئەلۋەتتە، قەدەرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقى ئاللاھتىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى»، دېدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ ئاراڭلاردا شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىمەن»، دەپ «ئى ئەبۇ بەكرى، ئەگەر ئاللاھ زېمىندە ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشنى خالىمىغاندا، ئىبلىسنى ياراتمىغان بولاتتى، دېدى.» ۋەللاھۇ ئەئلەم.

# بىر يۈز يىگىرمە سەككىزىنچى باب: راپىزىيلار ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئىككى كىشى ھالاك بولىدۇ: ئەڭ ياخشى كۆرگۈچى ۋە ئەڭ يامان كۆرگۈچى»، دېدى. يەنە ئېيتىدۇكى: «ئاخىر زاماندا بىر قەۋم چىقىدۇ، بىزنىڭ پىرقىمىزنى دەۋا قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار بىزنىڭ پىرقىمىزدىن ئەمەس. ئۇلار راپىزىلار دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئۇچراتساڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلار مۇشرىكلاردۇر.»

مەيمۇن ئىبنى مىھران ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئۇ زات رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاخىرقى زاماندا راپىزىلار دېگەن قەۋم بولىدۇ. ئۇلار ئىسلامنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ، ئۇلارنى قەتل قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار مۇشرىكلاردۇر.»

ئېيتىدۇكى، كىم ساھابىلەرنى سۆكسە، كاپىردۇر، كىم ئۇلارنى يامان كۆرسە، راپىزىدۇر.

ھارۇن رەشىد مەزكۇر ھەدىسكە بىنائەن، ئۇلارنى قەتل قىلغان، دېيىشىدۇ.

ئامىر شەئبىي ئېيتىدۇ: «راپىزىلىق خۇداسىزلىققا باراۋەردۇر، راپىزىنىڭ بارچىسى زىندىق - خۇداسىز ئىكەنلىكىنى كۆردۈم.»

# بىر يۈز يىگىرمە توققۇزىنچى باب: ناماز ۋاقتىدا تاماق ھازىر بولۇشى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر كىشى تامىقىنى ئالدىغا قويغاندا ناماز ۋاقتى كىرىپ، تامىقىنى يەپ بولغۇچە ناماز قازا بولمايدىغان بولسا، تامىقىنى يەپ بولۇپ، ئاندىن ناماز ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ. چۈنكى تاماق يېيىشكە باشلاپ قويۇپ، نامازغا تۇرسا، كۆڭلى تائامدا قالىدۇ. تاماق يەپ تۇرۇپ قەلبى نامازدا بولۇشى نامازدا بولۇپ، قەلبى تاماقتا بولۇشىدىن ئەۋزەلدۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناماز ۋاقتىدا كەچلىك تاماق ھازىر بولۇپ قالغاندا: «مالامەتچى نەفسىمدىن باشلىمايمەن»، دېدى. نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن، ئۇ زات رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىرىڭلار تاماق ئۈستىدە بولسا، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك يېمەستىن تۇرۇپ نامازغا ئالدىرىمىسۇن، گەرچە ناماز ۋاقتى بولغان بولسىمۇ.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىرىڭلارنىڭ ناماز ۋاقتىدا ھاجىتى قىستاپ قالسا، ئالدى بىلەن ھاجەتنى چىقارسۇن.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ قالغان ھالدا ناماز ئوقۇمىسۇن.» بۇنىڭدىكى مەنا شۇكى، ئۇنىڭ قەلبى نامازدىن باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتابخۇر بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز ئوتتۇزىنچى باب: سەپەردىن كېچىسى قايتىشنىڭ مەكرۇھلىقى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بىر كىشى سەپەردىن قايتسا، ئۆيىگە كۈندۈزى كىرىشى مۇستەھەبتۇر، ئائىلىسى خەۋەرسىز بولغان ھالەتتە كېچىسى ئۆلارنىڭ ئالدىغا كېلىشى توغرا ئەمەس.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر بىرىڭلار غايىبتىن (سەپەردىن) كەلسە، ئىشىكنى كەچقۇرۇن ئەسلا قاقمىسۇن.» يەنە بىر خەۋەردە ئېيتىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتتى ۋە ساھابىلىرىگە: ‹ئۆيۈڭلارنىڭ ئىشىكنى كېچىسى ئەسلا قاقماڭلار›، دېدى، ئىككى كىشى قاققان ئىدى، ئۇلار ئاياللىرى بىلەن باشقا ئەرلەرنى كۆردى.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: بۇ مەنئى مۇستەھەپ مەنئىدۇر، ھاراملىق دەرىجىسىدىكى مەنئى ئەمەس. ئەۋزىلى سەپەردىن كەلگەنلىكىنى ئائىلىسىگە كۈتۈۋېلىشقا تەييار بولۇشى ئۈچۈن بىلدۈرۈش. ئەگەر بىلدۈرمىسە، ئائىلىسى بىلمەستىن كىرىپ كەلسە، سۈننەتنى تەرك قىلغان بولىدۇ، ئەمما ھارام ئەمەس. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## بىر يۈز ئوتتۇز بىرىنچى باب: يامغۇر ياغقاندا ئۆلاغنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەگەر كىشىنىڭ ئۆيى مەسجىدتىن ئۇزاق بولۇپ، ئۆزى ۋە كىيىمگە يامغۇردىن زەرەر يېتىشىدىن قورقسا، نامازنى ئۆيدە ئوقۇشى جائىز، بۇنىڭغا رۇخسەت بار.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر مەسگە زەرەر يەتسە، ناماز ئولتۇرغان يەردە، دېدى ۋە رۇخسەت بەردى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاياغ كىيىمى ئەرەبىي ئىدى، ئەگەر يامغۇرغا چىقىلسا، كېرەكسىز بولۇپ قالاتتى. شۇنىڭدەك، كىيىملىرى نىپىز ئىدى، گاھىدا سوغۇقتىن جاپا تارتىپ قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆيدە ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت بېرىلگەن.

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ زات يامغۇرلۇق كۈندە ئەزان ئېيتقۇچى مۇئەززىنگە: «ئەزاندا، ناماز ئۆيدە، دېگىن»، دېدى. ئادەملەر ئۇ زاتقا قاراشتى، ئىبنى ئابباس: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان»، دېدى.

نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن، ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قاتتىق سوغۇق بولسا، ئۇلاغ

ئۆستىدە ناماز ئوقۇيتتى ۋە مۇئەززىنلەرگە ئەزان ئېيتىۋاتقاندا ئاخىرىدا ‹يامغۇرلۇق كېچىدە ئۆلاغنىڭ ئۆستىدە (سەپەردە بولسا) ناماز ئوقۇڭلار›، دېيىشكە بۇيرۇيتتى.»

# بىر يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى باب: قوشغۇراقنىڭ مەكرۇھلىقى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى ئۆمەر ئۇممۇ ھەبىبەدىن، ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «قوشغۇرىقى بار كارۋانغا مالائىكىلەر يولداش بولمايدۇ.»

خالىد ئىبنى مەئدەن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قوشغۇراقلىق تۆگىنى كۆرۈپ: ‹بۇ شەيتاننىڭ قاپىلىسىدۇر›، دېدى.» ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇزۇرىغا بىر ئايال كىردى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پۇتىغا قوشغۇراق ئېسىۋالغان بىر بالا بار ئىدى. ئائىشە ئانىمىز: «مالائىكىلەرنى قاچۇرىدىغان نەرسىنى چىقىرىپ تاشلاڭلار»، دېدى. ئاندىن قوپىغۇراقنى چىقىرىۋەتتى.

ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەيھانە ئىسىملىك ئايالدىن رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ ئايال ئېيتىدۇ: «ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كىردىم، يېنىمدا پۇتىغا قوشغۇراق ئېسىۋالغان بالا بار ئىدى. ئۆمەر: ‹شېرىكىڭگە بۇ شەيتاندىن ئىكەنلىكىنىڭ خەۋىرىنى بېرىپ قوي›، دېدى.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئۆلىمالار، ئەگەر پايدىسى بولسا، ھايۋانغا قوشغۇراق تاقاش جائىز، ئەمما ئويۇن ئۈچۈن بولسا، جائىز ئەمەس، دېيىشكەن.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى باب: تەزىيە بىلدۈرۈش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بېشىغا مۇسىبەت چۈشكەن كىشىگە تەزىيە بىلدۈرۈش ياخشىدۇر ۋە ئۇنىڭدا ئەجىر بار. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە كۆپ رىۋايەتلەر كەلگەن. ئۇ زات ئېيتىدۇ: «مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلماندىكى ھەققى ــــ بىرىگە مۇسىبەت يەتسە، كۆڭلىنى ئېلىپ تەسەللى بېرىشتۇر.»

مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررا ئاتىسىدىن، ئاتىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ساھابىلەردىن بىرى كۆرۈنمەي قالدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى سورىدى، ئۇنىڭ ئوغلى ۋاپات قىلغانلىقىنى ئېيتىشتى. «بىز بىلەن يۈرۈڭلار، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، تەسەللى بېرىمىز»، دېدى رەسۇلۇللاھ. ھەممىمىز بېرىپ، تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلدۇق.» مۇسىبەت ئەھلى ئۈچۈن ئۆيدە ياكى مەسجىدتە ئۈچ كۈن ئولتۇرۇشىدا ۋە ئىنسانلار تەزىيە بىلدۈرۈپ كېلىشىدە زىيان يوق. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئولتۇرغان، ئادەملەر كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تەزىيە بىلدۈرگەن. ئەمما ھويلىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇش مەكرۇھ، ئۇ جاھىلىيەت ئەمەللىرىدىن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇشبۇ ئىشتىن مەنئى قىلغان.

## بىر يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى باب: مۇسابىقىلىشىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: مۇسابىقىلىشىش چەكلەنمەيدۇ. مۇسابىقىلىشىشتە ئاتلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن چېپىشىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدا ھەر قانداق بىر ماددىي مەقسەت بولمىسا جائىزدۇر. ئەگەر بىر نەرسە تۆلەش شەرتى بىلەن مۇسابىقىلەشسە، بۇ ھەقتە ئىككى خىل قاراش بار: ئەگەر غالىپقا مۇنچىلىك مۇكاپات بېرىلىدۇ، دەپ مۇسابىقىلىشىش جائىز ئەمەس، بۇ ئىش قىماردۇر. ئەمما مېنىڭ ئېتىم ئۇزۇپ كەتسە، ساڭا مۇنداق مۇكاپات، ئەگەر سېنىڭ ئېتىڭ ئۇزۇپ كەتسە، ساڭا ھېچ نەرسە يوق، دەپ مۇسابىقىلەشسە جائىز دەيدۇ. تۆلەم بىر تەرەپتىن بولسا، جائىز، ئىككى تەرەپتىن بولسا، ناجائىز. ئەگەر تۆلەم ئىككى تەرەپتىن جائىز بولۇشىنى خالىسا، ئوتتۇرىدا بىر ھاكىم تۇرغۇزىدۇ ۋە: مېنىڭ ئېتىم ئۇتسا، ماڭا سەندىن مۇنداق نەرسە، ئەگەر سېنىڭ ئېتىڭ ئۇتسا، مەندىن ساڭا مۇنداق نەرسە، ئۈچىنچىمىز ئۇتسا، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە يوق، دەپ شەرتلەشسە، بۇ جائىزدۇر. مۇجاھىد رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «مالائىكىلەر سىلەرنىڭ ئويۇنلىرىڭلاردىن بىرەرسىدە ھازىر بولمايدۇ، پەقەت ئوق ئېتىش ۋە ئات مۇسابىقىسىدە (ھازىر بولىدۇ).»

زۇھرىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زامانىدا ئات

www.uyghurkitap.com

ۋە تۆگە، يەنە ئادەملەرنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بولاتتى.»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەزبۇ دېگەن تۆگىسى بولۇپ، ھېچ كىمنىڭكى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى. بىر ئەرابىي ياش تۆگىسىنى مىنىپ كەلدى - دە، ئۆتۈپ كەتتى. بۇ مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ھەر بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويغاندىن كېيىنلا كۆتۈرىۋېتىدۇ.» دېدى.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىز بىلەن يۈگۈرەشتە مۇسابىقىلەشكەندە ئائىشە ئانىمىز رەسۇلۇللاھتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئائىشە ئانىمىزنىڭ يېشى چوڭايغاندا، يەنە مۇسابىقىلىشىپ رەسۇلۇللاھ ئۇتقان ۋە: «ئى ئائىشە، ئەمدى باراۋەر بولدى»، دېگەن.

مالىك يەھيا ئىبنى سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا رازىلىق بولسا ئات مۇسابىقىسىدە گۆرۈ قويۇش چەكلەنمەيدۇ.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: مۇسابىقىدىكى پايدا شۇكى، قەۋم ئۇچۇن چىدام يېتىلدۈرۈش، نەپسىنى چىنىقتۇرۇش، جەڭگە تەييارلىق قىلىش بار. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر بىلەن مۇسابىقىلەشكەنلىكى، رەسۇلۇللاھ بىرىنچى، ئەبۇ بەكرى ئىككىنچى ۋە ئۆمەر ئۈچىنچى بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

## بىر يۈز ئوتتۇز بەشىنچى باب: شېرىنلىك چېچىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: تويدا ياكى ئەمىرلەر ۋە ئەسكەرلەرگە شېرىنلىك (كەمپۇت) چېچىلغاندا، بەزىلەر، چېچىلغان نەرسىنى ئېلىشنىڭ زىيىنى يوق، دېسە، بەزىلەر، جائىز ئەمەس، دېيىشىدۇ. بەزىلەر، تويدا بولسا، جائىز، ئەمىرلەرگە چېچىلسا، جائىز ئەمەس، دەيدۇ.

جائىز ئەمەس دېگۈچىلەرنىڭ دەلىلى ھەمىد ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىرەر نەرسىنى تارتىپ يۇلۇپ ئېلىشتىن مەنئى قىلغان ۋە: «تارتىپ يۇلۇپ ئالغۇچىلار بىزدىن ئەمەس»، دېگەن. ئەدىي ئىبنى سابىت ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ھۇتەمىيدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسلە (ئۆلۈكلەرنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش) ۋە تارتىۋېلىشتىن مەنئى قىلغان.» ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئەگەر باللارغا شېرىنلىك چېچىلسا، ئۆز باللىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىشتىن چەكلەپ، ئۇلارغا شۇ نەرسىنى بازاردىن ئېلىپ بېرەتتى.

شېرىنلىكنى ئېلىشنىڭ زىيىنى يوق، دېگۈچىلەر بۇ ئىشنى مۇباھ بىلگەن.

ھەسەن ۋە ئىكرىمە تويدا شېرىنلىكنى تېرىپ ئېلىشنىڭ زىيىنى يوق، دەپ ھېسابلايتتى. شەئبىي ئېيتىدۇ: «ئىگىسى چىن قەلبىدىن چاچمىغان

www.uyghurkitap.com

نەرسىنى ئېلىش مەكرۇھتۇر. ئەمما قەلبىدىن قىلغان بولسا، زىيىنى يوق.»

تويدا جائىز، ئۆلىمالارغا چېچىلغىنى مەكرۇھ، دېگۈچىلەر تۆۋەندىكى رىۋايەتنى ئاساس قىلىدۇ:

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەنسارىي بىر يىگىتنىڭ تويىغا ئىشتىراك قىلدى. جارىيەلەر تاۋاقلاردا قەنت ۋە ياڭاق كەلتۈردى، ئەمما ئۇنىڭدىن ھېچ كىم ئالمىدى. رەسۇلۇللاھ: «تالىشىپ ئالمامسىلەر؟!» دېدى. ئۇلار: «سىز بۇنى مەنئى قىلاتتىڭىزغۇ؟!»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇ ئەسكەرلەرگە دېيىلگەن، ئەمما تويدا زىيىنى يوق»، دېدى.

فەقىھ ئېيتىدۇ: شۇنىڭغا ئەمەل قىلىمىز، ئەگەر تويدا بولسا ياكى زىياپەتتە ياكى بىر كىشى قۇربانلىق قىلىپ، گۆشىنى ئادەملەرگە تارقاتسا، ياكى بىر كىشى سەپەردىن كېلىپ، بىرەر نەرسە چاچسا، ئۇنى ئېلىشنىڭ زىيىنى يوق. ئەگەر چېچىلغان نەرسە ئەمىرلەر ئۈچۈن بولسا ئېلىش مەكرۇھ، جائىز ئەمەس، چۈنكى ئۇلارغا چېچىلغان نەرسە پارادۇر. ئەمىرلەرگە ھەدىيە بېرىشنىڭ مەكرۇھلىقى ھەممىگە مەلۇم.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەمىرلەرگە ھەدىيە خىيانەتتۇر»، دېگەن. شۇنىڭدەك، ئۇلارغا ھەدىيە چېچىش ۋە مال سوۋغا قىلىش شۇنداق. ئەمما گۆشنى قاماقتىكىلەرگە بېرىلسە جائىز.

## بىر يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى باب: ھەدىيە ئېلىش ۋە بېرىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بىلگىنكى، ئەگەر بىر ئىنسان ساڭا ھەدىيە بەرسە ۋە ئۇ زالىم بولمىسا، مېلى ھالال بولسا، ھەدىيەنى ئېلىشىڭ ۋە ئۇنىڭغا بەرگىنىڭدىنمۇ ياخشىراق نەرسىنى سوۋغات قىلىشىڭ ئەۋزەلدۇر. ئەگەر سوۋغات بېرىشكە ئاجىز بولساڭ، ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلغىن ۋە ياخشى سۆز بىلەن مۇكاپاتلا. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئىنسانلارغا شۈكۈر قىلمىسا (مىننەتدار بولمىسا) ئاللاھقا شۈكۈر قىلمىغان بولىدۇ»، دېگەن. ئىبنى ئۆمەر ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹كىمكى سىلەرگە بىرەر قىممەتلىك نەرسە ھەدىيە قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب ھەدىيەسى بېرىڭلار، ئەگەر بېرىشكە ھېچ نەرسە تاپالمىساڭلار، مۇكاپاتلىغىنىڭلارنى بىلدۈرۈپ ھەققىگە دۇئا قىلىڭلار›، دېگەن.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «چاقىرىلغان جايغا بېرىڭلار ۋە ھەدىيەنى قايتۇرماڭلار.»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ھەدىيە، كۆڭۈلنى ئالىدۇ، باغرىتاشلىق ۋە ئاداۋەتنى كەتكۈزىدۇ» دېگەن.

ئەتا خوراساني رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر - بىرىڭلار بىلەن

قول بېرىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇڭلار، كۆرۈشۈش غەزەپنى كەتكۈزىدۇ، بىر - بىرىڭلارغا ھەدىيە بېرىپ تۇرۇڭلار، ئۆز ئارا مۇھەببەتلىك بولىسىلەر، ھەدىيە غەزەپنى، بىر - بىرىنى يامان كۆرۈشنى كەتكۈزىدۇ»، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئادەملەر ئىچىدە ئاللاھقا كۆپ شۈكۈر قىلغۇچى ئادەملەردىن كۆپ مىننەتدار بولغانلىرىدۇر. ئازغا شۈكۈر قىلمىغانلار كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ.»

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «كىمگە بىرەر ياخشى نەرسە ھەدىيە قىلىنسا، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق نەرسە بىلەن مۇكاپاتلىسۇن، ئەگەر مۇكاپاتلاشقا قۇربى يەتمىسە، تەشەككۈر ئېيتىپ، ھەدىيە قىلغان كىشىنى ماختاپ، كۆڭلىنى ئالسۇن، ئەگەر شۈكۈر قىلماي، ئۇنى ماختىمىسا، نېئمەتكە نا شۈكۈرلۈك قىلغان بولىدۇ.»

ئىبنى ئابباس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمگە ھەدىيە بېرىلسە، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بولغانلار ھەدىيەدە ئۇنىڭغا شېرىكتۇر.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىنسانلار ھەدىسنىڭ مەنىسى ۋە تەۋىلى ھەققىدە ئوخشاشمىغان پىكىر بايان قىلىشتى. بەزىلەر: «ھەدىسنىڭ زاھىرى ئېلىنىدۇ، كىمگە ھەدىيە بېرىلسە، ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار بىلەن ھەدىيەنى بۆلۈشىدۇ»، دېگەن بولسا ، فىقھى ئەھلى «خەۋەر مۇستەھەپ ئۈچۈندۇر، ئۇلار بىلەن بۆلۈشىشى ئالىيجانابلىق ۋە مۇرۇۋۋەتتۇر. ئەگەر بۇنداق قىلمىسا، مەجبۇر قىلىنمايدۇ»، دەيدۇ.

ئەبۇ يۇسۇف قازىغا بىر نەرسە ھەدىيە قىلىنغاندا، ئەتراپىدا ئولتۇرغان بەزى كىشىلەر ئۇشبۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشقان. ئارقىدىن ئەبۇ يۇسۇف:

«ھەدىس مىۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ھەققىدە دېيىلگەن، ئەبۇلقاسىم ئەھمەد ئىبنى ئەھمەدكە ھەدىيە قىلىنغاندا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ ھەدىس ئېيتىلغان. ئۇ كىشى ئۇلار خۇشاللىقتا شېرىكتۇر، ھەدىيەدە ئەمەس، دېگەن»، دەپ جاۋاب بەرگەن. بەزىلەر ئېيتىدۇكى: خەۋەر ساھىبلىرى ئەھلى سۇففە ۋە ئەھلى خانىقالار ھەققىدە، ئەمما فۇقەھالارغا ھەدىيە بېرىلسە، يېنىدىكىلەر ئۇچۇن شېرىكلىك يوق، ئەگەر خاھلىسا، ئۇلارنى ساخاۋەت يۈزىسىدىن شېرىك قىلىدۇ.»

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىر يۈز ئوتتۇز يەتتىنچى باب: چۈشكۈرگۈچىگە تەشمىت ئېيتىش توغرىسىدا

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىدا ئىككى كىشى چۈشكۈردى. رەسۇلۇللاھ بىرىگە تەشمىت (يەرھەمۇكەللاھنى) ئېيتتى، ئىككىنچىسىگە ئېيتمىدى. «يا رەسۇلۇللاھ، بۇنىڭغا تەشمىت ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئېيتمىدىڭىز»، دەپ سورىدى. «بۇ ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتتى، ئۇ ئېيتمىدى»، دېدى.

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى چۈشكۈرگەندە ئاۋازىنى پەسەيتىشى ۋە گېپىنى ئاڭلىشى ئۈچۈن يۇقىرى ئاۋازدا ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىشى ياخشىدۇر. ئۇنىڭ ھەمدۇ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغانلارغا تەشمىت ئېيتىپ جاۋاب بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ زات بىر كىشىنىڭ چۈشكۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن، ئەگەر ھەمدۇ ئېيتقان بولساڭ»، دېدى. مالىك ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەزمدىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: ‹ئەگەر كىشى چۈشكۈرسە، ئۇنىڭغا تەشمىت ئېيت، يەنە چۈشكۈرسە، تەشمىت ئېيت، كېيىن يەنە چۈشكۈرسە، ئۇنىڭغا، سېنىڭ

تەۋـاـڭ يوقكـەن، دېگــن›.» ئابدۇلــلاھ: «ئۈچـنچـسـدىن كېيىنمـدى ياكـى تۆتىنچســدىنمۇ، بىلمىدىـم.» دەيـدۇ.

ئەبـۇ ھۇرەيـرە: چۈشـكۈرگۈچـگە ئـۈچ قېتـم تەشـمىت ئېيـت، ئەگـەر يەنـە چۈشكۈرسـە، بـەس، ئۇنىڭغـا شـامال تەگكـەن بولـىدۇ»، دېگـەن. شـەئبىي ئېيتـدۇ: «تەشـمىت ئېيتـش بـر قېتـم، سـەجدە ئايتىگـە سـەجدە قىلغانـدەك، ئەگـەر قايتـا ئوقۇسـا، سـەجدە قىلمايـدۇ.»

رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام چۈشكۈرسـە، بېشـىنى ئىگـپ، يۈزىنـى يۆگەپ، ئاۋازىنـى پەسـەيتىپ، چۈشـكۈرەتتى، دېيىلگەن.

فەقـھ ئېيتـدۇ: ئەگـەر بـر كىشـى چۈشـكۈرگەندە باشقىسـى ھەمـدۇ ئېيتسـا، بـۇ ياخشـى ئىشـتۇر. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالامنىڭ شـۇنداق دېگەنلىكـى رىۋايـەت قىلىنـدۇ: «كىمكـى چۈشـكۈرگۈچىدىن بـۇرۇن ھەمـدۇ ئېيتسـا، شاۋسـتىن، لاۋسـتىن ۋە ئۈلۈسـتىن ئامـان قالـدۇ.» تىلشۇناسـلار ئېيتىدۇكـى: «شـاۋس ـــ تىـل ۋە بـەل ئاغرىقـدۇر، لاۋس ـــ قـۇلاق ۋە بىقـن ئاغرىقـى، ئۈلـۇس ـــ قورسـاق ئاغرىقـى.»

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئاممىۋى كۇتۇپخانىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش تاربسى
www.uyghurkitap.com

# بىر يۈز ئوتتۇز سەككىزىنچى باب: ئىنسانلار بىلەن مۇرەسسە قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشىلەر مۇمكىن قەدەر ئىنسانلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشى، ئۇلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلماسلىقى، خۇشمۇئامىلىلىك ئىشلىشى لازىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ مېنى بۇتلارغا سىغىنىشتىن چەكلىگەندىن كېيىنكى بىرىنچى چەكلىگەن نەرسىسى ــ ھاراق ئىچىش ۋە كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، جېدەل قىلىشتۇر.»

جابىر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسانلار بىلەن مۇرەسسە قىلىش سەدىقىدۇر.» سەئىد ئىبنى مۇسەييەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشتىن كېيىنكى ئەقىللىق ئىش ئىنسانلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشتۇر.»

بەزى ھۆكۈمالار ئېيتىدۇ: «كىمكى ئاتا ـ ئانىسىغا ئاقى بولسا، بالىسىدىن خۇشاللىق كۆرمەيدۇ، كىمكى ئىشتا مەسلىھەت سورىمىسا، ھاجەت – مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، كىمكى ئەھلى بىلەن مۇرەسسە قىلمىسا، ھاياتىنىڭ لەززىتى كېتىدۇ. كىشى ئۆيىگە كىرسە، ئەھلىگە سالام بېرىشى، ياخشىلاپ ئولتۇرۇپ جايلاشمىغۇچە گەپ قىلماسلىقى، ئەگەر گەپ قىلسا، مۇلايىملىق، مۇرەسسە، مادارا ۋە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گەپ قىلىشى

مۇستەھەبتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەھلىگە ياخشىلىرىڭلاردۇر»، دېگەن. ئاللاھ تەئالا: «ئۇلار بىلەن تىنىچ - ئامان ياشاڭلار.» (نىسا 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دەيدۇ.

سۇفيان سەۋرىي: «ئەگەر ئايالىڭ سەندىن غەزەپلەنسە ۋە جاھىللىق قىلسا، ئالقىنىڭنى ئۇنىڭ ئالقىنى ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇپ: ‹ئى نىجىس، پاك جەسەدتىن چىق›، دېگىن. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن چىقىدۇ»، دەيدۇ.

ئەمر ئىبنى مەيمۇن ئېيتىدۇ: «ئۈچ تائىپە باركى ھوسۇلسىز، پايدىسىز، ئۇنۇمسىزدۇر، ئۈچ تائىپە باركى، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولمايدۇ ۋە يەنە ئۈچ تائىپە باركى، ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ. ھوسۇلسىز، ئۇنۇمسىزلەردىن بىرى ئەمىر، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلساڭ، ساڭا تەشەككۇر بىلدۈرمەيدۇ، ئەگەر يامانلىق قىلساڭ، سېنى كەچۈرمەيدۇ. ئىككىنچىسى يامان قوشنا، سەندىن ياخشىلىق كۆرسە ئاشكارا قىلمايدۇ، يامانلىق كۆرسە، يوشۇرمايدۇ. ئۈچىنچىسى يامان ئايال، ئەگەر ئۇنى كۆرسەڭ، كۆزۈڭ قۇۋۋانمايدۇ، كەتسەڭ كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولمايدۇ. دۇئالىرى ئىجاۋەت بولمايدىغانلارنىڭ بىرىنچىسى يېقىن قېرىندىشىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇش ئۈچۈن بەد دۇئا قىلغان كىشى. ئىككىنچىسى، بەلگىلەنگەن مۇددەتكە قەرز ئېلىپ، ۋاقتىدا بەرمىگەن كىشى. ئۈچىنچىسى، پەرۋەردىگارا، مېنى خوتۇنۇمدىن خاتىرجەم قىل، دېگەن كىشى. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا، خوتۇنۇڭنىڭ ئىشى قولۇڭدا، خاھلىساڭ ئۇنى تالاق قىل، خاھلىساڭ، ئۇنىڭ بىلەن ياشا، دەيدۇ. جەننەتكە كىرمەيدىغان تائىپە: ئاتا ـ ئانىسىغا ئاقى بولغانلار، ھاراقنى بېرىلىپ كەتكەنلەر ۋە مىننەت قىلغۇچى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

# بىر يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى باب: ھېكمەتلىك سۆزلەر ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام گەپ قىلغاندا ئوخشىتىش ـــ سۆز ئويۇنى قىلاتتى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھتىن ئۆتۈپ كەتكەن كىشى يوق.

مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «مۆئمىن كىشى ئىككى قېتىم ئالدانمايدۇ»؛ «مۆئمىن بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم ئۆتمەيدۇ.»

«كىشىنىڭ سۆزى قولىدىن كۆپرەك زىيان يەتكۈزىدۇ.»

«نەفسىگە غالىپ بولغان كىشى كۈچلۈكتۇر.»

«ھازىر جەڭگاھ قاتتىق قىزىماقتا.»

«ئاڭلىغان خەۋەر كۆرگەندەك ئەمەس.»

«شاھىد غائىب كۆرمىگەن نەرسىنى كۆرىدۇ.»

«قەۋمگە سۇ قۇيغۇچى ئاخىرىدا ئىچىدۇ.»

«ئەگەر بىر تاغ يەنە بىر تاغقا تاجاۋۇز قىلسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنى پارچىلاپ تاشلايدۇ.»

«ئۇرۇش ھىيلىدۇر.»

«ئاۋۋال ئۆزەڭدىن باشلا، كېيىن قول ئاستىڭدىكىلەردىن.»

«بالا تىلغا ۋەكىل قىلىنغاندۇر.»

«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ ئەينىكى.»

«ئىنسانلار تاغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشايدۇ.»

«يامانلىقنى تەرك قىلىش سەدىقەدۇر.»

«قەۋمنىڭ سەييىدى ئۇلارنىڭ خىزمەتكارىدۇر.»

«بەزى شېئىرلاردا ھېكمەت بار، بەزى بايانلاردا سېھىر بار.»

«مۆئمىننىڭ نىيىتى ئەمەلىدىن ياخشىراقتۇر.»

«يەردىكىلەرگە رەھىم قىلساڭ، ئاسماندىكى زات ساڭا رەھىم قىلىدۇ.»

«مەسلىھەت سالغان كىشى ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك.»

«كىم رەھىم قىلمىسا، رەھىم قىلىنمايدۇ.»

«ھەدىيە قىلغان نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالغۇچى قەي قىلغان نەرسىسىنى قايتا يۇتقۇچىغا ئوخشايدۇ.»

«ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچى ياخشىلىق قىلغۇچى كىشى كەبىدۇر»

«بىرەر نەرسىگە مۇھەببەت باغلاش سېنى كور ۋە گاس قىلىدۇ.»

«ھەر بىر ياخشىلىق سەدىقەدۇر.»

«ئازغۇن پەقەت ئازغۇنغا باش پاناھلىق بېرىدۇ.»

«باينىڭ بىر نەرسىنى بېرىشنى كېچىكتۈرۈشى زۇلۇمدۇر.»

«سەپەر ئازابتىن بىر بۆلاقتۇر.»

«ئىنسانلار ئالتۇن ۋە كۈمۈش كانلىرىغا ئوخشايدۇ. سىلەرنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىلىرىڭلار ئىسلامدىمۇ ياخشىلىرىڭلاردۇر، ئەگەر دىنىنى

چۈشـــنىپ ياخشـــى ئۆگەنســـە.»

«زۇلۇم قىيامەت كۈنى زۇلمەتتۇر.»

«قەلبلــەر ئۆزلىرىگــە ياخشــىلىق قىلغانلارنــى ياخشــى كۆرۈشــكە ۋە يامانلىــق قىلغانلارنــى يامــان كۆرۈشــكە يارىتىلــدى.»

«ئىنسانلاردىن مىننەتدار بولمىغان كىشى ئاللاھقىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ.»

«شــاھلارنىڭ ئادالىتــى ئۇلارنىــڭ ســەلتەنىتىنى داۋاملىــق قىلىــدۇ.» يەنــى ئادالەتلىــك پادىشــاھ گەرچــە كاپىــر بولســىمۇ، باقىي قالىــدۇ، زالىــم پادىشــاھ گەرچــە مۇســۇلمان بولســىمۇ، يــوق بولــۇپ كېتىــدۇ.

بــەزى ھۆكۈمــالار ئېيتىــدۇ: «كىمكــى ئــۆز ئەيىبىنــى كۆرســە، باشــقىلارنىڭ ئەيىبــى بىلــەن ئىشــى بولمــاي قالىــدۇ، كىمكــى تەقــۋا لىباســىنى سالســا، ھېــچ نېمــە بىلــەن ئۆزىنــى ياپالمايــدۇ، كىمكــى ئالــلاھ بەرگــەن رىزىققا قانائەت قىلســا، قولىدىكــى نەرســىگە خاپــا بولمايــدۇ، كىمكــى زۇلــۇم قىلىچىنــى چىقارســا، شــۇ قىلىــچ بىلــەن ئــۆزى چېپىلىــدۇ، كىمكــى بۇرادىرىگــە قــۇدۇق قازســا، ئــۆزى شــۇ چوڭقــۇرغا چۈشــىدۇ، كىمكــى ئۆزگىنىــڭ ھىجابىنــى ئاچســا، ئۆزىنىــڭ ئۇياتلىــق يېــرى ئېچىلىــدۇ، كىمكــى ئــۆز خاتاســىنى ئۇنۇتســا، ئۆزگىنىــڭ خاتاســى ئۇنىڭغــا چــوڭ كۆرۈنىــدۇ، كىمكــى ئىشــلىرىغا ســىقىلىپ تەشــۋىش قىلســا، ھــالاك بولىــدۇ، كىمكــى ئــۆز ئەقلىدىــن بىھاجــەت بولســا، ئازىــدۇ، كىمكــى ئادەملــەر ئارىســىدا تەكەببۇرلــۇق قىلســا شــەرمەندە بولىــدۇ، ئىشــتا چوڭقــۇر كەتكــەن كىشــى مــالال بولــۇپ قالىــدۇ، كىمكــى ئىنســانلارغا پەخىرلەنســە چۈكىــدۇ، كىمكــى ئەخمەقلىك قىلســا، ھاقارەتكــە ئۇچرايــدۇ، كىمكــى رەزىــل، پەســكەش كىشــىلەر بىلــەن دوستلاشســا، خــار بولىــدۇ، كىمكــى ئالىمــلار بىلــەن ئولتۇرســا، ھەيۋىتى ئاشــىدۇ،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى

كىمىكى يامان ئىشىككە كىرسە تۆھمەتكە قالىدۇ، قەرزگە پەرۋاسىز قارىغان كىشى قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ، ئادەملەرنىڭ مېلىنى ئولجا ئالغان كىشى پېقىر بولىدۇ، ئاقىۋىتىگە قاراپ ئىش قىلغان كىشى سەبىرلىك بولىدۇ، بىلمەي قەدەم قويغان كىشى نادامەتكە قالىدۇ، ئاللاھتىن قورققان كىشى نىجات تاپىدۇ، ئىشلارنى سىناپ كۆرمىگەن كىشى ئالدىنىدۇ، ھەق ئەھلى بىلەن كۆرەش قىلغان كىشى يىقىلىدۇ، تاقىتى يەتمەيدىغان نەرسىنى كۆتۈرگەن كىشى ئاجىز قالىدۇ، ئەجىلىنى بىلگەن كىشى ئارزۇسىنى قىسقا قىلىدۇ، جاھىلدىن ياردەم سورىغان كىشى ئادالەتنى تەرك قىلىدۇ، كۈچ ۋە قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھتىن. مۇسۇلمانىنىڭ جىزيەسى ــــ ئۆيىنىڭ ئىجارىسىدۇر. بوينىنى قۇللۇقتىن ئازات قىلىشى ــــ قەرزىنى ئادا قىلىشىدۇر. بوينىنى خارلىشى ــــ قەرز ئېلىشتۇر. ئازابلىنىشى ــــ ئايالىنىڭ يامان خۇلقى.»

بەزى ھۆكۈمالار ئېيتىشىدۇ: «دوستلار بىلەن ئۇچرىشىش ئەقىلنى چاڭلاشتۇرىدۇ.»

ئەبۇمۇسا ئەشئەرىي رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹قۇرئان ئوقۇيدىغان مۇئمىنىنىڭ مىسالى ئۇتىرۇج (ئاپېلسىن) قا ئوخشايدۇ، ھىدىمۇ، تەممۇ شېرىن. قۇرئان ئوقۇمايدىغان مۇئمىنىنىڭ مىسالى خورمىغا ئوخشايدۇ، تەمى شېرىن، ھىدى يوق. قۇرئان ئوقۇيدىغان فاجىرنىڭ مىسالى رەيھانغا ئوخشايدۇ، ھىدى شېرىن، تەمى ئاچچىق. قۇرئان ئوقۇمايدىغان فاجىرنىڭ مىسالى ھەنزەلەگە ئوخشايدۇ، تەمى ئاچچىق، ھىدى يوق›، دېگەن.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ بۇ ئورۇندا ئۇتىرۇج دېگەندە ھىجاز ئەھلىنىڭ

مېۋىسىنى نەزەردە تۇتقان، ئۇنىڭ ھىدى ۋە تەمى شېرىن بولىدۇ، لېكىن بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى ئۈترۈجلارنىڭ ھىدى ياخشى بولسىمۇ، تەمى يوقتۇر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز قىرىقىنچى باب: ئىمارەتلەر، بىنالار ھەققىدە

پەقەت ئېيتىدۇ: بەزى ئادەملەر مېلىنى ئۆي سېلىشقا خىراجەت قىلىشنى مەكرۇھ ساناشتى ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرۈشتى: «ئەگەر ئاللاھ بەندىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ مېلىنى كېسەك بىلەن ھالاك قىلىدۇ.» يەنە بىر خەۋەردە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىم ئۆزىگە يېتەرلىك بىنادىن ئارتۇقچە ئۆي ياسىسا، قىيامەت كۈنى ئۇنى بويىندا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ»، دېگەن.

ھەسەن بەسرىيگە بىر كىشى: «مەن ئۆي سالغاندىم، كېلىپ، بەرىكەت سوراپ، بىر دۇئا قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز»، دېگەندە، ھەسەن بەرسى ھەمراھلىرى بىلەن بارغان ۋە ئۆيگە قاراپ: «ئۆزەڭنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، باشقىلارغا ئۆي ياساپسەن، سېنى يەردىكىلەر ئالداپ، ئاسماندىكىلەر يامان كۆرگەندۇ»، دېگەن.

بەزىلەر: «بۇنىڭ يامان تەرىپى يوق، چۈنكى ئاللاھ تەئالا: «سىلەرنى ئاد (قەۋمى) دىن كېيىن خەلىپە قىلغانلىقنى ۋە سىلەرگە زېمىننىڭ تۈزلەڭلىكلىرىدە (يازلىق) قەسىرلەر قۇرۇۋېلىشىڭلار، تاغلىق جايلاردا (قىشلىق) باشپانالىق ئۈچۈن تاغنى تېشىپ ئۆي ياسىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن ماكان بەرگەنلىكىنى ئەسلەڭلار! ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئەسلەڭلار ۋە

زىمىنىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەڭلار!» (ئەئراف، 74 ـ ئايەت)، دېگەن. دېمەك، قەسىرلەرنى قۇرۇش ئاللاھ تەئالانىڭ نېئمەتلىرىدىن ئىكەن. يەنە بىر ئايەتتە:

«ئېيتقىن: (ئى مۇھەممەد): ‹ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقارغان بىزەك (لىباسلارنى) ۋە ھالال - پاك رىزقلارنى كىم ھارام قىلدى›؟!» (ئەئراف، 32 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى)، دەيدۇ.

زىكرى قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىنىنىڭ ئوغلى ئۆي سېلىپ، ئۇنىڭغا كۆپ پۇل سەرپ قىلدى. بۇ ئىش مۇھەممەد ئىبنى سىيرىنغا ئېيتىلغاندا، ئۇ زات: «بىر ئادەم ئۆز مېلىدىن پايدىلىق بىر نەرسە ياساشنىڭ يامان تەرىپى يوق دەپ ئويلايمەن»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئاللاھ بەندىسىگە نېئمەت ئىنئام قىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە بۇ نېئمەتنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىمەن»، دېگەن. نېئمەتنىڭ ئەسىرى چىرايلىق بىنا قۇرۇش ۋە چىرايلىق كىيىم كىيىشتۇر. ئويلاپ كۆرۈڭ، ئەگەر كۆپ پۇلغا چىرايلىق جارىيەنى سېتىۋالسا، بۇ ئىش جائىز بولىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇنىڭغا باشقىسىمۇ كۇپايە قىلاتتى. بىنامۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەۋزەل ئىش مالنى ئاخىرەت ئۈچۈن سەرپ قىلىشتۇر، ئەگەر دۇنيا ئىشىدا بىنا ۋە كىيىمگە سەرپ قىلسا، بۇ ئۈچ نەرسىدىن ساقلانغاندىن كېيىن ھارام ئەمەس: مېلىنى ھارامدىن ياكى شۈبھىدىن تاپمىسا؛ مۇسۇلمانغىمۇ، زىممىيگىمۇ زۇلۇم قىلمىسا؛ ئاللاھ تەئالانىڭ پەرزلىرىدىن بىرەر پەرزنى زايا قىلمىسا. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

# بىر يۈز قىرىق بىرىنچى باب: كۇفرى ئەھلى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: مۇسۇلمانلار ئەھلى زىممە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا زىيان يوق، ئەگەر بۇ مۇئامىلە زۆرۈر نەرسىلەردىن بولسا مەسىلەن، كىسەل بولغان ھالىتىدە ئۇنى بېرىپ كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا تەۋھىد كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىشنىڭ زىيىنى يوق. دەرھەقىقەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كىسەل بىر يەھۇدىينى بېرىپ كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىسلامنى تەكلىپ قىلغان، كېيىن ئۇ مۇسۇلمان بولغان ۋە ئىماندا ۋاپات قىلغان. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ: «مەن سەۋەبلىك دوزاختىن بىر جاننى ئازاد قىلغان زاتقا ھەمدۇ بولسۇن»، دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر نەسرانىينىڭ ئۆيىگە كىردى، ئۇ جان بېرىۋاتقان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: ‹ئاللاھقا تەۋبە قىل›، دېدى. ئۇنىڭ تىلى سۆزگە كەلمىدى، ئەمما كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلدى، ‹ئى رەسۇلۇللاھ نېمە ئۈچۈن تەبەسسۇم قىلدىڭىز؟›، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ، ‹ئۇ ئىككىلا كۆزى بىلەن ئىما قىلغاندا ئاللاھ تەئالا: ‹ئى مالائىكىلىرىم، مەن ئۇ ئىما قىلغان نەرسىنى قوبۇل قىلغىنىمغا سىلەرنى

گۇۋاھ قىلمەن ۋە ئۇنىڭ ئىماسىنى زايا قىلمايمەن›، دېدى»، دېگەن.

مۇسۇلمانلار ئەھلى زىممە بولغان قېرىنداشلىرىغا ھەدىيە بەرسە ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلسا زىيىنى يوق. دەرھەقىقەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تاغىسىغا بىر جارىيە ھەدىيە قىلغان، ۋەھالەنكى، ئۇ كاپىر ئىدى.

مەيمۇن ئىبنى مىھراندىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئادەملەر ئىچىدە ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرىدىغىنىم ۋە ئۆزەم ئۈچۈن يامان كۆرىدىغىنىم بار، يەنە ئاللاھ يولىدا يامان كۆرىدىغىنىم ۋە ئۆزەم ئۈچۈنمۇ يامان كۆرىدىغىنىم بار، يەنە ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغىنىم ۋە ئۆزەم ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغىنىم بار. ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈپ، ئۆزەم ئۈچۈن يامان كۆرىدىغىنىم ماڭا پايدا بېرىدىغان مۇئمىن. ئاللاھ يولىدا ۋە ئۆزەم ئۈچۈن يامان كۆرىدىغىنىم، ماڭا ئازار بېرىدىغان كاپىر. ئاللاھ يولىدا يامان كۆرۈپ، ئۆزەم ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغىنىم، ماڭا پايدا بېرىدىغان كاپىر. ئۇنى كاپىر بولغىنى ئۈچۈن يامان كۆرىمەن ۋە ماڭا بەرگەن مەنپەئىتى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن.»

## بىر يۈز قىرىق ئىككىنچى باب: ناشتىنى ئەتىگەن قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ناشتىنى ئەتىگەن قىلىشتا ئۈچ خىسلەت بار: ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، ئاچچىقنى باسىدۇ ۋە مۇرۇۋۋەتنى زىيادە قىلىدۇ.» «مۇرۇۋۋەتنى قانداق زىيادە قىلىدۇ؟»، دەپ سوراشتى. ئۇ زات: «ئەگەر ئۆيۈمدە ناشتا قىلسام، نەپسىم باشقىلارنىڭ تائامىنى تەمە قىلمايدۇ»، دېدى.

زىكرى قىلىنىدىكى، بىر كىشى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ زات ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىۋاتقان ئىدى. مۇئاۋىيە ئۇنى تائامغا چاقىردى، ئۇ كىشى ناشتا قىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. مۇئاۋىيە: «سەن مۇشۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن تائام يېگەن بولساڭ، ئاچكۆزلۈك قىلىپسەن»، دېدى.

ئۇ كىشى: «مەن تۆت ئىش ئۈچۈن قىلدىم: قورساق مەسلىسىدىن پارىغ بولۇش ئۈچۈن؛ چاڭقىغانلىقىم ئۈچۈن؛ ھاجىتىم چىقسا بىمالال قىلىۋېرىش ئۈچۈن؛ ئەگەر بىر تائام كۆرسەم، ئۇنى تەمە قىلماسلىقىم ئۈچۈن.»، دېدى.

ئېيتىلىدۇكى، نادامەت تۆتتۇر: بىر كۈنلۈك نادامەت، بىر يىللىق نادامەت، بىر ئۆمۈرلۈك نادامەت ۋە ئەبەدىي نادامەت. بىر كۈنلۈك نادامەت: بىر كىشى ئۆيىدىن ناشتىسىز چىقسا، كېيىن كۈتۈلمىگەن ئىش توغرا كېلىپ قالىدۇ،

ئۇ ئۆيىگە قايتالمايدۇ ۋە كۈن بويى پۇشايمان بولىدۇ. بىر يىللىق نادامەت: دېھقان تېرىقچىلىق قىلماي يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۇشايمان بولىدۇ. بىر ئۆمۈرلۈك نادامەت: كىشى ئۆزىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئايالغا ئۆيلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پۇشايمان بولىدۇ. ئەبەدىي نادامەت: كىشى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تەرك قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسىي بولىدۇ ۋە ئەبەدىي پۇشايمان بولىدۇ.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىم باقىيلىقنى خالىسا، ئەتىگەن ناشتا قىلسۇن، رىدانى يەڭگىل قىلسۇن ۋە ئاياللار بىلەن ئالاقىنى ئاز قىلسۇن»، دېگەن. «رىدانى يەڭگىل قىلىش دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، قەرزنىڭ ئازلىقى»، دېگەن.

## بىر يۈز قىرىق ئۈچىنچى باب: ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: يەزىد رەققاشىي: «بەش نەرسە بەش تائىپە كىشىدە بولۇشى ياخشى ئەمەس: ئەمىرلەردە يالغان، زاھىدلاردا ھىرس، نەسەبى ئۇلۇغلاردا ئەخمەقلىق، بايدا بېخىللىق، كەمبەغەلدە مەنمەنلىك»، دېگەن.

بۇ نەرسىلەر ھېچ كىم ئۈچۈن ياخشى ئەمەس، لېكىن ئۇلاردا بولۇشى تېخىمۇ خۇنۇكرەك.

ئېيتىلىدۇكى، ئون نەرسە ئون تائىپە ئادەملەردە قەبىھتۇر: سۇلتانلاردا قىزىققانلىق، بايلاردا بېخىللىق، ئۆلىمالاردا تەمە، پېقىرلاردا ھىرس، ھەسەب ئىگىسىدە ھايانىڭ كەملىكى، زاھىدلارنىڭ ئەھلى دۇنيالار ئالدىغا بېرىشى، قىرىلاردا يىگىتلىك خۇلقى، ئابىدلاردا جاھىللىق، غازىدا قورقۇنچاقلىق، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىشى.

ھۆكۈمالار ئېيتىشىدۇ: «تەپەككۇر - نۇر، غەپلەت - زۇلمەت، جاھالەت - زالالەت، ئادەملەرنىڭ ئەڭ ناقىسى - ئاجىز كىشىگە زۇلۇم قىلغىنى.»

ئىبراھىم ئىبنى زىياد ئەدەۋىي: «ئۈچ نەرسە كۆڭۈلنى شاد قىلىدۇ: چىرايلىق خوتۇن، رىزىققا قانائەت قىلىش ۋە مېھرىبان بۇرادەر»، دېگەن.

بىر ھەكىم زات ئېيتىدۇ: «ئىلىمنى ئىزدىنىشتە، ھېكمەتنى ئاچلىقتا، ئىسلام

نۇرنى كىچە نامىزىدا، خەلقنىڭ ھەيۋەتنى خالىقنىڭ ھەيۋىتىدىن تاپتىم.»

جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالتە سۆزنى ئېيتتىكى، بىرەر ئادەم جاھىلىيەتتىمۇ، ئىسلامدىمۇ بۇنداق سۆزنى ئېيتمىغان ئىدى: بىرىنچىسى، كىم سۆزنى مۇلايىم قىلسا، ئۇنى سۆيۈش ۋاجىپ بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، كىشى ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەدرى بىلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ھەر بىر نەرسىنىڭ قىممىتى بار، ئەر كىشىنىڭ قىممىتى چىرايلىق كۆرسەتتىدىغان نەرسىسىدۇر؛ تۆتىنچىسى، كىمدىن سورىساڭ (تىلىسەڭ)، سەن ئۇنىڭ ئەسىرىسەن؛ بەشىنچىسى، بەرگەن كىشىگە سەن ئەمىرسەن؛ ئالتىنچىسى، خاھلىغان نەرسەڭدىن بىھاجەت بولغىن، سەن ئۇنىڭ نازىرىسەن.»

بەزى كىتابلاردا يېزىلىشىچە، كېپىل بولۇش لەنەتلەنگەن ۋە يامان كۆرۈلگەن ئىشتۇر، ئۇنىڭدا ئالتە خۇسۇسىيەت بار: تېنىش، زىيانغا ئۇچراش، يوقىتىش، ئالاقىنى ئۈزۈش، مالامەت ۋە نادامەت. كىم بۇ سۆزگە ئىشەنمىسە، تەجرىبىدە سىناپ كۆرسۇن.

يەنە ئېيتىلىدۇكى، رۇم پادىشاھىنىڭ ئىشىكىگە: «كېپىللىكتە نادامەت، مالامەت ۋە يوقىتىش بولىدۇ»، دەپ يېزىلغان ئىكەن.

ئېيتىلىشىچە، چېكىدىن ئاشقان تۆت نەرسە كىشىنى ھالاك قىلىدۇ: ئايال، ئوۋ، قىمار ۋە ھاراق.

ھۆكۈمالارنىڭ بىرى ئېيتىدۇ: «كىم ئاداشقان كىشى بىلەن دوست بولسا، دىن يولىدا پايدىلىق بولمايدۇ، كىم پاسىقنى مەدھى قىلسا، يۈزى سۆرۈن بولىدۇ، كىمكى باشقىلارنىڭ مېلىدىن تەمە قىلسا، مېلىدىن

بەرىكــەت كۆتۈرۈلــدۇ، كــم بايلارغــا بايلىقــى ئۈچــۈن تەزىــم قىلســا، ئىمانىنىــڭ ئۈچتــن بــرى كېتىــدۇ.»

ھۆكۈمالارنىــڭ يەنــە بــرى ئېيتىــدۇ: «كــم ئۆزىگــە بېرىلگــەن نەرســگە قانائــەت قىلســا، بېرىلمىگــەن نەرســدىن بىھاجــەت بولىــدۇ، كــم بىلگــەن نەرسســگە ئەمــەل قىلســا، بىلمىگــەن ئىشــتا مۇۋەپپەقىيەتكــە ئېرىشــدۇ، كــم ئۆزىگــە تېگىشــلىك بولغــان نەرســنى تــەرك قىلســا، ئۆزىگــە تېگىشــلىك بولمىغان ئىــش بىلــەن مەشــغۇل بولىــدۇ.»

ھەكىملــەر ئېيتىــدۇ: «ھەزىــل - مازاقتــن يــراق تــۇر، چۈنكــى ئۇنىڭــدا يەتتــە يامــان خىســلەت بار: بىرىنچســى، تەقۋالىقنــى كەتكۈزىدۇ؛ ئىككىنچســى، ھەيۋەتنــى يوقىتىــدۇ؛ ئۈچىنچســى، قەلبنــى قاتتىقلاشــتۇرىدۇ؛ تۆتىنچســى، ھەمــرا - شــېرىككە خىيانەتكــە ســەۋەب بولىــدۇ؛ بەشىنچســى، دوســتلۇقنى كەتكــۈزۈپ، ئاداۋەتنــى پەيــدا قىلىــدۇ؛ ئالتىنچســى، ئەقىللىقــلار ئۇنــى يامــان كۆرىــدۇ، ئەخمەقلــەر مەســخىرە قىلىــدۇ؛ يەتتىنچســى، ئۇنىڭغــا ئەگەشــكەن كىشــىنىڭ گۇناھــى ئۇنىــڭ بويىنــدا بولىــدۇ.»

ئېيتىلىشــچە، زايــا بولىدىغــان نەرســلەر ئــون: ئۇنىڭدىــن مەســلە ســورالمايدىغان ئالىــم، ئەمــەل قىلىنمايدىغــان ئىلــم، قوبــۇل قىلىنمايدىغــان توغرا پىكــر، ئىشــلىتىلمەيدىغان قــۇرال - ئەســۋاب، نامــاز ئوقۇلمايدىغــان مەســجىد، ئوقۇلمايدىغــان قۇرئــان، نەپىقــە قىلىنمايدىغــان پــۇل - مــال، مىنمەيدىغــان ئــات، دۇنيــا تەلــەپ قىلىدىغــان كىشــىنىڭ زاھىدلىــق ئىلمــى، قىيامــەت ئۈچــۈن دۇنيــادا تەييارلىــق قىلمىغــان ئــۆزۈن ئۆمــۈر.

بــر كىشــى ئىبنــى ئابباســتىن: «ئــى ئىبنــى ئاببــاس، ئەقلنىــڭ بېشــى

www.uyghurkitap.com

نېمە؟»، دەپ سورىدى. ئۇ زات: «ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىگە ھۆرمەت قىلىش، ئويلاپ تۇرۇپ گەپ قىلىش»، دېدى. ھېلىقى كىشى: «جاھىللىقنىڭ بېشى نېمە؟»، دەپ سورىدى. ئىبنى ئاباس: «پەخىرلىنىش، ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسە ھەققىدە كۆپ گەپ قىلىش، ئادەملەرنى ئەيىبلەش»، دەپ جاۋاب قىلدى. «ئادەملەرنىڭ زىننىتى نېمە؟»، دەپ سورىدى. «زېئىنلىك قىلماسلىق، ھەلىم بولۇش، خالىس سېخىيلىك قىلىش، دۇنيا تەلەپ قىلماستىن ئىبادەت - ئىجتىھاد قىلىش»، دېدى.

بىر ھۆكۈمادىن: «ئەقىللىق ئادەم قايسى؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ئۈچ نەرسىنى مەھكەم تۇتقان ئادەم ھەقىقىي ئاقىلدۇر: ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى تائەتلەردە سىدقى ۋە ئىخلاسنى مەھكەم تۇتقان، ئۆزى بىلەن خالىق ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ياخشىلىق ۋە مۇرۇۋۋەتنى مەھكەم تۇتقان، ئۆزى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى بالالار ۋە مۇسىبەتلەردە سەبىر ۋە قانائەتنى مەھكەم تۇتقان كىشى»، دېدى.

بىر ھەكىم زات ئېيتىدۇ: «ئادەملەر تۆت تائىپەدۇر: سېخىي، بېخىل، ئىسراپخور، تېجەشلىك. سېخىي دۇنيادىكى نېسىۋىسىنى ئاخىرەتتە ئۈچۈن ساقلاپ قويغان كىشى؛ بېخىل دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ نېسىۋىسىنى قالدۇرمىغان كىشى؛ ئىسراپخور ئاخىرەت نېسىۋىسىنى دۇنيادا ئىشلەتكەن كىشى؛ تېجەشلىك ھەر ئىككى ھاياتتا نېسىۋىسىنى ئالغان كىشى.»

ئىيسا ئەلەيھىسسالام: «ئى ھاۋارىيلار، دىن ئۈچۈن ئاز دۇنياغا رازى بولۇڭلار، خۇددى دۇنيا ئەھلى دۇنيا ئۈچۈن دىنىنىڭ ئېزىغا رازى بولغاندەك»، دېگەن.

# بىر يۈز قىرىق تۆتىنچى باب: ئۆرە تۇرۇپ سىيىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەزى ئادەملەر ئۆرە تۇرۇپ سىيىشكە رۇخسەت بەرگەن، بەزىلىرى ئۆزرىسىز بولسا مەكرۇھ سانايدۇ. بىز ئىككىنچى گەپنى ئالىمىز.

رۇخسەت بەرگەنلەر ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ئالىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر خورما دەرىخىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، ئۆرە تۇرۇپ سىيدى، كېيىن تاھارەت ئېلىپ مەسسىگە مەسھى تارتتى»، دېگەن.

مەكرۇھ، دېگەنلەر ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى ئالىدۇ. ئائىشەئانىمىز: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇكىشىگە قۇرئان نازىل بولغاندىن بۇيان ئۆرە تۇرۇپ سىيىپ باقمىدى. كىم ساڭا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ سىيگەن، دېسە، يالغان گەپ قىلىدۇ»، دېگەن.

نافىئ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىسلامغا كىرگەندىن بۇيان ئۆرە تۇرۇپ سىيىپ باقمىدىم»، دېگەن ئىكەن.

ئىبنى ئەبۇ بۇرەيدە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «تۆت نەرسە مۇشەققەتتۇر: كىشىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سىيىشى؛ نامازدا پېشانىسىنى سىلىشى؛ ئەزاننى ئاڭلىغاندا، شاھىدلىق بەرمەسلىكى؛

مىنىڭ ئىسمىم زىكرى قىلىنغاندا سالاۋات ئېيتماسلىقى»، دېگەن.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان خەۋەرگە كەلسەك، ئېھتىمال رەسۇلۇللاھ ئورۇننىڭ نىجاسەتلىكى ياكى باشقا ئۆزرە سەۋەبلىك شۇنداق قىلغاندۇ. ئەگەر بۇ ئېھتىمالغا ئېلىنسا، مەكرۇھ دېگەن خەۋەرلەرنى ئېلىش ئەۋزەلدۇر. ئېيتىلىدۇكى، ئۆرە تۇرۇپ سىيىش مەكرۇھ ۋە ھارام سانىلىدۇ، چۈنكى مۇشرىكلار شۇنداق قىلىدۇ، ھالبۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلارغا ئوخشىشى ھارامدۇر. «كىم ئۆزىنى بىر قەۋمگە ئوخشاتسا، ئۇ ئۇلاردىندۇر»، دېگەن رىۋايەت بار.

## بىر يۈز قىرىق بەشىنچى باب: ھايۋانلارنى پىچىش ھەققىدە

بەزى ئادەملەر ھەر قانداق ھايۋاننى پىچىشنى مەكرۇھ سانايدۇ ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى ھۆججەت قىلىدۇ: «ئىسلامدىن بۇرۇن بولغىنىدىن باشقا پىچىش ۋە چىركاۋ يوق.»

ئاللاھ تەئالانىڭ: «بۇيرىسام ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىپ - بۇزىدۇر» (نىسا، 119 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايىتىمۇ بىچىش ھەققىدە ئېيتىلغان دېيىلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تۆگىنى، سىغىرنى ۋە ئاتنى پىچىشتىن مەنئى قىلغان.»

ئىبنى ئۆمەر ئېيتىدۇكى: «خەلق ئۇنىڭ بىلەن كۆپىيىدۇ، ئاياللار ئۇنىڭ بىلەن پايدىلىق ھالغا كېلىدۇ. پىچىش نەسلىنى كېسىدۇ، نەسلىنى كېسىش، جائىز ئەمەس.»

بەزىلەر: «ئاتتىن باشقا ھايۋانلارنى پىچىش جائىز»، دەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتلارنى پىچىشتىن چەكلىگەن ئىكەن. بەزىلەر: «ھايۋانلارنى پىچىش جائىز، ئەمما ئىنساننى پىچىش جائىز ئەمەس»، دەيدۇ. بىزمۇ شۇ گەپنى ئېيتىمىز، چۈنكى ھايۋاننى پىچىشتا مەنپەئەت بار ۋە ئادەملەر شۇنىڭغا موھتاج. سويۇش جائىز بولغانىدەك، پىچىشمۇ

www.uyghurkitap.com

جائىزدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىككى پىچىلغان قوچقارنى قۇربانلىق قىلغان. ئەگەر پىچىش پايدىسىز بولسا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق ئۈچۈن پىچىلغىنىنى ئىختىيار قىلماس ئىدى. چۈنكى پىچىلغان ھايۋاننىڭ گۆشى شېرىن ۋە كۆپ بولىدۇ. دېمەك، قوينى، شۇنىڭدەك، باشقا ھايۋانلارنى پىچىش جائىز. ئەمما «ئىسلامدا پىچىش يوق»، دېگەن ھەدىستىن مەقسەت، كۆپچىلىك ئىلىم ئەھلى نەزىرىدە، ئادەملەردۇر. بەزىلەر: «بۇنىڭ مەنىسى كىشى ئۆزىنى پىچىشى، بۇنىڭدىن مەنئى قىلىنغان»، دەيدۇ.

ئەگەر، نېمە ئۈچۈن ئادەمنى پىچىش جائىز ئەمەس، بۇنىڭدىمۇ مەنپەئەت بارغۇ، دېيىلسە، بۇنىڭدا مەنپەئەت يوق، چۈنكى پىچىلغاندىمۇ ئاياللارغا قاراش جائىز ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئائىشە ئانىمىز ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەرنىڭ (نا مەھرەم ئايالغا) قارىشى جائىز بولمىغاندەك، پىچىلغان كىشىنىڭمۇ قارىشى جائىز بولمايدۇ.»

بەزى ئادەملەر ھايۋانلارغا ئەن سېلىشنى يامان كۆرۈشكەن، چۈنكى بۇنىڭ پايدىسى يوق، بەلكى ئۇلارغا ئازاب بېرىش بولىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر: «بۇنىڭ يامانلىق تەرىپى يوق، ئۇ بەلگە ئۈچۈن قويۇلىدۇ»، دېيىشىدۇ.

دەرھەقىقەت، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق تۆگە لوكىسىنىڭ ئۈچىغا بەلگە قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئەن سېلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئەمما رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنىڭ يۈزىگە بەلگە قويۇشتىن مەنئى قىلغان. دېمەك، بۇ خەۋەردە يۈزدىن باشقا ئورۇنغا بەلگە قويۇشنىڭ جائىزلىقىغا دەلىل بار.

# بىر يۈز قىرىق ئالتىنچى باب: خۇتپەندىن كېيىن سۆھبەت قىلىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەزىلەر خۇتپەندىن كېيىن سۆھبەت قۇرۇشنى مەكرۇھ كۆرىدۇ. بەزىلەر بۇنىڭغا ئىجازەت بېرىشكەن. مەكرۇھ دېگۈچىلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خۇتپەندىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ۋە خۇتپەندىن كېيىن گەپلىششىنى مەنئى قىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتنى دەلىل قىلىشىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆھبەتنى خۇتپەندىن كېيىنگە قالدۇرمىغانلىقى ۋە: «قايتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە بىرەر نامازنى ياكى تەھەججۇدنى رىزىق قىلىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس»، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مۇباھ دېگۈچىلەر ئەلقەمە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ئاساس قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە خۇتپەندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە مۇسۇلمانلارنىڭ «ئىشلىرى» ھەققىدە گەپلىشىپ ئولتۇرغان. ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىسۋار ئىبنى مۇخرىمە بىلەن سۈرەيىيا يۇلتۇزى چىققۇچە گەپلىشىپ ئولتۇرغان.

فەقىھ ئېيتىدۇ: كېچىدىكى سۆھبەت ئۈچ خىلدۇر: ئىلىم تەھسىل قىلىش، بۇ ئۇيقۇدىن ئەۋزەل؛ بۇرۇنقىلارنىڭ رىۋايەتلىرى، يالغان گەپلەر ۋە

مەسخىرە قىلىشلاردىن ئىبارەت سۆھبەت بۇ مەكرۇھتۇر؛ دوستانە سۆھبەت، بۇنىڭدا يالغان ۋە باتىل سۆزلەردىن يىراق تۇرسا زىيىنى يوق. ئەمما كېچىسى سۆھبەتلىشىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە نەھيي قىلىنغانلىقى ئۈچۈن سۆھبەتلەشمەسلىك ئەۋزەلدۇر. مۇبادا، سۆھبەت قۇرسا، ئاللاھ تەئالانىڭ زىكرى، تەسبىھ ۋە ئىستىغفاردا بولۇشلىرى لازىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «كېچىسى مېھمان ۋە ناماز ئوقۇغۇچىدىن باشقىسى سۆھبەت قۇرمايدۇ»، دېگەن. يەنى، مېھمان مېڭىش ئۈچۈن ئۇيقۇنى قاچۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇباھ، گەرچە بۇنىڭدا قۇربەت ۋە تائەت بولمىسىمۇ. ناماز ئوقۇغۇچى بولسا، ئەگەر كېچىسى سۆھبەت قۇرسا، كېيىن ناماز ئوقۇسا، ئاندىن ياتسا، شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇسى نامازغا ئۇلانغان بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا سۆھبەتنىڭ ئاخىرى تائەت بىلەن تۈگەيدۇ.

## بىر يۈز قىرىق يەتتىنچى باب: قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ سانى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ جەمئىي 112»، دېگەن. چۈنكى، ئۇ كىشى مۇئەۋۋىزەتەيننى (فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى) قۇرئاندىن ھېسابلىمىغان ۋە ئۇلارنى مۇسھەفكىمۇ يازمىغان، ئەمما ھەر ئىككى سۈرىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكىگە ئىقرار بولغان ۋە رەببۇلئالەمىنىنىڭ كالامى، دەيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن دەم سالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسى قۇرئاندىنمۇ ياكى قۇرئاندىن ئەمەسمۇ، دەپ شۈبھىلىنىپ قالغانىدى. مۇجاھىد قۇرئان سۈرىلىرىنى 113، دېگەن، ئەنفال ۋە تەۋبە سۈرىلىرىنى بىر سۈرە ھېسابلىغان. ئۇبەي ئىبنى كەئب 116 دېگەن، چۈنكى قۇنۇت دۇئاسىنى ئىككى سۈرىدىن ئىبارەت دەپ بىلگەن. زەيد ئىبنى سابىت 114 دېگەن. بۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ سۆزىدۇر. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسھەفىدىمۇ، ئەنسارلارنىڭ مۇسھەفىدىمۇ شۇنداق. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلغان ئادرېسى

# بىر يۈز قىرىق سەككىزىنچى باب: قۇرئان ئايەتلىرى ۋە كەلىمىلىرىنىڭ ئەدەدى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: قارىلار قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سانى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. ئىختىيار قىلىنغان سۆز كۇفەلىكلەرنىڭ بولۇپ، بۇ سان ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەنسۇپ - 6236 ئايەت. بەزىلەر بۇنىڭدىن باشقىچە سۆزنىمۇ ئېيتقان. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد قۇرئان ئايەتلىرىنى 6218 دېگەن. ئىبنى ئاببىاس 6216 ئايەت دېگەن. ئىسمائىل ئىبنى جەئفەر مەدەنىي 6214 ئايەت، مەككىلىكلەر 6212، بەسرىلىكلەر 6204، شام ئەھلىنىڭ ھېسابى بويىچە 6226، ئىبراھىم تەيمىي 6099 ئايەت. بەزى شاملىقلار 6250 ئايەت دېيىشكەن. جۇمھۇر ئۆلىمالار، 6266 ئايەت دېيىشكەن.

قارىلار قۇرئان كەلىمىلىرىنىڭ سانى ھەققىدىمۇ تۈرلۈك پىكىرلەردە. ھەمىد ئەرەج: «قۇرئان كەلىمىلىرىنىڭ سانى 76430»، دېگەن؛ مۇجاھىد 77250، ئەتا ئىبنى يەسار 77439، ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ 77436، دېيىشكەن. قارىلار مۇشۇنداق دېيىشتى، يەنە بۇندىن باشقا سۆزلەرمۇ بار. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## بىر يۈز قىرىق توققۇزىنچى باب: قۇرئان ھەرپلىرىنىڭ سانى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «قۇرئان ھەرپلىرىنىڭ سانى 322670 بولۇپ، قۇرئان ئوقۇغۇچىغا ھەر بىر ھەرپ ئۈچۈن ئۈچ ھەسسە نات بار»، دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «قۇرئان ھەرپلىرى 323621 ياكى 323670»، دېگەن. مۇجاھىد 321621، ئىبراھىم تەيمىي 32315، ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ 321200، دېگەن.

ئېيتىلىشىچە، قۇرئان 321200 ھەرپتىن ئىبارەت، «ئەلىف» نىڭ سانى 48872، «ب» نىڭ سانى 11428، «ت» نىڭ سانى 10199، «ث» ھەرپى 27276، «ج» 3193، «ح» 3993، «خ» 2416، «د» 5672، «ذ» 4697، «ر» 11793، «ز» 1590، «س» 5891، «ش» 2253، «ص» 2310 ، «ض» 1617، «ط» 1490، «ظ» 842، «ع» 9220، «غ» 2218، «ف» 8499، «ق» 6818، «ك» 95، «ل» 30432، «م» 26135، «ن» 26560، «و» 25536، «ه» 10070، «لا» 4720، «ي» 25919. بۇ ھەقتە ئىختىلاپ كۆپ، قارىلاردىن بىر گۇرۇپ مۇشۇ ساننى بايان قىلىشقان. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## بىر يۈز ئەللىكىنچى باب: مۇئەللىملەرنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: زەيد ئىبنى ئەسلەمە ئاتىسىدىن، ئاتىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەرلەر ۋە زاھىدلاردىن كېيىن ئاللاھ تەئالاغا بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەۋزىلى مۇئەللىملەردۇر. ئاللاھ تەئالا ئۇچۇن مەسجىدلەردىن قالسا يەر يۈزىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان يەردىن سۆيۈملۈكرەك يەر يوقتۇر.»

ئىبراھىم نەخەئىي ئېيتىدۇ: «بالىلارنىڭ مۇئەللىمگە ئاسماندىكى پەرىشتىلەر، زېمىندىكى ھايۋانلار، ھاۋادىكى قۇشلار ۋە دېڭىزدىكى بېلىقلار ئىستىغفار ئېيتىدۇ.»

ئېيتىلىشىچە، ئەگەر بالا مەكتەپكە كىرسە ۋە «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» كەلىمىسىنى ئۆگەنسە، ئاللاھ شۇ سەۋەبلىك ئۈچ كىشىنى ــــ ئاتىسىنى، ئانىسىنى ۋە مۇئەللىمىنى كەچۈرىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي: «كىشى ئوغۇل يا قىزىغا قۇرئاندىن ئۆگەتكەن بىرەر نەرسىسى ياكى مۇئەللىم ئۈچۈن بەرگەن بىرەر دىرھەم سەۋەبلىك ئۇھۇد تېغىنىڭ ئېغىرلىقىچە ئەجر تاپىدۇ، ئەگەر بالا ئۆيدىن مەكتەپكە بارسا، ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە ياخشىلىق كۆپىيىدۇ ۋە يامانلىقلار كېمىيىدۇ، شەيتان ئۇنىڭدىن قاچىدۇ»، دېگەن.

ھەسەن بەسري ئېيتىدۇ: «كىم بالىسىغا قۇرئاننى ئۆگەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنىدە جەننەت كىيىملىرىدىن ئۈچنى كىيگۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. ۋەھالەنكى، ئىنسانلار يالىڭاچتۇر. كېيىن ئۇنىڭغا ئاللاھ كىتابىدىكى ھەر بىر ھەرپ ئۈچۈن دەرىجە بار.»

ئەبۇئابدۇرەھمان سۇلايمانىي ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹سىلەرنىڭ ئەۋزىلىڭلار قۇرئاننى ئۆگىنىپ كېيىن، ئۇنى ئۆگەتكىنىڭلاردۇر›، دېگەن.» ئابدۇرەھمان: «بۇ ھەدىس مېنى بۇ مەجلىسكە يەتكۈزدى»، دېگەن. يەنى، ئۇ كىشى ئىنسانلارغا تەلىم بېرەتتى، ھەسەن ۋە ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ مۇئەللىمى ئىدى. زەھھاك ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەججەتۇلۋىدادا: «ئى پەرۋەردىگار، مۇئەللىملەرنى كەچۈر، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىل ۋە ئۇلارنىڭ كەسىپ ۋە مەئىشەتلىرىگە (تىرىكچىلىكلىرىگە) بەرىكەت بەر»، دېگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئى پەرۋەردىگار، ئۆلىمالارنى باي، مۇئەللىملەرنى پېقىر قىل›، دېگەن.»

فەقىھ ئېيتىدۇ: «ئۇلارنىڭ كەسىپلىرىگە بەرىكەت بەر»، دېگەن سۆزىدە كۆنلۈك تەمىناتنى نەزەردە تۇتقان، «ئۇلارنى پەقىر قىل»، دېگەن سۆزىدە ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ كۆپ بولماسلىقىنى ئېيتقان، چۈنكى ئۇلارنىڭ مېلى كۆپەيسە، تەلىم بېرىشنى تەرك قىلىدۇ. مۇئەللىم ساۋابقا يېتىشنى، ئەمەلى پەيغەمبەرلەر ئەمەلىدىن بولۇشنى خاھلىسا، بەش نەرسىنى يادىدا

تۇتۇشى لازىم: بىرىنچىسى، ھەقنى شەرت قىلماسلىقى ۋە ئۇنى سوراپ - سۈرۈشتۈرمەسلىكى، نېمىنى بەرسە ئېلىشى، بەرمىسە سورىماسلىقى لازىم. ئەمما ئوقۇش ۋە يېزىشنى تەلىم بېرىشنى شەرت قىلىش ۋە بالىغا ياد ئالدۇرۇشى جائىزدۇر؛ ئىككىنچىسى، ھەمىشە تاھارەت بىلەن بولۇشى لازىم، چۈنكى ھەر ۋاقىت، ھەر سائەتتە قۇرئاننى تۇتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، تەلىم بېرىش ۋاقتىدا نەسىھەت بېرىشى ۋە ئۆز ئەمرىگە ئىقبال قىلىشى؛ تۆتىنچىسى، نىزالىشىپ قالغان بالىلار ئارىسىدا ئادالەت قىلىشى، ئۇلارغا ئىنساپ قىلىشى، كەمبەغەللەرنىڭ بالىسىنى قويۇپ، بايلارنىڭ بالىسىغا مايىل بولماسلىقى لازىم؛ بەشىنچىسى، ئۇرماسلىقى كېرەك، ھەد جائىز ئەمەس، چۈنكى قىيامەت كۈنىدە ھېساب بېرىدۇ.

ھەبىب ئىبنى ئەبۇ سەئىد ئېيتىدۇ: «مۇئەللىملەر پادىشاھلارنىڭ يۇلتۇزىدا تۇغۇلىدۇ، ئۇلار پادىشاھلار ھېساب - كىتاب قىلىنغاندەك، ھېساب - كىتاب قىلىنىدۇ.»

بۇرۇنقىلاردىن بىرىنىڭ ئوغلى ئۆيگە يىغلاپ كەلدى. «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. «مۇئەللىم ئۇردى»، دېدى ئوغۇل. «ماڭا ئىكرىمە ئىبنى ئابباسنىڭ ‹بالىلىرىڭلارنىڭ مۇئەللىملىرى ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ يامىنى يېتىملەرگە مېھرىبانچىلىقى ئاز ۋە مىسكىنلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلغىنىدۇر› دېگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى»، دېدى ئەتا.

بەزى ساھابىلەر: «ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ نەزەر سالمايدۇ؛ يېتىمگە تاقەت قىلالمايدىغان، ھەققىنى يۈكلەيدىغان مۇئەللىمگە؛ سۇلتان ھۇزۇرىدا ھاۋايى نەپسىچە گەپ قىلىپ ئولتۇرىدىغان كىشىگە؛ بىھاجەت

بولـۇپ تـۇرۇپ، ئادەملەردىـن تىلەيدىغـان كىشـىگە.»

ئەلـى ئىبنـى ئەبـۇ تالـىپ رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئېيتـىدۇ: «قۇرئاننـى يـاد ئالدىغـان كىشـىگە ھـەر يىلـى بەيتۇلمالدىـن 200 دىنـار ياكـى 2000 دىرھـەم بېرىـش لازىـم. ئەگـەر ئۇنىڭغـا بـۇ مەبلـەغ بېرىلمىسـە ئاخىرەتتـە بېرىلىـدۇ. قۇرئاننىـڭ يېرىمىنـى يـاد ئالسـا، ئۇنىڭغـا 100 دىنـار ياكـى 1000 دىرھـەم (بېرىلىـدۇ). بېرىلمىسـە، قىيامـەت كۈنـدە ۋالىيدىـن ئېلىنىـدۇ. ياخشـىلىقلىرى بولسـا، ياخشـىلىقلىرىدىن ئېلىنىـدۇ، ئەگـەر ياخشـىلىقلىرى بولمىسـا، قارىنىـڭ گۇناھـى ئۇنىڭغـا يۈكلىنىـدۇ.»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

## بىر يۈز ئەللىك ئىككىنچى باب: ئاز يېيىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: كىشى تائامنى ئاز يېيىشى، توق قورسىقىغا يېمەسلىكى لازىم. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ئاللاھ نەزىرىدە يامان كۆرۈلگەن، مۇزەممەت قىلىنغان، ئادەملەر نەزىرىدە بولسا، بەدەنگە زەرەردۇر.

بىر تېۋىپتىن: «ئاللاھ تەئالانىڭ كىتابىدا تېبابەت ھەققىدە سۆز بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: «ھەئە، ئاللاھ تەئالا تېبابەتنىڭ ھەممىسىنى مانا بۇ ئايەتتە خۇلاسىلىگەن: ‹يەڭلار، ئىچىڭلار، لېكىن ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى ئۇ (ئاللاھ) ئىسراپخورلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.› ئىسراپ كۆپ يېيىشتە، ئۇنىڭدىن كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن.»

ھەسەن بەسرىي ئېيتىدۇ: «كىشىنىڭ زىننىتى تۆت نەرسىدە: خۇلقىنى تۈزۈشى؛ ئۆلچەم بىلەن گەپ قىلىشى؛ مىلىنى ئەقىل بىلەن ئىشلىتىشى؛ كىرىپ - چىقىۋاتقان نەرسىگە رىئايە قىلىشى.»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىشىنىڭ كۆڭلى خاھلىغان نەرسىنى يەۋېرىشى ئىسراپتۇر»، دېگەن.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى بەك كۆپ يېدى، ئارقىدىن قۇسۇپ تاشلىدى. سەمۇرە: «ئەگەر ئۆلۈپ قالغان

بولساڭ، مەن سېنىڭ نامىزىڭنى ئوقۇمايتتىم»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئادەملەر تولدۇرىدىغان ئىدىشلار ئىچىدە قورساقتىن يامانراقى يوق. ئادەم بالىسىغا جىسمىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئوزۇق كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر ئىلاجى بولسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرى تائام ئۈچۈن، ئۈچتىن بىرى شاراب ئۈچۈن ۋە ئۈچتىن بىرى ھاۋا ئۈچۈن»، دېدى.

ئېيتىلىدۇكى، كۆپ يېيىشتە بەش يامانلىق بار: ئاللاھتىن قورقۇشنى قەلبدىن كەتكۈزىدۇ؛ تائەت - ئىبادەتنى كىشىگە ئېغىرلاشتۇرىدۇ؛ ھېكمەت ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن تەسىرلەنمەيدۇ؛ ئەگەر ئۇ ھېكمەتلىك گەپلەرنى قىلسا، ئۇنىڭ گېپى ئادەملەر قەلبىدە ئورناشمايدۇ؛ بەدىنىدە كېسەللىك ئويغىنىدۇ.

ئېيتىلىدۇكى، تائامدا تۆت خىسلەت بولۇشى پەرز، تۆتى سۈننەت، تۆتى ئەدەب، ئىككىسى داۋا ۋە ئىككىسى مەكرۇھ. پەرز بولغان تۆت خىسلەت: پەقەت ھالالدىن يېيىش؛ تائام ئاللاھتىن ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىق؛ ئۇنىڭغا رازى بولۇش؛ ئۇنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلماسلىق. سۈننەت بولغان تۆت خىسلەت: يېيىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تەئالانىڭ نامىنى ئېيتىش؛ تائام ئاخىرىدا ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىش؛ قولىنى تائامدىن بۇرۇن ۋە كېيىن يۇيۇش؛ غىزا يەۋاتقاندا سول پۇتىنى ئاستىغا قويۇپ، ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇش. ئەدەب بولغان تۆت خىسلەت: ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش؛ لۇقمىنى كىچىك قىلىش؛ يۇمشاق چايناش؛ باشقىلارنىڭ لۇقمىسىغا قارىماسلىق. شىفا بولغان ئىككى خىسلەت: داستىخانغا چېچىلىپ كەتكەن تاماقلارنى تېرىپ يېيىش، قاچىنى يالاپ، تازىلاپ قويۇش. مەكرۇھ بولغان ئىككى خىسلەت: تائامنى پۇرىماسلىق ۋە تائامغا پۈۋدىمەسلىك، يەنى، قىززىق تائامنى سوۋۇغىچە

كۆتـۈش لازىـم. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام: «قىززىـق تائامـدا بەرىكـەت يـوق.» دېگـەن. ۋەللاھـۇ ئەئلـەم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

## بىر يۈز ئەللىك ئۈچىنچى باب: تەھىييە ــ سالاملىشىش ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: تەھىييە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا سالاملىشىشلىرىدۇر ۋە بۇ جەننەت ئەھلىنىڭ سالاملىشىشى سانىلىدۇ. مۇسۇلمان كىشى باشقا بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىگە سالام بېرىشى لازىم. چۈنكى بۇ ئىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدىن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەنەس ئىبنى مالىكقا: «ئەگەر ئۆيۈڭدىن چىققىنىڭدا، كۆزۈڭ چۈشكەن ھەر بىر قىبلە ئەھلىگە سالام بەرسەڭ، قەلبىڭگە ئىمان ھالاۋىتى كىرىدۇ. ئۆيۈڭگە كىرگەندىمۇ سالام بەر، ئۆزەڭنىڭ ۋە ئۆيۈڭنىڭ بەرىكىتى كۆپىيىدۇ»، دېگەن.

بىر سائىل كىشىنىڭ ئالدىغا دوستى كېلىپ: «قانداق تاڭ ئاتتۇردۇڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى ئۇنىڭغا: «ئىسسىت ساڭا، نېمىشقا سالام بەرمەيسەن؟ ئەگەر سالام بەرگەن بولساڭ، ساڭا ئون ھەسەنات بولاتتى، مەن ئىلىك ئالاتتىم، ماڭىمۇ ئون ھەسەنات يېزىلاتتى. يىگىرمە ھەسەنات جەم بولسا، شۇ چاغدا رەھمەت ئۈمىد قىلىناتتى»، دېدى.

سائىلىلارنىڭ بىرىدىن بىر كىشىنىڭ خوتۇنىغا: «ئاللاھ ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن»، دېگەنلىكى ھەققىدە سوراشتى. ئۇ: «بۇ دەھرىيلەرنىڭ كۆرۈشۈشىدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ سالامى ‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم›»، دېدى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ بازارغا

چىقاتتى، لېكىن ھېچ نەرسە سېتىپ ئالمايتتى. «ھېچ نەرسە ئالمىسىڭىز بازاردا نېمە قىلىسىز؟» دېيىشتى. «سالام بېرىش ئۈچۈن چىقىمەن»، دېدى. ئۇ زات بىرەر كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، ئەلۋەتتە، سالام بېرەتتى.

لوقمان ھەكىم ئوغلىغا: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئەگەر بىر قەۋمنىڭ مەجلىسىگە كىرسەڭ، ئۇلارغا ئىسلام ئوقىنى ئات» (سالام بەر). ئاندىن ئولتۇر، ئۇلارنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى كۆرمىسەڭ، گەپ قىلما، ئەگەر ئۇلار ياخشىلىق ھەققىدە گەپ قىلسا، ئۇلار بىلەن بىرگە بول، باشقا نەرسە ھەققىدە كۆپ گەپ قىلسا، باشقا تەرەپكە بۇرۇلغىن»، دېگەن ئىدى. ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغۇچى.

## بىر يۈز ئەللىك تۆتىنچى باب: نىكاھ ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەر

فەقىھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «نىكاھنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىكى تەمىنات جەھەتتىن يەڭگىللىدۇر»، دېگەن.

بىر كىشى ھەسەن بەسرىينىڭ ئالدىغا كېلىپ، قىزىنى ئۆزىتىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. ئۇ زات: «قىزىڭنى تەقۋادار كىشىگە بەر، چۈنكى ئەگەر ئۇنى ياخشى كۆرسە، ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەگەر ياقتۇرمىسىمۇ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ»، دېگەن.

ھەسەن بەسرىي ئېيتىدۇ: «بالانىڭ چوڭى تۆت: ئائىلىنىڭ كاتتىلىقى، مالنىڭ ئازلىقى، يامان قوشنا ۋە خىيانەتكار خوتۇن.»

ئۇممۇ يەھيا ۋاپات قىلغاندا، مالىك ئىبنى دىنارغا: «ئى ئەبۇ يەھيا، ئۆيلەنمەمسىز؟» دېيىشتى. ئۇ كىشى: «ئەگەر قادىر بولالىسام، نەپسىمنى تالاق قىلاتتىم»، دېدى.

ئەرەبلەردە بىر گەپ بار: «ئۆيلىنىش بىر ئاي خۇرسەنچىلىك، بىر زامان قايغۇ، مېھر ئېغىرلىقى ۋە ئارقاننى كېسىشتۇر.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ تائىپىگە ياردەم بېرىش ئاللاھ زىممىسىدىكى ھەقتۇر: ئاللاھ يولىدا جىھاد

قىلغۇچى، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نىكاھلانغۇچى، ئازاد بولۇشنى خاھلىغان مۆكاتەب قۇل.»

خەۋەرلەردە كەلتۈرۈلۈشىچە، بەنى ئىسرائىلدىن بىر كىشى: «يۈز ئادەم بىلەن مەسلىھەت قىلمىغۇچە، ئۆيلەنمەيمەن!» دېدى. 99 كىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىرى قالدى. ئەتىسى بىرىنچى ئۇچرىغان كىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ پىكرىگە ئەمەل قىلىشنى نىيەت قىلدى. تاڭ ئاتقۇزۇپ ئۆيدىن چىققان ۋاقتىدا، قومۇشنى ئات قىلىپ مىنىۋالغان مەجنۇننى ئۇچراتتى. بىرىنچى ئۇچرىغان كىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ھەققىدىكى ئەھدىدىن چىقىشقا چارە تاپالمىدى ۋە مەجنۇنغا يېقىنلاشتى. مەجنۇن ئۇنىڭغا: «ئېتىمدىن ئېھتىيات قىل، سېنى ئۇرىۋەتمىسۇن»، دېدى. كىشى ئۇنىڭغا: «مەن سەندىن بىر نەرسىنى سورىماقچىمەن، ئېتىڭنى توختات»، دېدى ۋە: «مەن ئۆيلەنمەكچىمەن، قانداق ئايالغا ئۆيلىنەي؟»، دەپ سورىدى. مەجنۇن ئۇنىڭغا: «ئاياللار ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرى سېنىڭ پايداڭغا، بىرى سېنىڭ زىيىنىڭغا ۋە بىرى سېنىڭ پايداڭغا ياكى زىيىنىڭغا»، دېدى. كېيىن: «ئاتتىن نېرى تۇر، تېپىۋەتمىسۇن»، دەپ يولىغا داۋام قىلدى. ھېلىقى كىشى: «بۇ نېمە دېگىنىڭ»، دەپ، ئالدىغا بېرىپ، «توختا، - دېدى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، چۈشەنگۈدەك گەپ قىل، نېمە دېدىڭ؟»» مەجنۇن: «سېنىڭ پايداڭغا بولغىنى باكىرە قىز، ئۇنىڭ قەلبى ۋە مۇھەببىتى سەندە، ئۇ سەندىن باشقا بىرسىنى بىلمەيدۇ. ساڭا زىيىنى بولغان ئايال پەرزەنتلىك، ئەر كۆرگەن ئايال، ئۇ سېنىڭ مېلىڭنى يەپ، ئاۋۋالقى ئېرىگە يىغلايدۇ. سېنىڭ پايداڭغا ياكى زىيىنىڭغا بولغان ئايال - ئەر كۆرگەن، لېكىن بالىسى يوق ئايال، ئەگەر سەن ئاۋۋالقى ئېرىدىن ياخشى بولساڭ،

ئـۇ سـېنىڭ پايدائىڭغـا، ئەگـەر بۇنـداق بولمسـا، سـېنىڭ زىيىنىڭغـا»، دەپ، يولغا راۋان بولـدى. ھېلىقـى كىشـى يەنـە ئۇنـىڭ ئارقىسـىدىن بېرىـپ: «ئەپسـۇس سـائىدا، ھاكىملارنىـڭ گېپىنـى قىلىۋاتىسـەنۇ، قىلىۋاتقـان ئىشـىڭ سـارائىلارنىڭ ئىشـى»، دېـدى. ئـۇ: «بەنـى ئىسـرائىل مېنـى قـازى قىلماقچـى بولـدى، مـەن بـاش تارتتـىم، ئـۇلار مېنـى سـۆكۈپ، ھاقـارەت قىلىشـتى. مـەن ئۆزەمنـى سـارائىلىقتا سـالدىم ۋە ئۇلاردىـن نىجـات تاپتـىم»، دېـدى.

خەۋەرلـەردە ئېيتىلىشـىچە، بىـر كىشـى داۋۇد ئەلەيھىسسـالامغا كېلىـپ: «مـەن ئۆيلەنمەكچـى ئىدىـم، قانـداق ئايالغـا ئۆيلىنـەي؟»، دەپ سـورىدى. داۋۇد ئەلەيھىسسـالام: «ئوغلـۇم سـۇلايمانغا بـار ۋە ئۇنىڭدىـن سـورا!»، دېـدى. شـۇ چاغـدا سـۇلايمان ئەلەيھىسسـالام يەتتـە ياشـتا ئىـدى. ئـۇ كىشـى سـۇلايمان ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئالدىغـا بـاردى. سـۇلايمان ئەلەيھىسسـالام باللـار بىلـەن ئويناۋاتقان ئىدى. ئۇ كىشـى شـۇ سـوئالنى سـورىدى. سـۇلايمان ئەلەيھىسسـالام: «قىزىـل ئالتـۇن بىلـەن ئـاق كۈمۈشـنى مەھكـەم تـۇت، سـېنى يولدىـن ئازدۇرىۋەتمەسـلىكى ئۈچـۈن ئاتتىـن ئېھتىيـات قىـل»، دېـدى. ئـۇ كىشـى بـۇ گەپنـى چۈشـەنمىدى. كېيىـن ئۇ كىشـى سـۇلايمان ئەلەيھىسسـالامنىڭ جاۋابىنى داۋۇد ئەلەيھىسسـالامغا ئېيتىـپ بـەردى. داۋۇد ئەلەيھىسسـالام: «قىزىـل ئالتـۇن – باكىـرە قىـز، ئـاق كۈمـۈش - يـاش جـۇۋان، ئېيىدىغـان ئـات - كەمپىـر ياكـى باللىـق ئايـال»، دېـدى.

رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام تۇغۇدىغـان ئايالغـا ئۆيلىنىشـكە بۇيرىغـان، تۇغمايدىغـان ئايالدىـن قاتتىـق ئاگاھلاندۇرغـان ۋە: «سـۆيۈملۈك، يېقىملىـق ئايالالرغـا ئۆيلىنـىڭلار، چۈنكـى مـەن سـىلەرنىڭ كـۆپ بولۇشـۇڭلار بىلـەن قىيامـەت كۈنـدە پەيغەمبەرلەرگـە پەخىرلىنىمـەن»، دېگـەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىندۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھ تۆت تائىپەنى لەنەتلىدى ۋە مالائىكىلەر ئۇنىڭغا ئامىن دېدى: ئاللاھ ئۆيلىنىشكە قادىر قىلىپ ياراتقان تۇرۇپ، بويتاق ئۆتكەن كىشىگە، ئاللاھ ئۇنى ئايال قىلىپ ياراتقان ھالدا ئۆزى ئەركىشىگە ئوخشىۋالغان ئايالغا، ئاللاھ ئۇنى ئەر قىلىپ ياراتقان ھالدا ئۆزى ئايالغا ئوخشىۋالغان ئەرگە ۋە كور كىشىنى يولدىن ئاداشتۇرغان كىشىگە»، دېدى.

# بىر يۈز ئەللىك بەشىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىينىڭ باشلىنىشى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يىگىرمە بەش يەشكە يەتكەندە، تاغىسى ئەبۇ تالىب: «ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى، سېنى ئۆز مېلىمدىن ئۆيلەندۈرەي دېسەم، ئاللاھقا قەسەمكى، مېلىم كۆپ ئەمەس. ئاتائىدىنمۇ ساڭا بېرەر نەرسە قالغىنى يوق، ئۆزەڭدە خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىدكە بېرىدىغان بىرەر نەرسە بارمۇ؟ ئۇ (خەدىچە) ئىش ھەققىگە ئىككى تۆگە بېرىدۇ، يەنە بىر سورىساڭ بىرنى قوشۇپ بەرسە، ئەجەپ ئەمەس، دېدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن خەدىچەنىڭ ئالدىغا كەلدى. خەدىچە: «ھە، ئەلۋەتتە، ئىككى تۆگە ئۈستىگە يەنە بىر تۆگە قوشىمەن»، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەنىڭ مەيسەرە دېگەن خىزمەتچىسى بىلەن شام تەرەپكە بۇسرا بازىرىغا باردى ۋە كۆپ پايدا كۆردى. ئاللاھ تەئالا مەيسەرەنىڭ قەلبىگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىنى سالدى. ئىككىسى مەرروززەھران دېگەن جايغا كەلگەندە، مەيسەرە: «ئى مۇھەممەد، ئالدىغا ئۆتۈڭ ۋە خەدىچەگە پايدىمىزنى ئېيتىڭ، ئۇ سىزگە يەنە بىر تۆگە قوشۇپ بەرسە ئەجەپ ئەمەس»، دېدى. رەسۇلۇللاھ شۇنداق قىلدى، خەدىچە ئانىمىز يەنە بىر تۆگىنى قوشتى.

كېيىن مەيسەرە خەدىچەگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن يولدا كۆرگەن ھېسابسىز ئاجايىباتلار، ئالامەتلەر ۋە بەرىكەتلەرنىڭ خەۋىرىنى بەردى. بۇ خەدىچەنىڭ قەلبىدە رەسۇلۇللاھقا نىسبەتەن سۆيگۈ پەيدا قىلدى. تائىلم تەييارلاپ، قۇرەيش رەئىسلىرىنى چاقىردى ۋە ئاتىسىدىن ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاتىسى غەزەپلەندى، باش تارتتى، كېيىن خەدىچە ئۇنىڭغا ھاراق قۇيدى، ھەتتا ئاتىسى مەست بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭدىن يەنە تەلەپ قىلدى، ئاتىسى ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئۆيلەندۈردى. چال ئۆزىگە كەلگەندە، كىيىمىدە ئەتىر ھىدىنى سەزدى ۋە خەدىچە ئانىمىزدىن: «نېمە بۇ؟» دەپ سورىدى. «مېنى مۇھەممەدكە ئۆزاتتىڭىز»، دېدى. ئاتىسى: «قەۋمىنىڭ نى - نى ئادەملىرى ساڭا ئەلچى قويدى، مەن باش تارتتىم، سەن پۇلى يوق كىشىگە نىكاھلاندىڭمۇ؟»، دېدى. خەدىچە: «ئۇ ھەسەب ۋە نەسەبلىك، ئۇنىڭ مېلىغا مېنىڭ ھاجىتىم يوق»، دېدى. شۇنداق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۆيلەندى. رەسۇلۇللاھ قىرىق ياشقا يەتكەندە ھاۋادا بىر نەرسىنى كۆردى، خۇددى ئۇ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك ئىدى. قورقتى. كېيىن: «قورقماڭ، مەن جىبرىلمەن»، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەدىچە ئانىمىز يېنىغا غەمكىن ھالدا كېلىپ: «بىر نەرسىنى كۆرۈپ بەك قورقتۇم. ئۇ، قورقما، مەن جىبرىلمەن، دېدى. مەن جىننىلكتىن قورقۇمەن»، دېدى. خەدىچە ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، كىتاب ئوقۇيتتى، كۆپ ئوقۇغانلىقتىن كور بولۇپ قالغان ئىدى. خەدىچە: «ئى تاغامنىڭ ئوغلى، ئېرىم بىر نەرسىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭدىن قورقتى، ئۇ، مەن جىبرىلمەن، دەپتۇ»، دېدى.

ۋەرەقــە ئىبنــى نەۋفــەل: «ســۇبھانەللاھىلقۇددۇس، جىبرىــل ئۇلــۇغ ئاللاھنىــڭ نامۇســى ۋە پەيغەمبەرلەرگــە ئاللاھنىــڭ ســەپىرى»، دېــدى. (نامــۇس - ياخشــى خەۋەرنىــڭ ســاھىبى، جاسۇس - يامــان خەۋەرنىــڭ ســاھىبى، ســەپىر ـــــ ئىككــى كىشــىنىڭ ئوتتۇرىســىنى ئىســلاھ قىلىدىغــان ئەلچــى). ۋەرەقــە: «ئەگــەر ئېرىــڭ ھەقىقەتــەن بۇنــى كۆرگــەن بولســا، ئــۇ نەبىيــدۇر»، دېــدى. خەدىچە رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالامنىڭ يېنىغــا قايتتــى ۋە ئۇنىــڭ گېپىنــى ئېيتىــپ بــەردى.

رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالام بىــر كۈنــى خەدىچــە ئانىمىــز بىلــەن ئولتۇرغــان ۋاقتىــدا، ئاســمان بىلــەن زېمىــن ئارىســىدا بىــر زاتنــى كــۆردى ۋە: «ئــى خەدىچە، مــەن ئاســمان بىلــەن زېمىــن ئوتتۇرىســىدا بىــر زاتنــى كۆرۈۋاتىمــەن»، دېــدى. خەدىچــە: «مــاڭا يېقىــن كېلىــڭ»، دېــدى. رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالام يېقىــن كەلگەنــدە، بېشــىنى ئــۇ زاتنىــڭ قورســىقىغا قويــدى ۋە: «ئەمــدى كۆردىڭىزمۇ؟»، دەپ ســورىدى. رەســۇلۇللاھ: «يــاق، كەتتــى»، دېــدى. شــۇ چاغــدا: «خۇرســەن بولــۇڭ، ئــۇ پەرىشــتە. ئەگــەر شــەيتان بولســا ئىــدى، ھايــا قىلمــاس ئىــدى»، دېــدى خەدىچــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا.

رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالام ھــىرا غارىدىكــى چاغــدا، تۇســاتتىن جىبرىــل ئەلەيھىســسالام كەلــدى ۋە قىممــەت باھالىــق بىســاتىنى ســالدى. ئارقىســىدىن پۇتىنــى زېمىنگــە ســۇرتكەن ئىــدى، ســۇچىقتى. ئانىدىــن تاھــارەت ئېلىشــىنى ئۆگەتتــى، رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالام بىلــەن ئىككــى رەكئــەت نامــاز ئوقــۇدى ۋە نۇبــۇۋۋەت خەۋىرىنــى بــەردى، ئارقىدىــن:

«(ئــەي مۇھەممــەد، بارچــە مەۋجۇداتنــى) ياراتقــان زات بولغــان پەرۋەردىگارىڭنىــڭ نامــى بىلــەن (باشــلاپ) ئوقۇغــىن! ئــۇ ئىنســاننى لەختــە

www.uyghurkitap.com

قاندىن ياراتقان (زاتتۇر). ئوقۇ! پەرۋەردىگارىڭ (ئىنسانىيەتكە) قەلەمنى (يېزىشنى ـ خەتنى) ئۆگەتكەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر. ئۇ زات ئىنسانغا ئۇنىڭ بىلمىگەن نەرسىلىرىنى ئۆگەتتى.» (ئەلەق، 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر) ئايىتىنغىچە ئوقۇدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەدىچەنىڭ ئالدىغا قايتتى ۋە ئۇنىڭغا بۇنىڭ خەۋىرىنى بەردى. خەدىچە ئانىمىز دەرھال ئىمان كەلتۈردى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تاھارەتنى ۋە نامازنى ئۆگەتتى، كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولدى، بەزىلەر ئاۋۋال ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولدى، دېيىشىدۇ. كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستلىرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، تەلھە، زۇبەير، سەئد ۋە باشقىلار مۇسۇلمان بولۇشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندا ئۇلارنىڭ سانى قىرىققا يەتكەن ئىدى.

# بىر يۈز ئەللىك ئالتىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەج مەۋسۇمىدە مىناغا چىقىپ، ئادەملەرنى ئىسلامغا چاقىردى. كېيىن مەدىنە ئەھلىدىن بىر نەچچە كىشىگە ئىسلامنى تەكلىپ قىلدى. مۇئاز ئىبنى ئىفرا مۇسۇلمان بولدى، كېيىن قەۋمىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «رەببىمنىڭ رىسالىتىنى يەتكۈزگىنىمچە، ماڭا ياردەم بېرەمسىلەر؟»، دەپ سورىدى. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، ئۆتكەن يىلى بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇرۇش بولغان ئىدى. بىز بىر - بىرىمىزگە غەزەپلەنگەنمىز، شۇڭا سىزگە كەلگۈسى يىل مەۋسۇمدە ۋەدە قىلالايمىز»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا رازى بولدى، ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ كەتتى ۋە ئادەملەرنى يوشۇرۇنچە دەۋەت قىلدى. بىر يىل ئۆتمەي مەدىنىدە كۆپلىگەن ئائىلە مۇسۇلمان بولدى. ھەج مەۋسۇمىگە مەدىنىدىن كۆپ ئادەم كەلدى ۋە مىناغا توپلاندى. ئەنسارلار يەتمىش ئەر، بىر ئايال ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ كىشى بىلەن بىرگە تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپمۇ بار ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا سالام بەردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىلىك ئېلىپ: «مۇسا بەنى ئىسرائىلدىن

ئۇن ئىككى كىشى تاللاپ ئالغاندەك، مەنمۇ سىلەردىن تاللاپ ئالىمەن»، دېدى. ئۇلار بەيئەت قىلدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، رەببىڭىز ۋە ئۆزىڭىز ئۈچۈن شەرت قويۇڭ»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «رەببىم ئۈچۈن شەرت شۇكى، سىلەر ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىسىلەر، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنى شېرىك قىلمايسىلەر، ئۆزەم ئۈچۈن بولسا، ئۆزلىرىڭلارنى ۋە ئائىلەڭلارنى ھىمايە قىلىدىغان نەرسىدىن مېنىمۇ ھىمايە قىلىشىڭلارنى شەرت قىلىمەن»، دېدى. ئۇلار: «ئەگەر زىممىمىزدىكى نەرسىنى بەجىرسەك، بىزگە نېمە بولىدۇ؟» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «جەننەت»، دېدى. ئۇلار: «سوداپايدىلىق بولدى»، دېيىشتى.

ئىبلىس (ئاللاھ ئۇنى لەنەت قىلسۇن) مىنادا: «ئى قۇرەيش جامائەسى، مۇھەممەد سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا يەسرىب ئەھلى بىلەن قەسەم ئىچىشتى»، دېدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنى ئىزلەپ كېلىشتى، ئەمما تاپالمىدى.

ئۇ كىشىلەر مەدىنىگە قايتقاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن بىرگە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە دىننى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

مەككە ئەھلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچى - ئەنسار تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ زاتنى ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھقا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنى بۇيرىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇرۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بېشىغا سۆيدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، سىزگە نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: «قۇرەيش مېنى ئۆلتۈرمەكچى»، دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: «قېنىم

قېنىڭىز، جېنىم جېنىڭىز.» رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ماڭا ھىجرەتكە ئىزنى بېرىلدى»، دېدى. ئەبۇ بەكرى: «ئىككى تۆگەم بار، مەن ئۇلارنى ھىجرەتكە چىقىش ئۈچۈن باغلىغان ئىدىم، بىرسىنى ئېلىڭ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ: «پەقەت پۇلغا ئالىمەن»، دەپ سېتىۋالدى. كەچ كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى بىلەن چىقىپ، سەۋر تېغى تەرەپكە يۈردى ۋە غارغا يېتىپ كەلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى فۇھەيرگە سەۋر تېغىدا قويىنى بېقىشنى ئېيتتى. شۇ كېچە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا ياتقان ئىدى. قۇرەيش ئەھلى كېلىپ، ئۆيگە كىرىشتى ۋە ئۇ يەردە نەبىينى ئەمەس، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپنى كۆرۈشتى، ئۇ كىشىدىن پەيغەمبەرىمىزنى (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) سوراشتى.. ئۇ زات: «بىلمەيمەن»، دېدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ھەتتا سەۋر تېغىغا كېلىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە غار ئىچىدە ئىدى. ئۇلاردىن رەسۇلۇللاھ پەردىلەندى. نەتىجىدە ئۇلار ھەممە جايغا رەسۇلۇللاھنى ئىزدەپ ئادەم ماڭدۇردى. ئەمما ئۇ زاتنى تېپىشقا قادىر بولالمىدى ۋە نىيەتلىرىدىن ياندى. ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ھەر كېچە مەككە ئەھلىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەتتى. ئابدۇللاھ قويلىرىنى بىللە ھەيدەپ كېلىپ، ئۇلارنى سېغىپ، خاھلىغىنىنى سوياتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام غاردا ئۈچ كۈن تۇردى. (كۆپرەك تۇردى، دېيىلگەن گەپمۇ بار.)كېيىن غاردىن چىقتى ۋە يول باشلىغۇچى قىلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت دېگەن كىشىنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ، مەدىنىگە رەبىئۇلئەۋۋال ئېيىنىڭ ئىككىنچىسىدە دۈشەنبە كۈنى يېتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابخۇر بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر يۈز ئەللىك يەتتىنچى باب: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: خەۋەرلەردە كېلىشىچە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئوتتۇز ئالتە قېتىم غازات قىلغان. شۇلاردىن ئون سەككىزىگە ئۆزى چىققان ۋە ئون سەككىزىگە قوشۇن ئەۋەتكەن. بەزى خەۋەرلەردە قىرىق ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قېتىم غازات قىلغان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ بىرىنچى غازىتى بۇنداق روي بەرگەن: ئۇ زاتقا قۇرەيشتىن بىر جامائەتنىڭ مەككىدىن چىققانلىق خەۋىرى كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ ساھابىلىرىدىن بىر جامائەت بىلەن چىققان. ۋەددان دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسنى بىر توپ مۇھاجىرلار بىلەن ئەۋەتكەن. ئۇلار قۇرەيشكە يولۇقۇپ، ئوتتۇرىدا ئازراق ئېلىشىپ توقۇنۇش ئاخىرلاشقان. بۇ ۋەقە ھىجرەتتىن ئون ئىككى ئاي كېيىن - سەپەر ئېيىدا بولۇپ ئۆتكەن.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرىدىن يەنە بىرى نەخلە غازىتىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنى ھىجرەتتىن ئون ئالتە ئاي ئۆتۈپ، ئون بىر نەپەر مۇھاجىر بىلەن ئەمر ئىبنى ھەزرەمىي باشلىق قۇرەيش جامائىتىگە ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇغداي، ئۈزۈم ۋە گەزمال ئېلىپ

كېلىۋاتقــان ئــىدى. مۇســۇلمانلار نەخلــە دېگــەن جايــدا قۇرەيــش كارۋىنىنــىڭ ئالدىدىــن چىقىــپ ئەمــر ئىبنــى ھەزرەمىينــى ئۆلتــۈردى، ئىككىســىنى ئەســىرگە ئالــدى، قالغانلىــرى قېچىــپ كەتتــى. ئابدۇلــلاھ ئىبنــى جەھــش ئۇلارنــىڭ مېلىنى ئېلىــپ، مەدىنىگــە كەلــدى. بــۇ ۋەقــە جامادىيــەل ئاخىــر ئېيىنىــڭ ئاخىرىــدا بولغــان ئــىدى.

رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالامنىڭ غازاتلىرىدىــن يەنــە بىــرى بــەدر غازىتــى بولــۇپ، ھىجرەتنىــڭ ئىككىنچــى يىلــى رامىــزان ئېيىــدا روي بــەردى. رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىسســالامغا قۇرەيــش كارۋىنىنىــڭ شــامدىن چىققانلىقــى، ئۇلارنــىڭ ئىچىدە ســۇفيان ئىبنــى ھــەرب ۋە قۇرەيــش ســودىگەرلىرىدىن قىرىــق كىشــى بارلىقــى خەۋىــرى يەتتــى. (بىــر رىۋايەتتــە يەتمىــش ســودىگەر بــار ئــىدى، دېگــەن گەپمــۇ بــار.) رەســۇلۇللاھ مۇھاجىــر ۋە ئەنســارلاردىن ئىبــارەت ئــۈچ يــۈز ئــون ئــۈچ جەڭچــى بىلــەن چىقتــى. بــۇ خــەۋەر مەككىگــە يەتتــى، نەتىجىــدە ئۇلاردىــن بىر مــىڭ ئىككــى يــۈز ئەللــىك كىشــى چىقتــى. كارۋانلىرىنــى تاپقاندىــن كېيىــن ئــۈچ يــۈز كىشــى قايتىــپ كەتتــى. توققــۇز يــۈز ئەللــىك كىشــى قالــدى. ئىككــى تەرەپ توقۇنۇشــتى. ئاللــلاھ مۇشــرىكلارنى مەغلــۇپ قىلــدى ۋە مۇســۇلمانلارغا نۇســرەت - غەلىبــە بــەردى. مۇشــرىكلاردىن يەتمىشــى ئەســىر ئېلىنــدى. دۇنيــادا بــەدر ۋەقەســىدىن بۈيــۈك ۋەقــە بولمىــدى. چۈنكــى ئىبلىــس (ئاللــلاھ ئۇنــى لەنــەت قىلســۇن) كەلــدى، شــەيتانلار ۋە كاپىــر جىنلارنىــڭ ھەممىســى ھازىــر بولــدى. قۇرەيشــنىڭ جەســۇر پالۋانلىرىدىــن توققــۇز يــۈز ئەللــىك كىشــى قىلىــچ تەگلــەپ تــۈردى. مۇئمىنلــەر بولســا، ئــۈچ يــۈز ئــون ئــۈچ نەپــەر ئــىدى، ئۇلارنــىڭ يېنىــدا مۇئمىــن جىنلاردىــن توقســەن جىــن، پەرىشــتىلەردىن مــىڭ پەرىشــتە ھازىــر بولــدى. ھەســەن بەســرىي قاچــان ئەنفــال سۈرىســىنى ئوقۇســا: «قوماندانــى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، ياخشىسى ئەسەدۇللاھ (ئاللاھنىڭ شىرى)، جىھادى ئاللاھقا ئىتائەت، مەدەتكارى ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە مۇكاپاتى ئاللاھ رازىلىقى بولغان قوشۇنغا جەننەت بولسۇن»، دەيتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام غازاتلىرىدىن يەنە بىرى سەۋىق جېڭىدۇر. ئەبۇسۇفيان بەدر جېڭىدىن كېيىن ئادەملىرىدىن بىر جامائەت بىلەن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرمىگۈچە قايتماسلىققا قەسەم ئىچتى. ئۇ مەدىنىگە يوشۇرۇن كەلدى ۋە بىر يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە چۈشتى. كېيىن چىقىپ ئىككى ئات ئالدى، ئىككى ئۆينى كۆيدۈردى ۋە ساھابىلەردىن ئىككى كىشىنى ئۆلتۈردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئەبۇسۇفيان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىشىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئوزۇقلىرىنى يولغا تاشلاپ، ھەمراھلىرى بىلەن قاچتى. ئۇلار تاشلاپ كەتكەن ئوزۇقنىڭ كۆپ قىسمى بۇغداي تالقىنى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك بۇ جەڭ سەۋىق - تالقان ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. مۇسۇلمانلار ھېچ بىر تالاپەتسىز قايتىشتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرىدىن يەنە بىرى بەنى قەينۇقا جېڭى. بەنى قەينۇقا مەدىنىنىڭ چېتىدىكى بىر يەر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى قامال قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل مەدىنە ئەھلىدىن بىر جامائە بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھتىن كېتىشنى سورىدى، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەرك قىلدى.

غازاتلاردىن يەنە بىرى ئۇھۇد جېڭى. قۇرەيش بەدردە مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، قوشۇن توپلىدى ۋە مەدىنىگە كەلدى. جەڭ ئۇھۇد تېغى

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا بولدى. مەغلۇبىيەت كاپىرلار تەرىپىدە ئىدى. ئوقياچىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى تەرك قىلىپ، ئولجا يىغىش بىلەن مەشغۇل بولدى. شۇ چاغدا پەلەك گەردىشى مۇسۇلمانلار زىيىنىغا ئايلاندى. ئۇلاردىن يەتمىش كىشى شەھىد بولدى، نۇرغۇن كىشى يارىدار بولدى، قالغانلىرى مەغلۇب بولدى، كېيىن ئاللاھ تەئالا ئۇلاردىن كاپىرلارنى قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قايتىپ كەتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئاللاھ سىلەرگە قىلغان ئۆز ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى ـ سىلەر ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن كاپىرلارنى قىردىڭلار. تا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئەمر ـ پەرمانلىرى ھەققىدە تالاش – تارتىش قىلغان ۋە ئاللاھ سىلەر ياخشى كۆرگەن نەرسىنى (غەلىبەنى) كۆزۈڭلارغا كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىدىن باش تارتقان چاغقىچە (بۇ ئۇستۇنلۇكلىرىڭلار داۋام قىلدى). ئىچىڭلاردا دۇنيانى كۆزلەيدىغان كىشىلەرمۇ، ئاخىرەتنى كۆزلىگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. كېيىن سىلەرنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ (ئۇستىدىن غەلىبە قىلىش ئورنىغا مەغلۇبىيەت تەرەپكە) بۇرىۋەتتى ۋە گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلدى. ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارغا پەزلى ـ مەرھەمەت ساھىبى بولغان زاتتۇر.» (ئال ئىمران سۈرىسى، 152 ـ ئايەت)، دېگەن سۆزى نازىل بولغان.

غازاتلاردىن يەنە بىرى كىچىك بەدرى جېڭى. ئەبۇسۇفيان ئۇھۇدتىن قايتىۋاتقاندا: «سىلەر بىلەن كېلەر يىلى بەدرىدە ئۇچرىشىمىز»، دېدى. ئۇ يەردە بازار بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەتمىش كىشى بىلەن شۇ يەرگە كەلدى. ئەمما كاپىرلاردىن بىرەر كىشى چىقمىدى. مۇسۇلمانلار سالامەت ھالدا قايتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن

بولغـان نىئمـەت ۋە پەزلـى - كـەرەم ھەققـدە ھەمـدە ئۆزلىرىگـە جاراھـەت يەتكەندىـن كېيىنمـۇ ئالـلاھ ۋە رەسـۇلىغا بويسـۇنغان مۇئمىنلەرنىـڭ ئەجـرى - مۇكاپاتىنـى ئالـلاھ زايـا قىلماسـلىقى ھەققـدە خۇشـخەۋەر بېرىـدۇ. ئۇلارنىـڭ ئوتتۇرىسـىدىكى چىـن ئىتائـەت قىلغـان ۋە ئاللاھتىـن قورققـان زاتـلار ئۈچـۈن ئۇلـۇغ ئەجـرى – مۇكاپـات بـاردۇر. ئۇنـداق زاتلارغـا بـەزى كىشـىلەر: «قۇرەيـش ئادەملىرى سـىلەرگە قارشـى (سانىسـىز لەشـكەر) توپلىغـان، قورقـۇڭلار!» دېگەندە بـۇ گـەپ ئۇلارنىـڭ ئىيمانلىرىنـى زىيـادە قىلـدى ۋە: «بىزگـە يالغـۇز ئاللاھنىـڭ ئـۆزى كۇپايـە. ئـۇ زات ئـەڭ ياخشـى ئىشـەنچلىك ۋەكىلـدۇر!» – دېـدى. بـەس، ئـۇ يۇرۇشـتىن بـىرەر زىيـان – زەخمـەت يەتمـەي ئاللاھنىـڭ نىئمـەت ۋە پەزلـى بىلـەن قايتتـى. ئـۇلار ئاللاھنىـڭ رازىلىقىنـى تىلەيـدۇ. ئالـلاھ بولسـا ئۇلۇغ پەزلـى مەرھەمـەت ساھىبىدۇر.» (ئـال ئىمـران، 174-171-ئايەتلـەر)، دېگـەن سـۆزلىگىچە نازىـل بولـدى.

غازاتلاردىـن يەنـە بـىرى بەتتـى رەجـىئ جېڭى. رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام مەرسـەد ئىبنـى مەرسـەدنى يەتتـە كىشـى بىلـەن ئەۋەتتـى. ئـۇلار بىلەن ئاسـىم ئىبنـى سـابىت ئىبنـى ئەبـۇل ئەفلەھمـۇ بـار ئىـدى. ئـۇلار بەتتـى رەجـىئ دېگـەن جايغـا چۈشـكۈن قىلـدى. مۇشـرىكلاردىن بىـر جامائـەت چىقتـى ۋە ئـۇرۇش بولـدى. كاپىـرلار خۇبەيـب بىلـەن بىـر كىشـىنى ئەسـىر ئالـدى، ئـۇ ئىككىسـىنى مەككىگـە ئېلىـپ كېلىـپ، شـۇ يـەردە ئۆلتـۈردى. مۇئمىنلەردىـن بىـر كىشـى تىرىـك قالـدى. ئۇنـى ئۆلـدى دەپ ئويـلاپ تاشـلاپ كەتكـەن ئىـدى.

غازاتلاردىـن يەنـە بـىرى: رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام مۇھەممـەد ئىبنـى مەسـلەمەنى بىـر جامائـەت بىلـەن ئەۋەتتـى. مۇشـرىكلار چىقىـپ، ئۇلارنـى ئۆلتـۈردى، مۇھەممـەد ئىبنـى مەسـلەمەنى ئۆلگـەن گۇمـان قىلىـپ، تاشـلاپ

كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇتۇلۇپ قالدى.

غازاتلاردىن يەنە بىرى بىئرى مەئۇنە جېڭىدۇر. ئامىر ئىبنى مالىك ئەرەبنىڭ ماھىر چەۋەندازلىرىدىن بولۇپ، «نەيزە ئويناتقۇچى» دېگەن لەقىمى بار. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا: «ماڭا قۇرئاننى تەلىم بېرىدىغان، دىننى ئۆگىتىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىڭ. ئۇلار مېنىڭ ھىمايەمدە بولىدۇ»، دەپ مەكتۇپ يازدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنزىر ئىبنى ئەمر سەئىدىينى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت ئون تۆت كىشى بىلەن ئەۋەتتى. بىر كېچە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئامىر ئىبنى مالىك ئۆلدى دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئارقىدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا خەت يازدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ياردەم ئۈچۈن تۆت كىشىنى ئەۋەتتى. كېيىن ھەممىسى بىئرى مەئۇنە دېگەن جايغا كېلىشتى. ئۇلارغا قارشى ئامىر تۇفەيل، رال، زەكۋان، بەنى لىھيان ۋە ئاسىيە قاتارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن چىقتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىئرى مەئۇنەدە ئۆلتۈرۈلدى، پەقەت ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زەمرىي، سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس ۋە يەنە بىر كىشى قەۋمدىن ئارقىدا قېلىپ، ئامان قېلىشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ قەبىلىلەرگە قىرىق كۈن بەددۇئا قىلدى. قاتىل كەئىب ئىبنى ئەشرەپكە مۇھەممەد ئىبنى سەلەمەنى ئۈچ كىشى بىلەن ئەۋەتتى ۋە ئۇلار كەئىب ئىبنى ئەشرەپنى ئۆلتۈردى.

بەنى نەزىر جېڭى. ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زەمرىي بىئرى مەئۇنىدىن قايتىۋېتىپ مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا، بەنى كىلاب قەبىلىسىدىن بولغان ئىككى كىشى چىقتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن

ئىدى. ئەمىر ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى، چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلمىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بەنى كىلابتىكىلەر كېلىپ، ئۇلارنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن كىلابىيلارنىڭ خۇنىنى تۆلەشكە ياردەم سوراپ بەنى نەزىرگە باردى. ئۇتتۇرىدا ئۆز ئارا ياردەم بېرىشكە ئەھدە بار ئىدى. ئەمما بەنى نەزىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلدى، جىبرىل بۇنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقىپ، مەدىنىگە كەلدى. ئەسكەر توپلىدى ۋە ئۇلارنى قامال قىلدى. ئۇلارنىڭ خورمىلىرىنى كېسىپ، بىنالىرىنى بۇزدى. كېيىن ئۇلارنى ماللىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن تەرك قىلدى. ھەر بىر كىشى ئۆزى كۆتۈرەلەيدىغان مىقداردىكى نەرسىسىنى تۆگىگە يۈكلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى شامغا سۈرگۈن قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئەھلى كىتابلاردىن (يەھۇدىيلاردىن) كاپىر بولغان كىشىلەرنى بىرىنچى قېتىمدىلا ئۆز دىيارلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان زاتتۇر.» (ھەشر سۈرىسى، 2 - ئايەت) دېگەن سۆزى نازىل بولغان.

بەنى مۇستەلىق جېڭى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلىرى بىلەن چىقتى، ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئالدى. ئىفك ئەھلى (تۆھمەتچىلەر) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدىكى گەپلىرىنى بازارغا سالدى، ھەتتا ئاللاھ تەئالانىڭ:

«شەك - شۈبھىسىز بۇ بوھتانىنى (ۋۇجۇدقا) كەلتۈرگەن كىشىلەر ئۆزلىرىڭلاردىن بولغان بىر گورۇھ كىشىلەردۇر. ئۇنى سىلەر ئۆزلىرىڭلار ئۈچۈن يامانلىق دەپ ئويلىماڭلار، بەلكى ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر،

ئۇلاردىن (بوھتانچىلاردىن) ھەر بىر كىشى ئۇچۇن ئۆزى قىلغان گۇناھقا (يارىشا جازا) باردۇر. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى (گۇناھنىڭ) چوڭىنى تارقاتقان كىشى ئۇچۇن قاتتىق ئازاب باردۇر. (ئەي مۇئمىنلەر)، سىلەر (بۇ بوھتاننى) ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، مۇئمىن ۋە مۇئمىنەلەر بىر - بىرلىرى ھەققىدە ياخشىلىقنى ئويلاپ: «بۇ ئوچۇق بوھتانغۇ!» دېسە بولماسمىدى؟! ئۇلار (ئائىشەنى بەدنام قىلماقچى بولغانلار ئۆز دەۋالىرىغا) تۆت گۇۋاھ كەلتۈرسە بولماسمىدى؟! ئەگەر گۇۋاھ كەلتۈرەلمىسە، ئۇ ھالدا ئاللاھ نەزىرىدە ئۇلار يالغانچىلاردۇر. ئەگەر سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى تىنماي سۆزلىگەن نەرسە – بوھتانلىرىڭلار سەۋەبلىك قاتتىق ئازاب تۇتقان بولاتتى. شۇ چاغدا سىلەر ئۇنى تىلدىن - تىلغا ئېلىپ، ئېغىزلىرىڭلار بىلەن ئۆزلىرىڭلار ئېنىق بىلمىگەن نەرسىنى سۆزلەپ ۋە بۇنى يەڭگىل ئىش دەپ ئويلار ئىدىڭلار. ھالبۇكى ئۇ ئاللاھ نەزىرىدە چوڭ (گۇناھتۇر). ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا: «بۇ (مىش - مىشنى) سۆزلەش بىز ئۇچۇن جائىز ئەمەستۇر. ئەي پاك پەرۋەردىگار، بۇ چوڭ بوھتانغۇ!» دېسەڭلەر بولماسمىدى؟! ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ھەرگىز ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە قايتماسلىقىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئاللاھ سىلەرگە ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ ئىلىم ۋە ھېكمەت ساھىبىدۇر. ئەلۋەتتە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بۇزۇقلۇق يېيىلىشىنى خاھلايدىغان كىشىلەر ئۇچۇن دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەلەملىك ئازاب باردۇر. ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى ۋە ئاللاھنىڭ مېھرىبان ۋە رەھىملىكلىكى بولمىسا ئىدى (ئەلۋەتتە سىلەرگە بۇ قىلمىشلىرىڭلار

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن ئازابنى نەخ قىلغان بولاتتى). ئەي مۆئمىنلەر، شەيتاننىڭ ئىزىدىن ئەگەشمەڭلار! كىم شەيتاننىڭ ئىزىدىن ئەگەشسە، بەس، ئەلۋەتتە (شەيتان) بۇزۇقلۇق ۋە يامانلىققا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى - مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەردىن بىرەر كىشى (بىرەر گۇناھتىن) پاك بولماس ئىدى. لېكىن ئاللاھ (پەزلى - مەرھەمىتى بىلەن) ئۆزى خالىغان كىشىنى پاكلايدۇ. ئاللاھ ئاڭلىغۇچى، بىلگۈچىدۇر. سىلەردىن پەزل ۋە كەڭ - كاتتا مال - دۆلەت ئىگىلىرى قېرىنداشلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە مۇھاجىرلارغا ئاللاھ يولىدا نەپىقە - ئېھسان قىلماسلىققا قەسەم ئىچمىسۇن، بەلكى ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن! ئاللاھ سىلەرنى مەغپىرەت قىلىشنى خالىمامسىلەر؟! ئاللاھ مەغپىرەتلىك، مېھرىباندۇر. ئەلۋەتتە (بۇزۇق نىيەتلەردىن) بىخەۋەر، پاك، مۆئمىنە ئاياللارنى بەدنام قىلىدىغان كىشىلەر دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ لەنەتكە دۇچار بولدى. ئۇلار ئۈچۈن قاتتىق ئازاب باردۇر. ئۇ كۈندە (قىيامەتتە) قىلىپ ئۆتكەن (بوھتانلىرى) سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ تىللىرىمۇ، قول ۋە پۇتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي جازالىرىنى تولۇق قىلىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلار ئاللاھنىڭ ئېنىق - ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ناپاك ئاياللار ناپاك ئەرلەر ئۈچۈندۇر (لايىقتۇر)، ناپاك ئەرلەر ناپاك ئاياللار ئۈچۈندۇر. پاك ئاياللار پاك ئەرلەر ئۈچۈندۇر، پاك ئەرلەر پاك ئاياللار ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇ (پاك ئەرلەر ۋە پاك ئاياللار) ئۇلارنىڭ (ناپاك ئەرلەر ۋە ناپاك ئاياللارنىڭ) ئېيتىۋاتقان بوھتانلىرىدىن پاكتۇر. ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت ۋە ئۇلۇغ رىزىق (جەننەت نېمەتلىرى) باردۇر.» (نۇر، 11 - 26 - ئايەتلەر)، دېگەن ئايەتلەر نازىل بولدى. بۇ ئون يەتتە ئايەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى

ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ پاكلىقى ھەققىدە ئىدى.

يەنە زۇقۇرد جېڭى. مەدىنىنىڭ چەت تەرىپىدىن بىر تۇپ ئەرەب تۆگە ئوغرىلىدى. نەتىجىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلاردىن تۆگىلەرنى قايتۇرۇپ ئالدى.

يەنە ھۇدەيبىيە غازىتى. ئەبۇقەتادە ئەنسارىي ساھابىلەردىن بىر جامائەت بىلەن ئۆمرىگە كەلدى. ئۇلار ئاۋۋال ئاسفانغا، كېيىن ھۇدەيبىيەگە چۈشتى. ھۇدەيبىيە قۇدۇق ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر شۇ نام بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ يەردە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا تاش ئېتىشىش بولۇپ ئۆتكەن.

يەنە خەندەك جېڭى. مەككە ئەھلى ئەرەبلەرنى توپلاپ، مەدىنىگە ئون ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن كەلدى، ئۇلار تۈرلۈك گوروھ - پىرقىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار مەدىنىنى قورشىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنى توسۇش ئۈچۈن خەندەك قېزىشنى بۇيرىدى. مۇشرىكلار خەندەكنىڭ نېرىسىدا ئون بەش كۈن ياكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك تۇرۇشتى. ئاللاھ ئۇلارغا سوغۇق شامالنى ئەۋەتتى، ئۇلار مەغلۇب بولۇشتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئەي مۇئمىنلەر، سىلەرگە (قارشى تۈرلۈك پىرقىلەردىن ئۇيۇشقان) قوشۇنلار كەلگەن چاغدا، بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە شامال ۋە سىلەرگە كۆرنمەيدىغان قوشۇنلارنى (پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتكىنىمىزنى – ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار! ئاللاھ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچى بولغان زاتتۇر. شۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ يۇقىرى

تەرىپىگىلاردىنمۇ، سىلەردىن تۆۋەنرەك تەرەپتىنمۇ (باستۇرۇپ) كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا كۆزلەر تولىشىپ، يۈرەكلەر بوغۇزلارغا تىقىلىپ قالغان ۋە سىلەر ئاللاھ ھەققىدە (تۈرلۈك) گۇمانلار قىلىشقا باشلىغان ئىدىڭلار. ئەنە شۇ جايدا مۇئمىنلەر (يەنە بىر قېتىم) ئىمتىھان قىلىنىدۇ ۋە (بۇ دەھشەتتىن) قاتتىق سىلكىنىشكە ئۇچرايدۇ. شۇ چاغدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا مەرەز بولغان (ئېتىقادلىرى زەئىپ بولغان) كىشىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە پەقەت يالغان ۋەدە قىلغان ئىكەن»، دېيىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇلاردىن بىر تائىپە ئادەم دېدى: «ئەي يەسرىب (مەدىنە) ئەھلى، سىلەر ئۈچۈن (بۇ قەدەر كۆپ سانلىق ياۋغا قارشى) تۇرۇش ئىمكانى يوقتۇر، بەس، (ئۆز ئۆيلىرىڭلارغا) قايتىپ كېتىڭلار». ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ بولسا «ئۆيلىرىمىز ئوچۇق (قالغان ئىدى)،» دەپ پەيغەمبەردىن ئىزنى سورايتتى. ھالبۇكى (ئۆيلىرى) ئوچۇق ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت (جەڭ مەيدانىدىن) قېچىشنىلا خاھلايتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ (مۇناپىقلارنىڭ) ئۈستىگە (مەدىنىنىڭ ھەممە) تەرەپلىرىدىن (باستۇرۇپ) كىرىسمۇ، كېيىن ئۇلاردىن پىتنە (مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىش) تەلەپ قىلىنسا، شەك - شۈبھىسىز ئۇلار كۆپ (ئىككىلىنىپ) تۇرماستىن (خىيانەتكە رازىلىق) بەرگەن بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئىلگىرى ئارقىغا چېكىنمەسلىكلىرى ھەققىدە ئاللاھقا ئەھدە - پەيمان بەرگەن، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدە - پەيمان بولسا (قىيامەت كۈنىدە) سورالغۇچى ئىدى. (ئەي مۇھەممەد)، ئېيتقىن: «ئەگەر سىلەر ئۆلۈشتىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن قاچساڭلار، بۇ قېچىش سىلەرگە بىر پايدا بەرمەيدۇ، دېمەك، سىلەر بەك ئاز (ئەجەللىرىڭلار يەتكۈچە) پايدىلىنىسىلەر، خالاس. ئېيتقىن: «ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، قايسى

www.uyghurkitap.com

بىر كىشى سىلەرنى ئۆنىڭدىن ساقلاپ قالىدۇ، ياكى ئۇ زات سىلەرگە مەرھەمەتنى ئىرادە قىلسا (كىم ئۇنى توسۇپ قالىدۇ)؟!» ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن ئۆزگە بىرەر دوست، بىرەر ياردەمچى تاپالمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى (جىھادقا) توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە ئۆز دوستلىرىغا «بىز تەرەپكە ئۆتۈڭلار» دەيدىغان كىشىلەرنى ئېنىق بىلىدۇ. ئۇلار جەڭگە كەمدىن - كەم، سىلەرگە (سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىپ، ئولجىلارغا ئىگە بولۇشۇڭلارغا) بېخىللىقى كەلگەن ھالدىلا كېلىدۇ. بەس، قاچان (ياۋ تەرىپىدىن) خەۋپ كەلسە، سىز ئۇلارنى ئۆلۈم ئوراب (شەيتانلاپ) قالغان كىشىدەك كۆزلىرى ئويناپ، سىز تەرەپكە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. قاچان خەۋپ كەتسە، ئۇلار ياخشىلىق (ئولجىلار) ئۈستىدە ئاچكۆزلۈك قىلىپ سىلەرنى ئۆتكۈر تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ. ئۇلار (چىن دىلىدىن) ئىيمان كەلتۈرمىگەندۇر، بەس، (شۇ سەۋەبلىك) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىھۇدە كەتكۈزىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاسان بولغان ئىشتۇر. ئۇلار (مۇناپىقلار قورقاقلىقى سەۋەبلىك كاپىر پىرقىلەر مەدىنە ئەتراپىدىن تارقاپ كەتكەندىن كېيىنمۇ) ئۇ پىرقىلەرنى كەتمىگەن دەپ ئويلايدۇ ۋە ئەگەر ئۇ پىرقىلەر (يەنە قايتىپ قالسا (مۇناپىقلار شەھەردە ـ سىلەرنىڭ ئىچىڭلەردە ئەمەس، بەلكى سەھرادا) كۆچمەنچى بەدەۋىيلەر ئارىسىدا بولۇپ، سىلەرنىڭ ئەھۋال - خەۋەرلىرىڭلار ھەققىدە سوراپ - بىلىپ تۇرۇشنى دوست تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولغاندىمۇ كەمدىن - كەم جەڭ قىلغان بولاتتى. (ئەي مۇئمىنلەر)، سىلەر ئۈچۈن ـ ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىدىن ئۈمىدۋار بولغان ھەمدە ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (ئىيمان - ئېتىقادى ۋە خۇلقى ئېتىۋارى)دە گۈزەل ئىبرەت باردۇر. مۇئمىنلەر

ئۇ پىرقىلەرنى كۆرگەن ۋاقتىدا: «بۇ ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىدۇر (ئىمتىھاندۇر). ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۆزى راستتۇر»، دېدى ۋە (ئۇستىلىرىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان پىرقىلەرنىڭ سان - ساناقسىزلىقى) ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا بولغان) ئىمان ۋە ئىتائەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلدى، خالاس. مۇئمىنلەر ئارىسىدا ئۆزلىرى ئاللاھقا بەرگەن (ئۇ زاتنىڭ يولىدا جىھاد قىلىپ، شەھىد بولۇش ھەققىدىكى) ئەھدە - پەيمانلىرىغا سادىق بولغان كىشىلەر باردۇر. بەس، ئۇلاردىن (بەزى) كىشىلەر ئۆز ئەھدىگە ۋاپا قىلدى، (شەھىد بولدى)، ئۇلاردىن (بەزى) كىشىلەر بولسا (شەھىد بولۇشقا) ئىنتىزاردۇر. ئۇلار (مۇناپىقلارغا ئوخشاش ئاللاھقا بەرگەن ئەھدە - پەيمانلىرىنى) ئۆزگەرتكىنى يوق. ئاللاھ (ئۆز ئەھدە - پەمانلىرىغا) سادىق بولغان كىشىلەرنى راستچىللىقى سەۋەبلىك مۇكاپاتلاش ئۇچۇن، مۇناپىقلارنى بولسا ئەگەر ئۆزى خاھلىسا (مۇناپىق ھالدا ئۆلتۈرۈپ) ئازابقا گىرىپتار قىلىش، ياكى تەۋبەلىرىنى قوبۇل قىلىپ (گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىش) ئۇچۇن (مەزكۇر ئىمتىھانغا دۇچار قىلدى). ئاللاھ مەغپىرەتلىك ۋە مېھرىبان بولغان زاتتۇر. ئاللاھ كاپىرلارنى (بىرلەشمە قوشۇننى) خاپا ھالدا قايتۇردى. ئۇلار بىرەر مەقسىتىگە يېتەكمىدى. ئاللاھ مۇئمىنلەرگە جەڭ توغرىسىدا كۇپايە قىلدى (ئاسماندىن شامال ۋە پەرىشتىلەر ئەۋەتىپ، مۇئمىنلەرنى جەڭسىز غالىپ قىلدى). ئاللاھ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولغان زاتتۇر.» (ئەھزاب سۈرىسى، 11 - 25 - ئايەتلەر) دېگەن سۆزى نازىل بولغان.

غازاتلاردىن يەنە بىرى بەنى قۇرەيزە جېڭى. مەدىنىدە يېقىندىكى يەھۇدىيلار بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم بار ئىدى. قۇرەيش قوشۇنى كەلگەندە ئۇلار ئەھدىنى بۇزدى. ئاللاھ قۇرەيشنى

مەغلۇب قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلدى ۋە قامال قىلدى، ھەتتا ئۇلار سەئد ئىبنى مۇئازنى ئارىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا رەيىنلىدى. ئۇ زات ئۇلارنىڭ جەڭچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. ئۇلار تۆت يۈز ئەللىك كىشى ئىدى. (كۆپرەك ئىدى، دېگەن گەپمۇ بار). ئۇلار ئىچىدە ھۇيەي ئىبنى ئەختەب ئىبنى ئۇسەيدمۇ بار ئىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئۇ مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەن، ئەھلى كىتابتىن بولغان كىشىلەرنى (ئاللاھ) ئۇلارنىڭ قەلئەلىرىدىن چۈشۈردى ۋە دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئەمدى سىلەر (ئۇلاردىن) بىر گۇرۇھنى ئۆلتۈرۈپ، بىر گۇرۇھنى ئەسىر ئالدىڭلار.» (ئەھزاب سۈرىسى، 26 - ئايەت) دېگەن سۆزى نازىل بولدى.

يەنە زاتۇررىقا جېڭى. بۇ غازاتتا خەۋپ نامىزى ئوقۇلدى. يولنىڭ مۇشەققەتتىن پۇتلىرى قاناپ كەتكەن ساھابىلەر ئاياغلىرىغا لاتا ئورىۋېلەشقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەڭ زاتۇررىقا (ياماقلىقلار جېڭى) دەپ ئاتالدى.

يەنە خەيبەر جېڭى. بۇ غازات ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلىدا بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قەلئەنى پەتھى قىلدى ۋە ئۇنى ئىگەللىدى.

يەنە مۇئتە جېڭى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلارغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئەمىر قىلدى. ئەگەر ئۇ شەھىد بولسا، جەئفەر تەييار ئەمىر بولسۇن، ئۇمۇ شەھىد بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئەمىر بولسۇن ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىسى ئەمىر بولسۇن دەپ تەيىنلىدى.

يەنە ئەنمار جېڭى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن

چىقتى، لېكىن جەڭ بولمىدى.

يەنە مەككە پەتھى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت ئون مىڭ قوشۇن بىلەن ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلىدا مەككىنى فەتھ قىلدى. مەككە ئىسلامغا تولۇق تەسلىم بولدى.

يەنە بەنى خۇزەيمە جېڭى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدنى مەككىگە كىرگەندىن كېيىن، بەنى خۇزەيمىگە ئەۋەتتى. ئۇ زات ئۇلارنى ئەسىر ئالدى. ئۇلار مۇسۇلمانلىقنى دەۋا قىلىشاتتى، لېكىن خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقنى تەستىقلىمىدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ئېلىنغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ دىيىتىنى تۆلەشنى بۇيرىدى.

يەنە ھۇنەيىن جېڭى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدىن نېرى ھاۋازىنغا چىقتى. ئۇ زات بىلەن بىرگە ئون ئىككى مىڭ كىشى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار سان جەھەتتە كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلىنىپ كەتتى. ئاللاھ ئۇلارنى مەغلۇبىيەت بىلەن جازالىدى، كېيىن ئۇلارغا ياردەم بەردى ۋە نۇسرەت ئەۋەتتى. كېيىن مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. بۇ كۈن ئەۋتاس دەپ ئاتالدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئاللاھ سىلەرنى كۆپ ئورۇنلاردا غالىپ قىلدى. ھۇنەيىن (مەككە بىلەن تائىف ئوتتۇرىسىدىكى بىر ۋادىي) كۈنىنى (ئەسلەڭلار)! شۇ چاغدا سىلەرنى كۆپ ئىكەنلىكىڭلار مەغرۇر قىلىپ قويغان ئىدى، ئەمما ئۇ (سانىڭلارنىڭ كۆپلىكى) سىلەرگە ئەسقاتمىدى (قۇتقۇزالمىدى) ۋە سىلەرگە كەڭ زېمىن تارلىق قىلدى، كېيىن يۈز ئۆرىگەن ھالدا قاچتىڭلار!» (تەۋبە، 25 – ئايەت) دېگەن سۆزى نازىل بولغان.



ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يەنــە تائىــف جېڭــى. رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالام ھۆنەيــن جېڭىدىــن كېيىن تائىفقــا قــاراپ يــۈرۈدى ۋە ئۇلارنــى قىرىــق كــۈن قامــال قىلىــپ، فەتھــى قىلدى.

يەنــە دەۋمەتۇلجەنــدەل جېڭــى. رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىســسالام ئابدۇررەھمــان ئىبنــى ئەۋفنــى ئــۇ يەرگــە يەتتــە يــۈز كىشــى بىلــەن ئەۋەتتــى. ئــۇلار ســۇلھى تــۈزۈپ، ئۇرۇشــتىن ســاقلاندى. ئــەۋف دەۋمەتۇلجەندەلــدە ياشــاپ قالــدى ۋە ئەســبەغ ئىبنــى ئۆمــر كەلبىينىــڭ قــىزى ئەترگــە ئۆيلەنــدى. ئەبۇســەلەمە ئىبنى ئابدۇررەھمــان شــۇ ئانىدىــن دۇنياغــا كەلگەنــدۇر.

كاتتــا غازاتلاردىــن بىــرى تەبــۇك جېڭىــدۇر. مۇســۇلمانلار بــۇ جەڭــدە زەپــەر قۇچتــى ۋە كــۆپ ئولجــا ئالــدى.

يەنــە ئابدۇررەھمــان ئىبنــى ئــەۋف رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ دەۋمەتــۇل جەندەلگــە بېرىشــىدىن بــۇرۇن، خالىــد ئىبنــى ۋەلىــد ســەككىز يــۈز كىشــى بىلەن ئۇلارغــا ئەۋەتىلگــەن ۋە كــۆپ ئولجــا ئالغــان ئىــدى.

غازاتلاردىــن يەنــە بىــرى نەجــد تەرەپتىكــى جەڭــدۇر. باشــقا بىــز زىكىر قىلمىغــان جەڭلــەر ھەققىــدە تەپســىلى بىلىشــنى ئــارزۇ قىلغــان كىشــى، «ئەلمەغازىــي» دېگــەن كىتابنــى ئوقۇســۇن.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بىر يۈز ئەللىك سەككىزىنچى باب: مەكرۇھ نەرسىلەر ھەققىدە

فەقىھ ئېيتىدۇ: بەش ئورۇندا سۆزلىشىش مەكرۇھتۇر: تاۋۇت ئارقىسىدىن كېتىۋېتىپ؛ قۇرئان ئوقۇۋېتىپ؛ خۇتبە ۋە زىكرى مەجلىسىدە؛ ھاجەتخانىدا؛ جىما ۋاقتىدا.

بەش ئورۇندا قاراش مەكرۇھ سانىلىدۇ: نامازدا ئۆگزە ۋە سولغا؛ ئادەملەرنىڭ ئۆيى ئىچىگە؛ ھاممام ۋە باشقا جايدا ئىنسانلارنىڭ ئەۋرەتلىرىگە؛ دۇنيا ئىشلىرىدا ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىگە رىغبەت بىلەن قاراش ۋە دىن ئىشىدا ئۆزىدىن پەس كىشىگە قاراش (ئەگىشىش).

بەش نەرسىگە قۇلاق سېلىش مەكرۇھ: بىھۇدە گەپكە، ساز – قوشاققا (ناخشا - ئۇسسۇلغا)؛ ئۆلۈككە يىغلىغۇچىغا؛ باتىل ۋە ئارتۇقچە گەپكە؛ پىچىرلاپ گەپلىشىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ گېپىگە؛ ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە. بەش ئورۇندا كۈلۈش مەكرۇھ سانىلىدۇ: جىنازا ئالدىدا؛ قەبرە ئالدىدا؛ مۇسىبەتلىك كىشى ئالدىدا؛ قۇرئان قىرائىتى ۋاقتىدا ۋە ئاللاھنى زىكرى قىلىۋاتقان چاغدا.

بىكاردىن - بىكارغا كۈلۈش مەجنۇنلۇق ئالامىتىدىن، دەپ سانىلىدۇ.

ئادەملەر بۇرۇن ۋە چىشنى ئالتۇندىن قىلىشتا ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. ئەبۇ ھەنىفە (رەھمەھۇللاھ) كۈمۈشتىن قىلسا زىيان يوق، ئالتۇندىن قىلىش

جائىز ئەمەس دېگەن. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زىيىنى يوق، دەيدۇ. بىز شۇ سۆزنى ئالىمىز.

خەۋەردە كېلىشىچە، ئۇرفاجا ئىبنى ئەسئەد جاھىلىيەتتە كىلوب كۈندە بۇرنىدىن جاراھەتلەندى ۋە كۈمۈشتىن بۇرۇن قىلىۋالدى، كېيىن ئۇ سېسىپ كەتتى. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئالتۇندىن بۇرۇن قىلىۋېلىشنى بۇيرىدى.

بەش كۈندە روزا تۇتۇش مەكرۇھ سانىلىدۇ: روزا ھېيت كۈنى؛ قۇربان ھېيت كۈنى ۋە ئۇنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن.

بەش ۋاقىتتا ناماز ئوقۇش مەكرۇھ سانىلىدۇ: ئەسىر نامىزىدىن كېيىن شام نامىزىنى ئوقۇغۇچە؛ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بامدادنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىدىن باشقىسى؛ بامداد نامىزىدىن كېيىن قۇياش چىققۇچە؛ قۇياش تىكلەنگەندە؛ جۈمە خۇتبىسى ۋاقتىدا.

ئۈچ ۋاقىتتا پەرز ناماز مەكرۇھ سانىلىدۇ: قۇياش چىقىۋاتقاندا؛ قۇياش تىكلەنگەندە؛ قۇياش پېتىۋاتقان ۋاقىتتا شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزىدىن باشقا. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابخۇمار بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

# بىر يۈز ئەللىك توققۇزىنچى باب: دۇئالار ھەققىدە

پەقىھ ئېيتىدۇ: ئابىد كىشى ھەر ۋاقىت ئاللاھقا دۇئا قىلىشى، ھاجەتلىرىنى سورىشى مۇستەھەبتۇر. مانا شۇ بەندىلىك ئالامىتىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ سۆيۈملۈكى — ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورايدىغان كىشىدۇر. ئاللاھ تەئالاغا بەندىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى — ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولغان كىشىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئادەملەرگە ئەڭ ياخشىسى ئۇلاردىن بىھاجەت بولغىنى، ئۇلاردىن بىرەر نەرسىنى سورىمىغىنى. بەندىلەرنىڭ ئادەملەرگە ئەڭ يامىنى ئۇلاردىن سورايدىغىنى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تەئالاغا دۇئادىن ئۇلۇغراق بىرەر نەرسە يوق»، دېگەن. يەنە: «دۇئا — ئىبادەت»، دېدى. كېيىن ئاللاھ تەئالانىڭ: «پەرۋەردىگارىڭلار: ‹ماڭا دۇئا - ئىلتىجا قىلىڭلار، مەن سىلەرگە (قىلغان دۇئالىرىڭلارنى) ئىجابەت قىلىمەن›، دېدى. ئەلۋەتتە ماڭا ئىبادەت قىلىشتىن كىبىر - تەكەببۇرلۇق قىلغان كىشىلەر يېقىندا بويۇنلىرىنى ئەگكەن ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ.» (غافىر، 60 – ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئوقۇدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بەندە ئالدىراپ كەتمىسىلا ھەمىشە ياخشىلىقتىدۇر.»، دېدى. ئۇ زاتتىن: «بەندە قانداق قىلىپ ئالدىرايدۇ؟»، دەپ سوراشتى. ئۇ: «مەن دۇئا قىلدىم، ئەمما ئىجابەت قىلىنمىدى، دەپ

ئالدىرايدۇ»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «بەندە دۇئا قىلسا، ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئۇنىڭغا سورىغان نەرسىسىنى بېرىدۇ ياكى سورىغىنىدىن چوڭراق بىر بالانى ئۇنىڭدىن دەپئى قىلىدۇ ياكى سورىغىنىدىن ياخشىراق نەرسىنى قىيامەتكە ساقلاپ قويىدۇ»، دېدى.

ئەئمەش ئىبراھىمنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىرىلار چۈشىدە يامان نەرسىنى كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن، ‹ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە رەسۇلى پاناھ تىلىگەن نەرسە بىلەن چۈشۈمدە كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ماڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زەرەر بېرىشىدىن پاناھ تىلەيمەن›، دېسۇن، چۈنكى بۇ ئۇنىڭغا ئاللاھ تەئالانىڭ ئىزنى بىلەن زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىرىلار يامان چۈش كۆرسە، سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھتىن پاناھ تىلىسۇن، شۇنداق قىلسا ئۇنىڭغا زەرەر بەرمەيدۇ»، دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «قاچانكى ئۆيلەنسەڭ، خوتۇنۇڭغا دېگىن، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، كېيىن ئۇنىڭ بېشىدىن تۇت ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم، ماڭا ئائىلەمدە ۋە ئائىلەمگە مەندە بەرىكەت بەر، مېنى ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنى مەندىن رىزقلاندۇر، بىزنى ياخشىلىقتا جەملىگەن نەرسەڭ بىلەن جەملە ۋە ئايرىمىزنى ئۆزەڭ ئاجراتقان ياخشى نەرسە بىلەن ئاجرات›، دېگىن»، دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر بىرىڭلار ئايالىغا يېقىنلاشسا، ‹ئى پەرۋەردىگارىم، شەيتاننى مەندىن ۋە مېنى رىزقلاندۇرىدىغان نەرسىدىن ئۇزاقلاشتۇر›، دېسۇن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بالا تۇغۇلسا، شەيتان ئۇنىڭغا ئاللاھ تەئالانىڭ ئىزنى بىلەن زەرەر بەرمەيدۇ»، دېگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان نېئمەت ئائىلىدە ياكى مالدا ياكى پەرزەنتتىدۇر. ئەگەر بەندە: ‹ما شائاللاھۇ لاھەۋلە ۋە لاقۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھ›، دېسە، ئۇنىڭدىن ئۆلۈمدىن باشقا بالايىئاپەتنى كۆتۈرىۋېتىدۇ»، دېدى، ئارقىسىدىن: «سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: ‹ئاللاھ خالىغان نەرسىلا (بولىدۇ)، بارلىق كۈچ - قۇۋۋەت يالغۇز ئاللاھقا خاستۇر›، دېسەڭ ئىدى!» (كەھف، ـ39 ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

مۇجاھىد ئېيتىدۇ: «ئەگەر ساڭا بىرەر خۇشاللىق بولسا، ما شائاللاھۇ لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللاھ بىللاھ، ___ ياخشىلىقلارنى پەقەت ئاللاھ كەلتۈرىدۇ، يامانلىقلارنى پەقەت ئاللاھ كەتكۈزىدۇ، دېگىن، كېيىن خۇشاللىقنى يۈزۈڭگە چىقار.»

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىمنى بىر زالالەت ئاداشتۇرۇپ قويسا، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، تەشەھھۇدتىن كېيىن: ‹ئى پەرۋەردىگار، ئى ئاداشقۇچىلارنى ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ئادىششتىن توسقۇچى، ئۆز ئىززىتىڭ ۋە سۇلتانلىقىڭ بىلەن مېنى ئاداشتۇرۇشتىن ساقلا، چۈنكى بۇ سېنىڭ پەزلىڭ ۋە مەرھەمىتىڭدىندۇر›، دېسۇن»، دەيدۇ.

سۇفيان سەۋرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نىسبەت بېرىپ

ئېيتدۇكى: «ئەگەر ئايال تۇغۇشقا قىينالسا، ‹بىسسىمىللاھىللەزىي لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ھۇۋەل ھەلىمۇلكەرىيم، سۇبھانە رەببىل ئەرشىل ئەزىيم. ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن، دەپ يازسۇن›، دېدى.» سۇفيان بۇ كەلىمىلەرنى جامغا يېزىپ، ئۇنى سۇ بىلەن چايقاپ ئىچىشنى ئېيتقان.

ئۇبان ئوسماندىن رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى كۈن پاتقاندا: ‹بىسسىمىللاھىللەزىي لا يەزۇررۇ مەئىسمىھى شەيئۇن فىلئەرزى ۋەلا فىسسەمائ ۋە ھۇۋەسسەمىئۇلئەلىيم›، نى ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم ئېيتسا، تاكى كەچكىچە، كېچىسى ئېيتسا، تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭغا بالا كەلمەيدۇ»، دېدى.

ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى، مەندە مېنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان دەرىجىدە قاتتىق ئاغرىق بار ئىدى. ئۇ زات: ‹ئوڭ قولۇڭ بىلەن يەتتە قېتىم ئاغرىق يېرىنى سىلا ۋە: ‹ئەئۇزۇ بىللاھى ۋە قۇدرەتىھى مىن شەررى ما ئەجىدۇ› (ئاللاھ ئىززىتى ۋە قۇدرىتى بىلەن ئۆزەم تاپقان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن)، دېگىن›، دېدى.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسلامغا يېڭى كىرگەن بىر كىشى: ‹كېچە ئۇخلىيالمىدىم›، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سەۋەبىنى سورىدى. ئۇ چايان چاققانلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ‹ئەگەر سەن ‹ئەئۇزۇ بىكەلىماتىللاھىتتامماتى كۇللىھا مىن شەررى ما خەلەق›، دېگەن بولساڭ، ئىنشائاللاھ، چايان ساڭا زەرەر بەرمەس ئىدى›، دېدى.»

بەزى ساھابىلەر: «كىم چۈشكۈرگەندە ‹ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىلئالەمىين

ئـالا كۈللـى هـال›، دېسـە، هـەر قانـداق چـش ئاغرىقـدىـن ئەمـىن بولـىدۇ»، دېيىشكەن.

رەسـۇلۇللاھ ئەلەيھىسسـالام: «كـىم چۈشـكۈرگەن ئادەمدىـن بـۇرۇن ‹ئەلھەمـدۇ لىللاھـى رەببىلئالەمىـن›، دېسـە، چـش، قـۇلاق ۋە قورسـاق ئاغرىقـدىـن ئەمـىن بولـىدۇ»، دېـدى. يەنـى، چۈشـكۈرگەن ئادەمدىـن بـۇرۇن چۈشـكۈرمىگەن ئـادەم ئەلھەمـدۇ لىلـلاھ، دېسـە.

ئىبنـى مەسـئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ: «بەقـەرە سۈرىسـىدىن ئـون ئايـەت ــــ بېشـىدىن تـۆت ئايـەت، ئايەتۇلكۇرسـى ۋە ئۇنىدـن كېيىنكـى ئىككـى ئايـەت، سـۈرىنىڭ ئاخىرىدىكـى ئـۈچ ئايەتنـى ئەتىگەنـدە ئوقۇسـا، كەچكىچـە بـۇ ئۆيگـە شـەيتان كىرمەيـدۇ، ئەگـەر كېچىنىـڭ ئاۋۋىلـىدا ئوقۇسـا، تـاڭ ئاتقۇچـە كىرەلمەيـدۇ. ئەگـەر مەجنۇنغـا ئوقۇلسـا، ئۆزىگـە كېلىـپ قالـىدۇ»، دېـدى.

بـۇرۇن ئۆتكەنلەرنىـڭ بەزىلـىرى ئېيتـىدۇ: «كىمگـە نېئمەتلـەر جەملەنسـە، ئاللاھقـا ھەمـدۇ ئېيتىشـنى كۆپەيتسـۇن، كىمنىڭ غېمى كۆپەيسـە، ئىسـتىغفارنى كـۆپ ئېيتسـۇن، ئەگـەر كەمبەغەللىـك ئۇنىڭغـا قاتتىـق يېپىشۋالسـا، «لا ھەۋلـە ۋەلا قۇۋۋەتـە ئىلـلا بىللاھ»نـى كـۆپ ئېيتسـۇن.

جەئفـەر ئىبنـى مۇھەممـەد رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ: «تـۆت نەرسـە بىلـەن بالاغا ئۇچرىغـان ئادەمنىـڭ تـۆت نەرسـىدىن غەپلەتتـە قالغانلىقىدىـن ئەجەبلەنىدـىم: غـەم - تەشـۋىش ۋە بالاغـا ئۇچـراپ، «لا ئىلاھـە ئىلـلا ئەنتـە سـۇبھانەكە ئىننىـي كۇنتـۇ مىنەززالىمىـن»، دېمىگـەن كىشـىدىن. بىـر نەرسـىدىن قورقـۇپ «ھەسـبۇنەللاھۇ ۋە نىئمەلۋەكىيـل»، دېمىگـەن كىشـىدىن ئەجەبلەنىدىم، چۈنكى ئاللاھ تەئـالا «بەلكـى، پەرۋەردىگارىـم ماڭـا سـېنىڭ بىغىڭدىـن ياخشـىراق (بىـر

باغ) ئاتا قىلار» (كەھف سۈرىسى 40-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن. ئادەملەردىن قورقۇپ، «ئۇفەۋۋىزۇ ئەمرىي ئىلەللاھ»، دېمىگەن كىشىدىن ئەجەبلەندىم. جەننەتنى خاھلاپ تۇرۇپ، «ما شائاللاھۇ لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ»، دېمىگەن كىشىدىن ئەجەبلەندىم.

تەۋفىق ئاللاھتىندۇر ۋە ئاللاھ ھەر بىر قىينچىلىقتا كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھتىن توغرىلىق ۋە ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلىشنى سورايمەن. سەييىدىمىز، خاتەمۇلئەنبىيا، رەسۇللەر ئىمامى مۇھەممەد مۇستافاغا، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتىغا ۋە ساھابىلىرىگە قىيامەت كۈنىگە قەدەر سالاۋات ۋە سالاملار بولسۇن!